

ISSN 1008-6498










ماقالىسى 1 ـ دەرىجىلىك باھالانغان ئاپتورلار





ماقالىسى 2 ـ دەرىجىلىك باھالانغان ئاپتورلار



نىڭشيادىكى ئىسلام مىمارچىلىقى



مۇنەۋۋەر مۇخبىرلار



نىڭشيادىكى قۇمكۆل ساياھەت رايونىدا

● شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق ●

# بۇ ساندا

## «تىلماچلار چايخانىسى»دىكى پاراڭلار

ئىشنى ئاخىرىغىچە بېجىرەيلى ... ئەلنىڭ كۆزىنى بويىماي دۇرۇس ئىش قىلايلى ... «يامان بولىدىغان ئىشنى يەنىلا ئۆزۈم قىلاي» ........................ ئاسىمجان ئابلىمىت (ت) 2

## ئائىلە ــ مەدەنىيەت بۆشۈكى

بىر ئائىلە ــ بىر مەكتەپ ............................ يالقۇن روزى 6

## بىز باسقان يوللار

لوپنۇر زىيارىتىدىن تۇغۇلغان ھېسلار ............ ئابدۇكېرىم رەھمان 11

## ئوبزورچىلار مۇنبىرى

«... ئوچۇق خەت»كە ئوچۇق خەت ............ مەتتۇرسۇن ئېلى 25

## ھېكايەت ھاسلاتلىرى

ھېكايەتتىن ھاسلاتلار ............ ئابدۇرېھىمجان يۇسۇپ ئۇمىد 33

## ئەدەبىيات گۈلزارى

ھاراق (6)............ (ھېكايە) ............ ئابلىكىم ئەبەيدۇللا 43

## مەن كۆرگەن دۇنيا

تۈركىيە تەسىراتلىرى ............................ ئادىل خالىقجان 56
ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئەدەبىيات ............................ ئوسمان قاۋۇل 65
دېڭىز بويىدىكى نەم خىياللار ............................ رۇقىيە ئابدۇللا 69

مۇقاۋىدا: ئەتلەس جۇلاسى
ئابلىز ئابدۇللا فوتوسى

شىنجاڭ مەدەنىيىتى
( 62 ـ يىل نەشرى )

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2013 ـ يىلى 6 ـ سان
(ئومۇمىي 324 ـ سان)

تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى:
مۇختار مەخسۇت

تەھرىر ھەيئەتلەر
(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇقادىر جالالىددىن
ئارسلان ئابدۇللا
ئازات سۇلتان
ئادىل تۇران
بەگمەت يۇسۇپ
جالڭ خوگچاۋ
دىلشات پەرھات
قۇربان مامۇت
ئىمىن ئەخمىدى

ژۇرنال قانۇنىي ۋەكىلى،
دائىمىي مۇئاۋىن
باش مۇھەررىر،
بەگمەت يۇسۇپ
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

بۇ ساننىڭ ئىجرائىيە
مۇھەررىرى ۋە
تېخنىك رېداكتورى:
ئايگۈل ئەمەت
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)




# ئىشنى ئاخىرىغىچە بىجىرەيلى

ليۇ ۋېي

تۆۋەنگە چۈشۈپ تەكشۈرۈشتە بولغان بىر رەھبىري كادىرنىڭ دەپ بېرىشىچە، بەزى پارتىيەۋىلىك كادىرلاردا خىزمەتنى پۇختا ئىشلىمەيدىغان ئەھۋال مەۋجۇت ئىكەن، پىلاننى ئىنچىكە تۈزىدىكەن، خىزمەتنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرىدىكەن، خۇلاسە قىلغاندا گۈل كەلتۈرۈۋېتىدىكەن، ئەمما ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كەلگەندە بوشاپ قالىدىكەن. «چوڭ سۆزلەپ، قۇرۇق ۋەدە بېرىش»كە ياكى بولمىسا مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، مەسىلىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىشكە تەييار تۇرىدىكەن. ھەل بولۇشقا ئاز قالغان ئاممىنىڭ دەۋا- تەلەپلىرىمۇ ئىزىدا توختاپ قالىدىكەن. بۇنداقلار دەل قۇرۇق رەسمىيەتچىلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان تىپىك بيۇروكراتىزملىقنى «قالقان» قىلىۋالغانلاردۇر.

«ئىشنىڭ ئاخىرى چۈشمەسلىك»نىڭ سەۋەبى، ئەمەلىي ئىش قىلىش ئىدىيەسىنىڭ كەمچىل بولغىنىدا، «قىلسام قىلمىسام كىم باشقۇراتتى، خاتا قىلىپ قويسام مەسئۇلىيەتنى مەن ئۈستۈمگە ئالامتىم» دەيدىغان خاتا تونۇشنىڭ، قىيىن ئىشتىن قاچىدىغان، مەسىلىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە باش قاتۇرمايدىغان، قىيىن مەسىلىگە يولۇققاندا ئامال قىلىپ كەينىگە سۆرەيدىغان، زىددىيەتلىك مەسىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلماي، بىر چەتكە تاشلاپ قويۇپ كارى بولمايدىغان ناتوغرا ئىدىيە ۋە خاھىشلارنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىدىن بولغان. ھازىرغىچە ھەل بولماي كېلىۋاتقان بىر قىسىم كونا مەسىلىلەرنىڭ يىغىلىپ تۇرۇۋېرىشى، زىددىيەتلەرنىڭ ھەل بولماي ئاينىپ كېتىشى، ئاممىۋى مۇلازىمەتلەرنىڭ جايىدا بولمايۋاتقانلىقىدەك كۆندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى بىر قاتار مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى يۇقىرىقى ئىدىيەدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

«ئىشنى ئاخىرىغىچە قىلىش»تا يەنىلا ئەمەلىي ئىش قىلىشقا تايىنىدىغان گەپ، پارتىيەمىزمۇ تارىختىن بۇيان ئەمەلىي ئىش قىلىش ئىدىيەسىنى تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن. يولداش ماۋزېدۇڭمۇ «پارتىيە ئەزالىرى چوقۇم ئەستايىدىل ئەمەلىي ئىش قىلىشى كېرەك»، «بىر ئىشنى قىلغانىكەنمىز چوقۇم ئاخىرىغىچە قىلىشىمىز، ئاخىرقى غەلىبىنى

تەرجىمە كۆزنىكى

قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك» دېگەنىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭمۇ «دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى قول سېلىپ ئىشلىگەندىن بولىدۇ، ئەمەلىي ئىش قىلمىساق، ماركسىزمنىڭ قىلچىلىك رولى بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتمە بەرگەن.

بۈگۈنكى كۈندە، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش قەدىمىمىز ئۆتكەللىك باسقۇچقا، سۇنىڭ چوڭقۇر يېرىگە كېلىپ قالدى، سانسىزلىغان ئەگرى-توقاي، مۇشەققەتلىك «ئاخىرى چىقماس ئىشلار»نىڭمۇ ئاخىرى چىقمىسا بولمايدىغان ۋاقتى كەلدى. پارتىيەنىڭ نۆۋەتتىكى ئاممىۋى لۇشيەننى ئەمەلىيەتتە ئىزچىللاشتۇرۇش پائالىيىتى نۇقتا قىلغان «تۆتنى تۈزەش» ھەرىكىتىمۇ، ئاممىنىڭ قېپقالغان «ئاخىرى چىقماس ئىشلىرى»نى تەلتۆكۈس ھەل قىلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن ئاممىنىڭ رايىغا بېقىشىمىز كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ.

بۇ ئەسەر «خەلق گېزىتى» 2013-يىلى 28-ئاۋغۇست سانى 5-بېتى «ئوبزور» سەھىپىسىدىن ئاسىمجان ئابلىمىت تەرجىمىسى

# ئەلنىڭ كۆزىنى بويىماي دۇرۇس ئىش قىلايلى

ياڭ چاۋچىڭ

خۇبېي ئۆلكىسىدىكى بىر مۇنەۋۋەر ئاھالە كومىتېتىنى تەكشۈرۈۋاتقىنىمىزدا، بۇ يەرنىڭ كۇتۇپخانىسىنىڭ تولىمۇ ئازادە ۋە يورۇقلۇقىنى، كىتاب-ژۇرناللارنىڭ تۈرلىرىنىڭمۇ شۇنچە كۆپلۈكىنى كۆرۈپ باركاللا ئېيتتۇق. ئەمما تەپسىلىي كۆزەتكەندىن كېيىن، كىتابلارنىڭ يېپيېڭى بەتلىرىدە ھېچقانداق ۋاراقلانغان ئىزنالارنى بايقىمىدۇق؛ ئىشكاپلارنىڭ سەل ئىچكىرىسىگە تېخى پېچەتتى ئېچىلمىغان كىتابلار يېپقا چىگىلگەن ھالدا تىزىپ قويۇلغانىدى.

ئوقۇرمەنلىرى بولمىغان قىرائەتخانا ۋە «چاڭ-توزان قونمىغان» يېڭى كىتابلار، تېگى-تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بيۇروكراتىزمنىڭ ئىپادىسى ئىدى. بۇ «تېشى پال-پال، ئىچى غال-غال» كۇتۇپخانىغا خېلى كۆپ مەبلەغ سېلىنغىنى بىلەن، پەقەت يۇقىرىنىڭ تەكشۈرۈشىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈنلا ياساپ قويۇلغاندەك قىلاتتى.

ئاممىۋى مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ماھىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئاممىۋى ئەسلىھەلەرنىڭ ئىشلىتىلمەي تاشلىنىپ قېلىشى، ئۆز ئورنىنى تاپالماسلىقىدەك ئەھۋاللارنىڭ يىلتىزى دەل «يۇقىرى»نىڭ كۆزىنى بوياپ، ئەپلەپ-سەپلەپ تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈندۇر. «تاشقى قىياپىتى»گىلا ئەھمىيەت بېرىش نەتىجىسىدە، بۇ كۇتۇپخانىنىڭ قىرائەتخانىسى ئىجتىمائىي ئاساسىدىن مەھرۇم قېلىپ، قۇرۇق شەكىلگە ئايلىنىپ قالغان. ھەقىقىي ئەلگە قولايلىق، ئەلگە نەپ يەتكۈزىدىغان كۇتۇپخانا قۇرىمىز دەيدىكەنمىز چوقۇم ئالدى بىلەن ئەل رايىغا بېقىشىمىز، ئامال قىلىپ ئامما ئۈچۈن سورۇن ھازىرلاپ بېرىشىمىز كېرەك. يۇقىرىغىلا قارىۋالماي، تۆۋەنگىمۇ كۆپرەك نەزەر سېلىپ، كۇتۇپخانىغا كومىتېتتىكى ئاھالىلەرنى باشلاپ كىرىشىمىز، ئامما ياقتۇرۇپ كۆرىدىغان كىتابلارنى تاللاپ ئەكىرىشىمىز كېرەك، مانا بۇلار ئاھالىلەرنىڭ كومىتېتقا بولغان قايىللىقىنى ئاشۇرۇپ، ئاممىنىڭ پاراۋانلىقىنى ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرىدىغان مۇھىم ئامىللاردۇر.

بيۇروكراتىزملىق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئامما بىلەن بولغان «ئارىلىق»نى يوق قىلىش ئۈچۈن، «كىم ئۈچۈن قىلىمىز، كىمگە تايىنىمىز، مەن كىم؟» دېگەن سوئاللارغا قايتىدىن جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار پەقەت ئاممىنىڭ غېمىنى يېيەلىسە، ئاممىنىڭ ئۇتىدا كۆيەلىسە، رەھبەرلىك ئىدىيەسىنى توغرىلاپ، كىشىلىك قىممەت قارىشىنى قايتىدىن رەتكە تۇرغۇزۇپ، مەدەنىيەت ۋە مەرىپەتكە ھەقىقىي ئەھمىيەت بېرەلىگەندىلا، ئاندىن «يېڭى كىتابلارنى پېچەتتىن چىقىرىپ»، ئاممىا بىلەن بولغان «ئارىلىق»نى تەلتۆكۈس تۈگەتكىلى بولىدۇ.

بۇ ئەسەر «خەلق گېزىتى» 2013-يىلى 28-ئاۋغۇست سانى 5-بېتى «ئوبزور» سەھىپىسىدىن ئاسىمجان ئابلىمىت تەرجىمىسى

# «يامان بولىدىغان ئىشنى يەنىلا ئۆزۈم قىلاي»

گۇ بوچۇڭ

1984 ـ يىلى 1 ـ نويابىر، دۆلىتىمىز چوڭ كۆلەملىك ئەسكەر قىسقارتىش پىلانىنى يولغا قويۇش ئالدىدىكى بىر قېتىملىق چوڭ يىغىندا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق بىر مەردانە سۆزنى قىلغانىدى: «ئەسكەر قىسقارتىش كىشىگە يامان بولىدىغان ئىش، يامان بولىدىغان ئىشنى يەنىلا ئۆزۈم قىلاي!». بۇ ئىشقا 30 يىل بولاي دەپ قالغان بولسىمۇ، «يامان بولىدىغان ئىشنى يەنىلا ئۆزۈم قىلاي» دېگەن بۇ گەپنى قانچە ئويلىساق، قانچە تېگىگە يەتسەك، شۇنچە جايىدا، شۇنچە ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىلغانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

بۇ ئىش مۇنداق بىر ھېكايىنى ئېسىمىزگە سالىدۇ. ئۆتمۈشتە، ئۇن بوۋاي بىر كۆنى يىغىلىشماقچى بوپتۇ، ئۇلار ھەر بىرەيلەن ئۆزى ئېچىتقان ھاراقتىن بىر قاپاق ئېلىپ كېلىپ، ھەممىسنى بىر كوزىغا تۆكۈپ، پۇخادىن چىققۇچە ئىچىشەيلى دېيىشىپتۇ. بىر بوۋاي: «ئەكەلگەن ھاراقنىڭ ھەممىسنى قوشۇپ ئىچىدىغان بولغاندىن كېيىن، بىر قاپاق سۇ ئېلىپ بارسامۇ ھېچكىم بايقىۋالالمايدىغۇ» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، يىغىلىشقا بىر قاپاق قايناق سۇ ئېلىپ بېرىپتۇ. نەتىجىدە، ئۇن بوۋاي بىر يەرگە يىغىلىپ قوشقان ھارىقنى ئىچىپ باقسا، ئېچكەن ھاراقنىڭ ھەممىسى قايناق سۇ بولۇپ چىقىپتۇ. ئۇلار زورىغا كۆلۈمسىرەپ بىر ـ بىرىگە قارىشىپتۇ، ھەممىسى ئىچىدە بىلىشىپ تېشىغا چىقارماپتۇ، يەنە تېخى بىلمەسكە سېلىۋېلىپ، «ھەقىقەتەنمۇ ياخشى ھاراقكەن» دېيىشىپ ئۆزئارا ماختىشىپتۇ.

نۆۋەتتە، مۇشۇنداق ھەق ـ ناھەق، توغرا ـ خاتانى ئىچىدە ئوبدان بىلسىمۇ، خەققە يامان بولۇشتىن قورقۇپ كۆزنى يۇمۇۋالىدىغان ئەھۋاللار بىر قىسىم جايلار ۋە ئىدارە ـ ئورۇنلاردا بىر قەدەر ئومۇملىشىپ كەتتى. بەزى رەھبىري كادىرلار «يۇملاق تاۋۇز»لۇق خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈپ، «مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلاشمىغان ياخشى» دەيدىغان جاھاندارچىلىق يولىغا كىرىۋالدى، ئاڭلاپ تۇرۇپ گاس بولۇۋالدى، كۆرۈپ تۇرۇپ كور بولۇۋالدى، مەسىلىلەرگە دۇچار بولغاندا ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان، مەسىلىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ تەنقىد قىلىش تۇگۇل، بىر ئېغىز ھەق گەپ قىلىشنىمۇ خالىماس بولۇۋالدى. يەنە تېخى ھەممىگە «ياخشىچاق» بولۇشنى ئۆزىنىڭ ئەمەل ـ مەنسەپ دەستۇرى قىلىۋېلىپ، جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋېلىشتا چېكىگە يەتتى. خىزمەتتە يا ئۇياق يا بۇياق بولىدىغان زىددىيەتلىك مەسىلىگە يولۇققاندا، «مەسئۇلىيەتچانلىق» بىلەن «خەققە يامان بولماسلىق»تىن ئىككىلەنمەيلا كېيىنكىسىنى تاللايدىغان بولۇۋالدى. ئۇلار دائىم «ياخشى» ئوبرازى ۋە «مۇلايىم» خىزمەت ئۇسۇلى بىلەن، نۇرغۇنلىغان «يامان» ئىشلارغا ۋە ئادەملەرگە «كەڭ قورساقلىق قىلىپ»، چاكىنا كۆز قاراشلارنىڭ يامراپ كېتىشى، «يوشۇرۇن تۈزۈم»نىڭ ئەۋج ئېلىشى ۋە دۇرۇس كەيپىياتنىڭ سۇسلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنداق «كىشىگە يامان بولماسلىق» ئىدىيەسى، بەئەينى پۇتقا سېلىنغان ئېغىر كىشەندەك بىر قىسىم جايلار ۋە ئىدارە ـ ئورۇنلارنىڭ ئىدىيەۋى ئىستىل قۇرۇلۇشنى ئېغىر دەرىجىدە چەكلەپ قويىدى.

«ياخشىچاق»لار نۇقتىسىدا تۇرۇپ قارىغاندا، ئەمەلىيەتتە ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ بۇ خىلدىكى قىلمىشىنىڭ پارتىيەۋىلىك پرىنسىپىغا زىت كېلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىشىدۇ، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بېشىدىكى ئاشۇ «مەنسەپ قالپىقى»نى دەپ، ئۆز مەنپەئەتىنى ئېتىقاد ۋە قانۇن ـ تۈزۈمدىن ئۈستۈن كۆرىدۇ، يەنە دائىم ئۆز مەسئۇلىيىتىدىن ۋاز كېچىپ ئاتالمىش «ئاممىۋى ئاساسى»نى تىكلەش ئۈچۈن تىرمىشىدۇ. يەنە بەزىلەر ئۆزى پاكىز بولمىغاچقا «خەقنىڭ يىغىرىغا تېگىپ قويسام، ئۆزۈمنىڭ يارىسى ئېچىلىپ قالارمۇ» دەپ ئەنسىرەيدۇ. شۇڭا ئۇلار مەسىلىلەرگە يۈزتۇرا قارىيالمايدۇ، زىددىيەتلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلالمايدۇ، ئەكسىچە

ئامال قىلىپ يېپىپ، يوشۇرۇش ئارقىلىق يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلارنىڭ ۋە ئاۋام خەلقنىڭ كۆزىنى بويىماقچى بولۇشىدۇ. ھالبۇكى نەتىجىسىگە قارايدىغان بولساق، خەققە يامان بولۇشنى خالىمايدىغان «ياخشىچاق»لار ئاخىرىغا بېرىپ، ياخشى «ئاممىۋى ئاساس»قىمۇ، يۇقىرى «ئاممىۋى سايلام بېلىتى»گىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى، ئاۋام خەلق ئۇلارنىڭ قارىماققا باشقىلار ئۈچۈن قىلىۋاتقاندەك قىلغان ئىشلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە، پەقەت ئۆزلىرى ئۈچۈنلا قىلىۋاتقانلىقىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ. بۇنداق پىرىنسىپچانلىقى يوق ئىرادىسىز «بوشاڭ»لارنىڭ، باشقىلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولالىشى تولىمۇ قىيىنغا توختايدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ «كۆڭۈل بۆلۈشى» بىلەن ۋاي دەپ ئۆتكەنلەرمۇ، ئۆز كۆڭلىدە ئۇلارنى كۆزىگە ئىلىپمۇ كەتمەيدۇ.

دادىل بولۇشقا، ئۆز قارىشىدا چىڭ تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالايدىغان بولۇش ھەرگىزمۇ خىزمەت ئۇسۇلىغا دىققەت قىلمايلا، كۆزىگە سىغمىغان ئادەم ۋە ئىشلارغا قارىتا ئاق-قارىنى پەرق ئەتمەيلا قارشى چىقىشنى كۆرسەتمەيدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ يەردىكى مۇھىم نۇقتا پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشتۇر، پارتىيەنىڭ ئىنتىزامى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇن-تۈزۈم «چېگراسى»دىن ھالقىماقچى بولغانلارغا قارىتا، يۈز بېرىپ ئولتۇرماي «قارا يۈزلۈك» قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. نەپسى يامان تويماسلارغا قارىتا، ھەرقانچە ئۇسۇلغا، پوزىتسىيەگە دىققەت قىلغان بىلەنمۇ ئۇلارنى تەسىرلەندۈرگىلى بولمايدۇ، ئەكسىچە سىزنى ياۋاشكەن، خالىغىنىمنى قىلسام بولىدىكەن دەپ ئويلاپ قالىدۇ. گەپنىڭ نېگىزىنى قىلغاندا، ئەگەر ھەقىقەتەن چىڭ تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىساق، ناتوغرا كەيپىياتنىڭ يامراپ كېتىشىگە يول قويغان بولىمىز؛ ئەگەر ئاز ساندىكى كىشىلەرگە يامان بولۇشتىن قورقساق، كۆپ ساندىكى كىشىلەرگە يامانلىق قىلغان بولىمىز، مەيلى مۇھىم ھوقۇقنى تۇتقان رەھبىرىي كادىر بولۇڭ ياكى ئادەتتىكى پارتىيە ئەزاسى بولۇڭ، چوقۇم «خەققە يامان بولماسلىق» ئىدىيەسىنى چۆرۈپ تاشلاپ، دادىل ھەققانىيەتچى بولۇشىمىز، ئەتراپىمىزدىكى مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بايقاپ ۋە تۈزەپ، سىياسىي مۇھىتىمىزنى تېخىمۇ پاكلاشتۇرۇشىمىز ۋە ساپلاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

«بىباھا گۈزەل مۇھىتىمىزنى تازىلاپلا تۇرساق، قالىمىز چوقۇم ئۇنىڭ پاكىزلىقىنى ساقلاپ». پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىنى ئەمەلىي تەربىيەدە ئىزچىللاشتۇرۇش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مۇشۇنداق مەزگىلدە، ناتوغرا ئىستىللارغا، قانۇن-تۈزۈمگە رىئايە قىلمىغان ئادەم ۋە ئىشلارغا، نامۇۋاپىق «يەرلىك سىياسەت»لەرگە، يەڭ ئىچىدىكى «يوشۇرۇن تۈزۈم»لەرگە نىسبەتەن، «يامان بولىدىغان ئىشنى يەنىلا ئۆزۈم قىلاي» دېيىشكە جۈرئەتىڭىز بارمۇ، مانا بۇ پارتىيەۋىلىك كادىرلارنىڭ پارتىيەۋىلىكىنى ئۆلچەيدىغان «تارازا»، شۇنداقلا ئىدىيەۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىدا «زۆرۈر بولغان» تەلىم-تەربىيەدۇر.

بۇ ئەسەر «خەلق گېزىتى» 2013-يىلى 14-ئاۋغۇست سانى 4-بېتى «خەلق مۇنبىرى» سەھىپىسىدىن **ئاسىمجان ئابلىمىت** تەرجىمىسى

تىلماچ: بايىنغولىن ئوبلاستى خېجىڭ ناھىيەلىك ساياھەت ئىدارىسىدىن

**بۇ سانىنىڭ ئەسەرلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما ئىشلىرى مەركىزى ئۇيغۇرچە كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى؛ بۇ سانىنىڭ تەكلىپلىك تەھرىرى: ئايگۈل ئەمەت؛ كورېكتورى: رەنا ئەمەت؛ مۇقاۋا ۋە فىستۇرما سۈرەتلىرىنى ئىشلىگۈچى: مەريەمگۈل ئىدرىس (تەكلىپلىك)، بەتچىك: ئىسھاقجان ئىبراھىم قاراتېكىن (تەكلىپلىك).**



# بىر ئائىلە — بىر مەكتەپ

يالقۇن روزى

«ئائىلىگە قايتىش» سادىسى 20-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرى غەرب دۇنياسىنى قاپلىغانىدى. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب: زامانىۋى سانائەت جەمئىيىتى ئادەمنى ماشىنىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان ھەم يۈكسەك دەرىجىدە ماددىيلاشقان جەمئىيەت كىشىلەرنىڭ قەلبىنى قۇرۇقداپ، مەنىۋىيىتىنى چىدىغۇسىز بۇرۇقتۇرمىلىققا گىرىپتار قىلغانىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا مۇتەپەككۇرلار ئائىلىۋى مېھىر-مۇھەببەتنىڭ مەلھىمى ئارقىلىق بۇ خىل مەنىۋى كرىزىسنى پەسەيتىش مەقسىتىدە «ئائىلىگە قايتىش» چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۈگۈنكى كۈندە، جەمئىيىتىمىزدە غۇلغۇلا قىلىنىۋاتقان «ئائىلە تەربىيىسىگە قايتىش» مەسىلىسى ئوخشاشلا بىز دۇچ كەلگەن كرىزىسنى پەسەيتىشنى مۇددىئا قىلغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. مېنىڭ «بىر ئائىلە — بىر مەكتەپ» دەپ ماۋزۇ قويۇپ يۈرگۈزگەن بۇ مۇھاكىمەم مىللىي ئېھتىياجىمىزنى چىقىش قىلىپ مەكتەپ تەربىيىسى

**ئائىلە — مەدەنىيەت بۆشۈكى**

بىلەن جەمئىيەت تەربىيىسىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاشنى توپ مەقسەت قىلغان.

شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇشۇم زۆرۈركى، زامانىمىزدىكى مائارىپشۇناسلار ئائىلە باشلىقلىرىنى ئائىلە تەربىيىسىنى «مەكتەپلەشتۈرۈش»تەك خاتالىقتىن ساقلىنىشقا ئاگاھلاندۇرماقتا. ئۇلار ئىمتىھان مائارىپى ئىدىيىسى يامراپ كەتكەن رېئاللىقنى نەزەردە تۇتۇپ «بالىنىڭ ئۆگىنىش ۋەزىپىسى ئائىلىدىكىلەرنىڭ ئۆگىنىش ۋەزىپىسى بولۇپ قالدى» دەپ تەنقىدلەپ، مۇشۇنداق تۇيغۇنىڭ كۆپلىگەن ئاتا-ئانىلاردا مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسەتتى. ئۇلار چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېيىشتى: بالىلار مەكتەپتىن قايتىپ ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، ئاتا-ئانىلار ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ بىللە مۇزاكىرە قىلىدۇ، يەنە تېكىستنى ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ، ياد يېزىش، ئالدىن تەييارلاش، يادلاش، تاپشۇرۇق تەكشۈرۈش ۋە باشقىلارغا ئاتا-ئانىلار چوقۇم باشتىن-ئاخىر ئارىلىشىشى، قول قويۇپ بېرىشى كېرەك. مائارىپشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، مانا بۇ ئائىلە تەربىيىسىنى «مەكتەپلەشتۈرۈش» سەۋەنلىكى بولۇپ، ئائىلە تەربىيىسى مەكتەپ

تەربىيەسىنىڭ مۇكەممەل داۋامى بولۇپ قالغان. مائارىپشۇ-
ناسلار ئائىلە تەربىيەسىنى «مەكتەپلەشتۈرۈش» كەيپىياتى-
نى يامرىتىۋەتكىنى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئاتا- ئانىلاردىكى
ئۆگىنىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش ۋە ئىمتىھان نەتىجە-
سىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش قارىشىدىن ئىبارەت، مۇشۇن-
داق بولغاچقا نۇرغۇن ئاتا- ئانىلار ئوقۇتقۇچىنىڭ «بۇيرۇ-
قى»غا بويسۇنۇپ، بالىلارنىڭ «ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى»،
تاپشۇرۇقلارنى ئورۇنلىشىدىكى «يېقىن ياردەمچىسى» بو-
لۇشتەك رولنى ئېلىشقا مەجبۇر، ئۇلار تېخى ئائىلە تەربى-
يەسىنى «مەكتەپلەشتۈرۈش»نىڭ زىيىنىنى تونۇپ يەتمە-
دى، دەپ چۈشەندۈرۈشتى. مائارىپشۇناسلار ئائىلە تەربى-
يەسىنىڭ رولىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا ئۆزگەرتىۋەتكىنى ئو-
قۇتقۇچىلار بىلەن ئائىلە باشلىقلىرىدىكى جاھىل ئىمتىھان
مائارىپى ئىدىيەسى، ئېنىقراق ئېيتقاندا، مەنپەئەتپەرەسلىك
خاراكتېرىدىكى مائارىپ قارىشى، دەپ ئىزاھلىدى. بۇ مە-
سىلىدە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئاتا- ئانىلارنىڭكى-
دىن زور ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن مائارىپشۇناسلار ئوقۇت-
قۇچىلار مەكتەپنىڭ رولىنى بەكرەك تەكىتلەپ، مەكتەپ
تەربىيەسىنى ئائىلە تەربىيەسىدىنمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويدۇ،
دەپ تەنقىدلەشتى. ئۇلار ئېنىق چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە
يەنە مۇنداق دېدى: مەكتەپ تەلىم- تەربىيەسى ھەممىگە
قادىر ئەمەس، شۇڭا ئائىلە تەربىيەسى مەكتەپ تەربىيەسى-
نىڭ بېقىندىسى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك، ئىككىسىنىڭ
ئەڭ مۇۋاپىق مۇناسىۋىتى ئىشنى مۇۋاپىق تەقسىم قىلىپ
ھەمكارلىشىشتا. مەكتەپ تەربىيەسىنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن
ئاجىزلىقىغا ئاقىلانىلىك بىلەن قاراش كېرەك. قۇرامىغا
يەتكەن كىشىلەر خىزمەتتىن كېيىن ھاردۇق ئالغانغا
ئوخشاش، بالىلارمۇ ئوخشاشلا ھاردۇقنى چىقىرىدىغان
بوشلۇققا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. ئائىلە تەربىيەسى بالىلارغا
مۇشۇنداق بوشلۇقنى يارىتىپ بېرىشى كېرەك. ھازىر ئائى-
لىلەردە بۇ خىل بوشلۇق يوقىلىپ كەتتى، بالىلارنىڭ تۇر-
مۇشى خىلمۇخىل كۇنتەرتىپلەر بىلەن مىچچىدە تولدۇرۇۋې-
تىلدى. بۇنى مەكتەپ، مۇئەللىم ۋە ئاتا- ئانىلار تولدۇرۇ-
ۋەتتى. ئارام ئېلىش پەيتلىرىدە بالىلار يەنە چالغۇ چېلىشنى
ئۆگىنىش، ئۇسسۇل كۇرژوكىغا بېرىش، تىل كۇرژوكىغا
بېرىش دېگەندەك ئۆگىنىش ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداشقا
مەجبۇر. بالىلارغا قارىتىلغان تەربىيە مەيلى مەكتەپ ياكى
ئائىلىدە بولسۇن بىلىم سىڭدۈرىدىغان، كۆز ئالدىدىكى
مەنپەئەتكە بېرىلىدىغان، بالىلارنى روھىي ۋە جىسمانىي
جەھەتتە قاتتىق چارچىتىدىغان مەشىققە ئايلاندى. بالىلار-
نىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ماس ھالدىكى تەربىيەنىڭ ئىلمىي
قانۇنىيىتى ئېتىبارغا ئېلىنمىدى. بۇ ئىلمىي قانۇنىيەتتىن
چەتنەپ كەتكەنلىك. مەكتەپ، مۇئەللىم ۋە ئاتا- ئانىلار
ئىلمىي قانۇنىيەتتىن چەتنەپ كەتكەن بۇ خىل مەنپەئەتپە-
رەسلىك مائارىپىنى «ھەممىسى بالىلارنى ئوبدان تەربىيە-
لەش ئۈچۈن» دەپ چۈشەندۈرۈشتى. ئائىلە تەربىيەسى
ئەمەلىيەتتە، ياشلار- ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام ئىنسانىي
قەدىر- قىممىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا ئاساسلىق رول
ئوينايدۇ. شۇنداقكەن، ئاتا- ئانىلار زورۇر ئائىلە تەربىيە-
سىگە زادىلا سەل قارىماسلىقى، ئۆگىنىشنى بىرىنچى ئورۇن-
غا قويۇۋېلىپ، ئائىلە تەربىيەسىدىن ۋاز كەچمەسلىكى
كېرەك. ئۆگىنىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇۋېلىش خاھىشى
كۈچىيىپ كەتسە، ئائىلە تەربىيەسى بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يې-
تىلىشىدىكى ھالقىلىق رولىنى يوقىتىپ قويىدۇ. چۈنكى، ئا-
ئىلە تەربىيەسى ساغلام ئىنسانىي قەدىر- قىممەتنىڭ شەكىل-
لىنىش جەريانىدا ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. شۇڭا ھەرقان-
داق ماكان ۋە زاماندا بالىلارغا باراۋەر ۋە ھۆرمەت بىلەن
قاراش كېرەك، ئۇلارنى ئۆگىنىش ماشىنىسىغا ئايلاندۇ-
رۇپ قويۇش ئۇلارغا زۇلۇم سېلىش بىلەن باراۋەر. ئائىلە
تەربىيەسىنى «مەكتەپ تەربىيەسىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇ-
رۇۋالغان، ئائىلە تەربىيەسىنى مەكتەپلەشتۈرۈش»كە بېرى-
لىپ كەتكەن ئاتا- ئانىلار دىققەت- ئېتىبارىنى بالىلارنىڭ
ئۆگىنىشىگىلا قارىتىۋالىدۇ. بالىلارنى ئۆزىگە ئىشىنىدىغان،
مەسئۇلىيەتچان ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارغا تاقابىل تۇرالايدىغان
كۈچكە ئىگە قىلىپ تەربىيەلەش تېخىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى
بىلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، بالىلار ئادەم بولۇشتا ھازىرلاشقا
تېگىشلىك ئەقەللىي ساپا — سەممىيلىك، ئۆزىگە ئىشە-
نىش، ئۆزىنى قەدىرلەش، كەسىپكە ئىشتىياق باغلاش، پا-
كىتقا ھۆرمەت قىلىش، مەسئۇلىيەتچان بولۇش، رېئاللىققا
توغرا مۇئامىلە قىلىش، ساغلام تەپەككۇر قىلىش قاتارلىق-
لاردۇر، شۇڭا ئائىلە تەربىيەسى ئۆز رولىنى مۇستەقىل ئە-
مەلگە ئاشۇرۇشى كېرەك.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مائارىپشۇناسلار مانا مۇ-
شۇنداق تەنقىدلەپ تەكىتلەۋاتقان ئەھۋالدا، مېنىڭ «بىر

ئائىلە ــ بىر مەكتەپ» دەپ ماۋزۇ قويۇشۇم كىشىلەرگە ئائىلە تەربىيەسىنى «مەكتەپلەشتۈرۈش»نى تەشەببۇس قىلىش مۇددىئايىم باردەك تەسىرات بېرىپ قويىدۇ. بۇ خىل شۇبھىلىك پوزىتسىيە ئالدىدا شۇنى ئېنىق ئەسكەرتىپ قويۇشۇم زۆرۈركى، مېنىڭ «بىر ئائىلە ــ بىر مەكتەپ» دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈشۈم، ئائىلە تەربىيەسىنى «مەكتەپلەشتۈرۈش»تەك خاتا كەيپىيات بىلەن ھەرگىز ئوخشىمايدۇ.

ئۇنداقتا «بىر ئائىلە ــ بىر مەكتەپ» دېگەن قاراشنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ نېمە ئۈچۈن ئائىلىنى مەكتەپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ چۈشىنىش زۆرۈر بولۇپ قالدى؟ جەمئىيەت تەربىيەسى، مەكتەپ تەربىيەسى ۋە ئائىلە تەربىيەسى بىر-بىرىنىڭ ئورنىنى باسالمايدىغان ئۈچ خىل تەربىيە سىستېمىسى تۇرسا، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ قىممىتىنى يەنە بىرىنىڭ قىممىتى ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئىلمىيلىككە خىلاپمۇ-قانداق؟ «بىر ئائىلە ــ بىر مەكتەپ» دەپ ئائىلىنى مەكتەپكە تەققاسلاپ مۇھاكىمە قىلىشنىڭ ئاساسى قەيەردە؟

مېنىڭ «بىر ئائىلە ــ بىر مەكتەپ» دېگەن قاراشنى تەكىتلەشتىكى مەقسىتىم ئائىلىنىڭ رولىنى، ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئائىلە تەربىيەسىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىش ئارقىلىق ئائىلىنىڭ مىللىي مەدەنىيەتنى ساقلاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشكە دەۋەت قىلىش. مەۋجۇتلۇق ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى خاسلىقىمىزنى ساقلاپ قېلىش تۈيغۇسى بىزگە ئائىلە تەربىيەسىنىڭ زېمىنىسىگە تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان ۋەزىپىنىڭ يۈكلەنگەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى. نۆۋەتتە بىزنىڭ رېئاللىقىمىزدا ھەر بىر ئائىلە «بىر ئائىلە ــ بىر مەكتەپ» بولۇشتەك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ. يەنى ئائىلە تەربىيەسى بىزنىڭ مىللىي كىملىكىمىزنى ۋە مىجەز-خاراكتېرىمىزنى شەكىللەندۈرۈشتە مۇھىم ئامىل بولۇپ قالدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىزنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك تايىنىش نۇقتىمىز ئائىلە تەربىيەسى بولۇپ قالدى. مۇتەپەككۇر ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن «ئائىلە» ناملىق كىتابىدا: «ساغلام، ئىناق، مەدەنىي ئائىلە بىر مۇنەۋۋەر مەكتەپ» دەپ كۆرسەتكەن. ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ «مەكتەپ»نى تەرىپلىگەندە ئالىم تولىمۇ ئېنىق قىلىپ: «ئائىلە مىللەتنى قويۇپ چىقىدىغان قېلىپ» دەپ خاراكتېرلىگەن. ئالىم ئۆزىنىڭ بۇ قارىشىنى بەش جەھەتتىن شەرھلىگەن: «ئائىلە ــ مىللەتنىڭ نەسىل بۆشۈكى، مىللىي تىلنىڭ تۇنجى مەكتىپى، مىللىي پسىخىكىنىڭ شەكىللىنىش بۇلىقى، مىللىي مەدەنىيەتنى ئۆزلەشتۈرىدىغان تۇنجى ئوچاق، مىللىي ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئورتاقلىقىنىڭ بىرىنچى ھالقىسى.»

دېمەك، بىر ئائىلىنى بىر «مەكتەپ» دەرىجىسىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇئەييەن تارىخىي، ئىجتىمائىي شارائىتتىكى مىللىي زۆرۈرىيەت. بۇ ھەرگىزمۇ ئۆگىنىش نەتىجىسى ۋە ياخشى خىزمەتكە ئېرىشىش نەزەردە تۇتۇلۇپ ئېيتىلغان تار مەنپەئەت مائارىپى قارىشى ئەمەس.

«بىر ئائىلە ــ بىر مەكتەپ» دېگەن قاراشنى نەزەرىيەدىن ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش ئاسان ئەمەس. بۇ ئائىلىنىڭ تەلىم-تەربىيە مۇھىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاتا-ئانىلارنىڭ سۈپەت ساپاسى كۆتۈرۈلمىگەن ئەھۋالدا بۇ مەقسەتكە يېتىش تېخىمۇ قىيىن. ئائىلە تەربىيەسىنى مىللىي مەۋجۇتلۇق ۋە مىللىي مەدەنىيەتنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئاتا-ئانا بولغۇچىدا جەزمەن ئائىلە ئېڭى شەكىللەنگەن بولۇشى ۋە ئائىلە مەدەنىيىتى توغرۇلۇق يېتەرلىك چۈشەنچە بولۇشى كېرەك. ئائىلە ئېڭى شەكىللەنمىگەن ۋە ئائىلە مەدەنىيىتى توغرۇلۇق يېتەرلىك چۈشەنچە شەكىللەنمىگەن ئاتا-ئانىلار ئائىلىسىنى «مىللەتنى قويۇپ چىقىدىغان قېلىپ»قا ئايلاندۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلىدۇ.

قارايدىغان بولساق، ھازىر بىزنىڭ مىللىي ھاياتىمىزدا ئائىلە قۇرۇۋاتقان قىز-يىگىتلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ئائىلىگە پەقەت بەھرىمەن بولۇشنى كۆزلەپ كىرىدىغان خاھىش ئېغىر. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئائىلە پەقەت بەھرىمەن بولۇشنى كۆزلەپ كىرىدىغان ئىستراھەت ئورنى ئەمەس! بەلكى بېغىشلاپ ياشاشنى ئەلا بىلىپ كىرىدىغان مۇقەددەس ماكان! ئائىلە قۇرۇشتا بېغىشلاپ ياشاشنى ئەلا بىلىدىغان ئىدىيەنى يېتەكچى قىلماستىن، بەھرىمەن بولۇشنى ئەلا بىلىدىغان مەقسەتنى يېتەكچى قىلغان قىز-يىگىتلەر ئائىلىسىنى ئەسلا بەختلىك، ئىللىق ئۇۋىغا ئايلاندۇرالمىغاننىڭ ئۈستىگە، ئەۋلاد تەربىيەلەشكە ماس كېلەلمەيدىغان مەجرۇھ ئائىلىنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. بۇنداق ئاتا-ئانىلار

گەرچە بالا بېقىش تېپىدىكى ئاتا-ئانا بولالىسىمۇ، ھەرگىزمۇ بالا تەربىيەلەش تېپىدىكى ئاتا-ئانا بولالمايدۇ. بالا تەربىيەلەش تېپىدىكى ئاتا-ئانا بولالمىغانلىق، تەبىئىي ھالدا ئائىلىنى «مەكتەپ»كە ئايلاندۇرۇشقا قۇربى يەتمىگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. روشەنكى، بۇ يارامسىزلىقنىڭ ئىپادىسى. بۇنداق مەجرۇھ ئائىلىلەرنىڭ ئەۋلاد تەربىيەسىدىكى پايدىسىز ئاقىۋىتىنى، مىللەتكە، جەمئىيەتكە كەلتۈرىدىغان خەۋپىنى مۆلچەرلەش تەس ئەمەس. ئىلغار مىللەتلەر بىلەن كۈچلۈك مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ئاجىز مەدەنىيەتلەرنى تىنىمسىز زەرەتلەپ تۇرغان ۋە ئۇلارغا يېمىرىش خاراكتېرلىك تەسىر كۆرسىتىپ تۇرغان بۈگۈنكى دۇنيادا، بىز ئۈچۈن ئەنئەنىۋى قىممەت قاراشلىرىمىزنى ۋە مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ خاسلىقىنى ساقلاپ قېلىشقا پايدىلىق بىردىنبىر قورغان ئائىلە ھېسابلىنىدۇ. مۇتەپەككۇر ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىننىڭ «قەبىلە — مىللەت ئائىلىدە ئاپىرىدە بولغاندى، ئۇنىڭ گۈللىنىشى ياكى ھالاكىتىمۇ ئائىلىگە باغلىقتۇر»، «بىر خەلقنىڭ ھېچقانداق بىر ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەشكىلى ياكى ئورگان سىستېمىسى بولمىغاندىمۇ، مۇئەييەن تىپتىكى ئائىلە سىستېمىسى، مۇنتىزىم ئائىلە ئەخلاقى ۋە ئادەتلىرى بولۇشى كېرەك!» دېگەن دانا كۆرسەتمىسىنىڭ قىممىتى مۇشۇ يەردە.

كىرىزىس ئېچىگە ئويغانمىغان ئاتا-ئانىلار بۈگۈنكى مەۋجۇت رېئاللىقىمىزدا ئائىلىنىڭ قانداق رولى بارلىقىنى، ئائىلە تەربىيەسىنى قايسى يۆنىلىشكە بۇراش كېرەكلىكىنى، قانداق سۈپەت ۋە ساپادىكى ئائىلە قۇرۇش زۆرۈرلۈكىنى چىن مەنىسى بىلەن ھېس قىلىپ يېتەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۈچۈن ئالدى بىلەن ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە ئائىلە تەربىيەسىدىكى ئىلمىيسىزلىكنى ھەل قىلىش. چۈنكى، ئائىلە تەربىيەسىدىكى ئىلمىيسىزلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلماي تۇرۇپ، ئائىلىنى «مىللەتنى قوغداپ چىقىدىغان قېلىپ»قا ئايلاندۇرۇش مەقسىتىگە يېتىشتىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بىز ئالدى بىلەن ئائىلە تەربىيەسىدىكى ئىلمىيسىزلىك مەسىلىلىرىنى تونۇپ يېتىشىمىز ۋە ھەل قىلىشقا تىرىشىشىمىز زۆرۈر. چۈنكى، خەلقنىڭ بەخت-سائادىتى بالىلارنى توغرا تەربىيەلەشكە باغلىق. بالىلارنى توغرا تەربىيەلەشتىكى چىقىش نۇقتا ئۆز-ئۆزىگە غوجا بولۇش، مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق ياشاشنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. غوجايىنلىق تۇيغۇسى ئاجىز، مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارى يېتىلمىگەن ئەۋلادلارنىڭ ھاياتىنىڭ سۈپىتى ئىنتايىن تۆۋەن بولىدۇ. بالىلارنى ئۆز-ئۆزىگە غوجا بولىدىغان، مۇستەقىل ياشىيالايدىغان قىلىپ تەربىيەلەش ئۈچۈن تۆۋەندىكى توققۇز تۈرلۈك تەربىيە ئۇسۇلىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم:

1. بالىلارغا ئۆزى ئىلگىرىلەپ ماڭىدىغان بوشلۇق بېرىش؛
2. ئىشلارنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرىدىغان ۋاقىت بېرىش؛
3. ئۆزى بېشىدىن ئۆتكۈزىدىغان شارائىت بېرىش؛
4. ئۆزى جاۋابىنى تاپىدىغان سوئال بېرىش؛
5. ئۆزى ھەل قىلىدىغان قىيىن مەسىلە بېرىش؛
6. ئۆزى چىڭ تۇتىدىغان پۇرسەت بېرىش؛
7. ھەمكارلىشىشنى ئۆگىنىدىغان ئالاقە بېرىش؛
8. تاللاش ھوقۇقى بېرىش؛
9. ئىجادكارلىق پۇرسىتى بېرىش.

مەلۇمكى، بالىلار ھەرگىزمۇ بىر ئۆمۈر ئاتا-ئانىسىنىڭ قانىتى ئاستىدا يۈرمەيدۇ، ئۇلار بەرىبىر جەمئىيەتكە قەدەم قويىدۇ، رىقابەتكە دۇچ كېلىدۇ، بۇ جەرياندا ھەر خىل مەسىلىلەرگە يولۇقىدۇ. نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مائارىپشۇناسلار مانا مۇشۇنى نەزەردە تۇتۇپ ئاتا-ئانىسىنىڭ قوينىدىن ئايرىلالمايدىغان بالىلارنى «كېنگۇرۇ بالىلىرى» دەپ ئاتاشتى. ئۇلار يەنە «كېنگۇرۇ بالىلىرى» قوشۇنىنىڭ كۈنسېرى زورىيىشى جىددىي ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلاندى، دەپ ئاگاھلاندۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ تەشەببۇس قىلىدىغىنى «شىرچە بالا تەربىيەلەش ئۇسۇلى»دىن ئىبارەت. «شىرچە بالا تەربىيەلەش ئۇسۇلى»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ يولى بالىلارنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇۋالماستىن، بەلكى ئەركىن قويۇۋېتىش. ئاتا-ئانىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بالىسىنىڭ قولىنى قويۇۋېتىش ئۇنداق ئوڭاي ئەمەس! ئۇلار مەلۇم ئورۇندا قولىنى قويۇۋەتكەن بىلەنمۇ، ئۆزى تۇيمىغان ھالدا يەنە ئىختىيارسىزلا بالىسىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالىدۇ، بالىنىڭ قولى-

نى قويۇۋېتىش قاراشىنىڭ ۋە ئادەتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە باغلىق.

بالىنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇۋالماي ئەركىن قويۇۋېتىشنى تەشەببۇس قىلىشنى ھەرگىز مەيلىگە قويۇۋېتىش شەكلىدىكى ئائىلە تەربىيەسى بىلەن ئوخشاش مەنىدە چۈشەنمەسلىك كېرەك. مەيلىگە قويۇۋېتىش شەكلىدىكى ئائىلە تەربىيەسىنى قوللانغان ئاتا - ئانىلار ئادەتتە بالىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىسىنىڭ ساغلام ياكى ساغلام ئەمەسلىكىگە، ھەرىكەت - ئادەتلىرىنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمى دائىرىسىدە بولۇۋاتقان ياكى بولماۋاتقانلىقىغا، قىزىقىش، ھەۋەسلىرىنىڭ دۇرۇس ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكىگە نازارەتچىلىك، يېتەكچىلىك قىلمايدۇ. «شىرچە بالا تەربىيەلەش ئۇسۇلى» ئۆز - ئۆزىگە غوجا بولۇش، مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق ياشاشنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش قارىشى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە.

ئائىلە تەربىيەسىدىكى ئاسانلا خاتا رايونغا كىرىپ قالىدىغان يەنە بىر ئەھۋال مۇستەبىتلىك تۈسىدىكى ئائىلە تەربىيەسىدە كۆرۈلىدۇ. شۈبھىسىزكى، مۇستەبىتلىك تۈسىدىكى ئائىلە تەربىيەسمۇ، مەيلىگە قويۇۋېتىش شەكلىدىكى ئائىلە تەربىيەسمۇ مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

مۇستەبىتلىك تۈسىدىكى ئائىلە تەربىيەسى بالىلارغا تاللاش ھوقۇقى، ئىختىيارىيلىق، ئازادىلىك بەرمەيدۇ. «يولۋاس ئانا»، «بۆرە ئاتا»، «بۈركۈت دادا» دېگەندەك ئاتا - ئانىلار مۇستەبىتلىك تۈسىدىكى ئائىلە تەربىيەسىنى ئىپادىلىگەن تىپىك ئاتا - ئانىلاردۇر. مۇستەبىتلىك تۈسىدىكى ئائىلە تەربىيەسىنىڭ ئەڭ ئومۇملاشقان ئىپادىسى قاتتىق قوللۇق بىلەن بالا تەربىيەلەشتىن ئىبارەت. مائارىپشۇناسلارنىڭ نەزەرىدە قورقۇتۇش، مەجبۇرلاش ۋە سۆزنىي نوپۇز ئاساسىدىكى ئائىلە تەربىيەسى ئەڭ ئوسال تەربىيە ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق تەربىيە بالىلارنىڭ ساغلام ھېسسىياتىنى نابۇت قىلىپ، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچنى يوقىتىدۇ. بۇنداق تەربىيە ئۇسۇلى پەقەت قورقۇنچاق، تەۋەككۇلچىلىك روھى كەم ياۋاش بالىلارنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئېنىقكى، مۇستەبىتلىك تۈسىدىكى ئائىلە تەربىيەسىنى قوللىنىپ، بالىلارنى قاتتىق قوللۇق بىلەن تەربىيەلىگەندە ئاتا - ئانىلارنىڭ ئابرۇيى كىرىزىسقا دۇچ كېلىدۇ. يەنى ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ نەزەرىدە قايىللىق ۋە ھۆرمەت نەزەرى بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان ئورۇندىن قورقۇپ ۋە بىزار بولۇپ بويسۇنىدىغان ياۋۇز مەخلۇقنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇنداق ئاتا - ئانىلارنىڭ مۇستەبىتلىك تۈسىدىكى پوزىتسىيەسى ئادەتتە ئۆز ئارزۇسىنى بالىسىنىڭ يەلكىسىگە مەجبۇرىي ئارتقانلىقىدا ھەم ئۆزىنىڭ مەنپەئەتپەرەسلىك ئۇستىكىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بالىسىنى ۋاستە قىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. بۇ خىلدىكى ئاتا - ئانىلار «ھەممىسى سەن ئۈچۈن» دەپ بالىلارغا نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىق توغرۇلۇق بۇيرۇقۋازلىق ۋە زوراۋانلىق قىلىدۇ.

كېيىنكى ئېيتىشقا بولىدۇكى، مەيلى بالىغا زىيادە ئامراق بولۇش بولسۇن ياكى زىيادە قاتتىق قول بولۇش بولسۇن، ھەر ئىككىسى ئائىلە تەربىيەسىدىكى چەكتىن ئاشقان ھالەت ھېسابلىنىدۇ. يامان يېرى شۇكى، مەيلى مۇستەبىتلىك تۈسىدىكى ئائىلە تەربىيەسىنى قوللىنىشقا ئادەتلىنىپ قالغان ئاتا - ئانىلار بولسۇن ياكى مەيلىگە قويۇۋېتىش شەكلىدىكى ئائىلە تەربىيەسىنى ئادەت قىلغان ئاتا - ئانىلار بولسۇن، ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇپ بولغان ئاتا - ئانا ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار ئائىلە تەربىيەسىدىكى مەغلۇبىيىتىنىڭ سەۋەبىنى كۆپ ھاللاردا بالىنىڭ ئۆزىگە ياكى باشقا ئامىللارغا ئارتىپ چۈشەندۈرىدۇ.

قىسقىسى، بىز ئائىلە تەربىيەسىنى مىللىي كىرىزىسلىرىمىزنى ھەل قىلىشتىكى مۇھىم سەھنە ۋە ۋاستە قىلماقچى، يەنى «بىر ئائىلە — بىر مەكتەپ» بولۇشتەك ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولىدىكەنمىز، جەزمەن ئائىلە ئېتىكىنى شەكىللەندۈرۈش، ئائىلە مەدەنىيىتىنى يېتەرلىك چۈشىنىش ھەم ئائىلە تەربىيەسىدىكى ئىلمىيسىزلىكنى تۈگىتىشنى ئالدىن ھەل قىلىدىغان مەسىلە سۈپىتىدە تونۇپ مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلماي تۇرۇپ، ئائىلىنى مىللىي مەۋجۇتلۇققا كاپالەتلىك قىلىدىغان قورغانغا، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ خاسلىقىنى قوغدايدىغان بازىغا، مىللىي كىملىكىمىزنى ۋە مىللىي خاراكتېرىمىزنى شەكىللەندۈرىدىغان «مەكتەپ»كە ئايلاندۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ.

2013 - يىلى ئىيۇن

---

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى





ئابدۇكېرىم رەھمان

# لوپنۇر زىيارىتىدىن تۇغۇلغان ھېسلار

مەن ئانا تارىمنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنىغا جاي-
لاشقان سىرلىق «يېشىل كارىدور» — لوپنۇرنى ئۈچ
نۆۋەت زىيارەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن.

بىرىنچى قېتىم ئۇستازىم مۇھەممەد زۇنۇن بىلەن
1978 - يىلى 8 - ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئېتنوگرافىيە ۋە
فولكلور بايلىقلىرىنى قېزىش، توپلاش نىشانلانغان ئىلمىي
تەكشۈرۈش پىلانىمىزنىڭ تۇنجى بېكىتى — لوپنۇردا بىر
ئاي تۇرغانىدۇق. بۇ يىللار تېخى ئاتالمىش «مەدەنىيەت
زور ئىنقىلابى»نىڭ يارىسى تولۇق ساقايمىغان، ئىدىيەۋى
بۇرۇقتۇرمىلىقتىن قۇتۇلمىغان مەزگىللەر ئىدى. ئىلىم
روھى جىنچىراغىنىڭ نۇرىدەك پىلىلداپ تۇرغان ئاشۇ يىل-
لاردا لوپنۇرنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت
شارائىتلىرىمۇ ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. ھەتتا ناھىيە بازىرىدا
بىرەر مېھمانساراي، تاماقخانا، يۇرت - مەھەللىلەرنى تۇتاش-
تۇرىدىغان قاتناش يوللىرىمۇ يوق ئىدى. بىزنىڭ 30
ياشتىن ھالقىغان قىران چاغلىرىمىز بولغاچقا، سەپىرىمىزدى-
كى ھەرقانداق مۇشكۇلاتلار ئىرادىمىزنى قىلچە تەۋرىتەل-
مىگەنىدى. بىز بەزىدە كالا ھارۋىسى، بەزىدە تەگىنە-
قولۋاقلاردا ئولتۇرۇپ، بەزىدە پىيادە، بەزىدە ئات - ئې-
شەكلەرنى مىنىپ سازلىق ۋە قۇملۇق چىغىر يوللار بىلەن
ئۇيغان ۋە قېقى دەرياسى ئېقىنىدىكى لوپنۇرنىڭ ئەڭ

بىز باسقان يوللار

چەت يېزىلىرىدىن بولغان دۆڭقوتان ۋە قارچۇغا يېزىلىرى-
غىچە زىيارەت قىلغانىدۇق. بىز «ھالاكەت دېڭىزى» دەپ
ئاتىلىدىغان تەكلىماكان قۇملۇقى ئىچىدىكى بۇ «ھاياتلىق
بوستانلىقلىرى»نى ئارىلاپ، ئۆمۈر بويى لوپنۇر بازىرىغى-
مۇ بېرىپ باقمىغان 110 - 120 ياشتىن ھالقىغان جۇشقۇن،
روھلۇق بوۋاي - مومايلار بىلەن سۆھبەت قۇرۇپ لوپنۇر
دىيارىنىڭ ھەقىقەتەن ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئۆزگىچە بىر
مەدەنىيەت بەلبېغى، قويۇق مەدەنىيەت تىندۇرمىسىغا ئىگە
جەلپكار بىر رايون ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدۇق.
راستىنى ئېيتقاندا، كەسپىي نىشانەمدە خەلق ئېغىز ئەدەبىيا-
تى ۋە فولكلورنى تاللىشىم ۋە ئۆمۈرلۈك تەتقىقات يۆنىلى-
شى قىلىپ بەلگىلىشىمگە تۇنجى قېتىملىق مۇشۇ لوپنۇر تە-
سىراتى سەۋەب بولغانلىقى ئېنىق. دەرۋەقە، بۈگۈنىمىزدىن
35 يىل ئىلگىرىكى ئىزدەش يولىدا ئېلىپ بارغان بۇ ئەھ-
مىيەتلىك لوپنۇر سەپىرى مېنىڭ مەدەنىيەت قىممەت قارى-
شىمنىڭ تىكلىنىشىگە ئاساس بولغانىدى. ئەنە شۇ زىيارەت-
نىڭ ھاسىلاتلىرى سۈپىتىدە يازغان «لوپنۇر ۋە لوپنۇرلۇق-
لار» ناملىق 15 مىڭ خەتلىك ئىلمىي تەكشۈرۈش دوكلاتى
(«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1980 -
يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان) بىلەن مەن تۇنجى قېتىم
توپلاپ رەتلىگەن «قىزىلگۈلۈم» داستانى («تارىم» ژۇر-
نىلىنىڭ 1980 - يىللىق سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان) قاتارلىق-
لار ئاشۇ يىللاردا ھەر مىللەت ئىلمىي خادىملىرى ئارىسى-
دا «لوپنۇر قىزغىنلىقى»نى قوزغىغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن

مۆيدىن سايىت قاتارلىق يەرلىك ئەدىبلەر ئۆز يۇرتىنىڭ ئەۋزەل شارائىتىدىن پايدىلىنىپ يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن بۇ سىرلىق ماكاننى چوڭقۇر قېزىپ، لوپ ئەل ئىچى ئەدەبىياتى ھەققىدە بىر قانچە ئەھمىيەتلىك كىتابلارنى تۈزدى (ئۇلارنىڭ ئەمگىكىگە ئاپىرىن ئېيتىمەن). ئاشۇ 70-يىللاردا رايونىمىزدا تېخى ئۈنئالغۇغا ئوخشاش ئاددىي خاتىرىلەش ئۈسكۈنىلىرىمۇ يوق ئىدى. بىز مىڭبىر تەسلىكتە ئاپتونوم رايونلۇق كىنو فىلىم تارقىتىش-قويۇش شىركىتىنىڭ 20 كىلوگىرامدىن ئارتۇق كېلىدىغان كونىراپ كەتكەن بىر ماگنىتوفوننى ئارىيەت ئېلىپ، ئۇنى ئۆشنىمىزگە ئارتىپ يولغا چىققاندۇق. ئەپسۇسكى، بۇ «قورال»ىمىز ناھىيە بازىرىدىن باشقا جايلاردا ئەسقاتمىدى. چۈنكى، لوپنۇرنىڭ يېزىلىرىغا تېخى توك تارتىلمىغانىدى. شۇڭا، نەق مەيدان سۆھبەت خاتىرىسىنى قەلەم-قەغەزگە تايىنىپ خاتىرىلەشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. بىز لوپنۇر دىيالېكتىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلمىگەچكە، ترانسكرىپسىيە شەكلىدە خاتىرىلىۋالاتتۇق، بىزگە ناتونۇش بولغان بۇخىل ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسىنى پەقەت زىيارەت قىلغان پېشقەدەم بوۋاي-مومايلاردىن ۋە شېرىپ مۇسا (لوپنۇر ناھىيەلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا مەن بىلەن بىر قارار ساۋاقداش) قاتارلىق يەرلىك زىيالىيلاردىن قايتا-قايتا سوراپ يېزىۋالاتتۇق. مەن شۇ چاغدىلا لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ «تىلى»نىڭ بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزگىچە بىر دىيالېكتى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدىم. ۋەھالەنكى، مەن تىلشۇناس بولمىغانلىقىم ئۈچۈن بۇ دىيالېكتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن يېشىپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلاتتىم. تەلىيىمىزگە ئاتاقلىق تىل ئالىمىمىز، جاپاكەش ئۇستاز — مىرسۇلتان ئوسمانوف ئاكا 1956-يىلى مەزكەر ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار فۇنكسىيەلىك ئورگانلىرى بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان چوڭ كۆلەملىك تىل تەكشۈرۈش خىزمىتى جەريانىدا ئېرىشكەن ماتېرىياللىرى ئاساسىدا يازغان «لوپنۇر دىيالېكتى» ناملىق چوڭ مونوگرافىك ئەسەر 90-يىللارنىڭ ئاخىرى نەشر قىلىنىپ، بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرغانىدى. شۇڭا لوپنۇرلۇقلار مىرسۇلتان ئاكىنى «ئىككىنچى ھېدىن ئاكا» دەپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالدۇ. دەرۋەقە، لوپنۇر مەدەنىيىتى ئۇيغۇر تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىنمۇ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ۋە قىممەتلىك بىر زوننا.

تۇنجى قېتىملىق «لوپنۇر سەپىرى»دىن 30 يىل كېيىن (2007-يىلى) لوپنۇرنى ئىككىنچى قېتىم زىيارەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. بۇ قېتىملىق زىيارەت جەريانىدا كۆرگەنلىرىم ۋە ئاڭلىغانلىرىمدىن قارىغاندا، لوپنۇر تەبىئىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ئېكولوگىيەسى ئېغىر بۇزۇلۇش تەقدىرىگە دۇچ كەلگەن، شۇ ۋەجىدىن لوپنۇرلۇقلارنىڭ روھىيەت قاتلىمىدا «يۇرتىمىز كروران تىراگېدىيەسىگە يولۇقۇپ قالارمۇ؟» دېگەندەك ۋەھىملىك ئەندىشىلەر پەيدا بولغان. بۇ ئەندىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارنىڭ ھاياتلىق قان تومۇرى بولغان تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنلىرىنىڭ قۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىدەك رەھىمسىز رېئاللىق كەلتۈرۈپ چىقارغان.

تارىم دەرياسى تەڭرىتېغىنىڭ قار-مۇزلۇقلىرىدىن باشلىنىدىغان ئاقسۇ دەرياسى، پامىرنىڭ شەرقىدىكى قەشقەر-ساركۆل تاغ تىزمىلىرى بىلەن قاراقۇرۇم تېغىنىڭ چوگۇرى مۇزلۇقلىرىدىن باشلىنىدىغان يەكەن دەرياسى ۋە قۇرۇم تېغىنىڭ قار-مۇزلۇقلىرىدىن باشلىنىدىغان خوتەن دەرياسىدىن ئىبارەت ئۈچ سۇ مەنبەسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان. يەكەن دەرياسىنى تارىم دەرياسىنىڭ ئاساسلىق غولى دەپ قارىغاندا، بۇ ئانا دەريانىڭ ئېقىندىكى بۆركۆل (لوپنۇر كۆلىنىڭ ئەسلىي نامى)گە قەدەر ئۇزۇنلۇقى 2200 كىلومېتىر كېلىدۇ. بىراق «تارىم» نامى بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بۇ دەريا يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئۈچ دەريانىڭ قوشۇلغان جايىدىن بۆركۆلگىچە بولغان 1224 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بۆلەكنى كۆرسىتىدۇ. بۇ بۆلەكتىكى دەريا ھاۋزىسىنىڭ مەيدانى 435 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر. تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى يەر شەكلى ۋە سۇ رايى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئاقسۇ تەۋەلىكىدىكى ئارال شەھىرىدىن كۇچانىڭ خادا دۆڭ دېگەن يېرىگىچە بولغان قىسمى يۇقىرى ئېقىن، خادا دۆڭدىن لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ چارا دېگەن يېرىگىچە ئوتتۇرا ئېقىن، چارانىڭ تۆۋەن بۆلىكى تۆۋەن ئېقىن ھېسابلىنىدۇ.

تارىم دەرياسى ئېلىمىزدىكى ئەڭ چوڭ، ئەڭ ئۇزۇن ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى بولۇپ، ئاخىرقى مەنزىلگاھى

بۆركۆلگە كەلگەندە قۇملۇققا سىڭىپ كېتىدۇ. تارىم دەرياسى بويلىرى شىنجاڭنىڭ قەدىمكى بوستانلىق مەدەنىيەت بۆشۈكى. بۇ دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى 2 مىليون 622 مىڭ مو توغراقلىقنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى لوپنۇر مەدەنىيەت چەمبىرىنى مەركەز قىلغان ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىن دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ تەبىئىي توغراقلىق رايونى بولۇپ، خۇددى يېشىل كارىدورغا ئوخشايدۇ. ئۇ ئەسىرلەردىن بۇيان قۇمنى تىزگىنلەپ، ھاياتلىق بوستاننى قوغداپ كەلگەن تەبىئىي جەڭگىۋار قاراۋۇلدۇر. لېكىن، بۇ ھاياتلىق ئېقىننىڭ ئېكولوگىيەسى زامان تەرەققىياتى بىلەن تەتۈرتاناسىپ ھالدا قاباھەتلىك بۇزۇلۇش تەقدىرىگە دۇچ كەلدى. 20-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدا تارىم ئېقىنىدىكى ئوتتۇرىچە يىللىق سۇ مىقدارى 5 مىليارد 117 مىليون كۇب مېتىر بولغان بولسا، 90-يىللارغا كەلگەندە 2 مىليارد 188 مىليون كۇب مېترغا چۈشۈپ قالغان. تارىمنىڭ تۆۋەن ئېقىنى، يەنى چارا سۇ پونكىتىدىن ئۆتىدىغان سۇ مىقدارى 90-يىللارغا كەلگەندە 200 مىليون كۇب مېترغىمۇ يەتمىگەن. شۇنداق قىلىپ تارىم دەرياسىنىڭ ئاخىرقى قارارگاھى لوپنۇرنىڭ تەكەنلىك يېزىسىدىكى داشكۆل سۇ ئامبىرى قۇرۇپ كەتكەن، يىگسۇ (يۇرت — جاي ئىسمى)نىڭ تۆۋىنىدىكى 270 كىلومېتىردىن كۆپرەك ئۇزۇنلۇقتىكى بۆلەكتە تارىم ئېقىنىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغىنىغا 20 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بولغان. ئومۇمىي مەيدانى 100 كۋادرات كىلومېتىردىن چوڭراق بولغان داڭلىق بۆركۆل 1972-يىلىغا كەلگەندە سۇ مەنبەسى ئۈزۈلۈپ پۈتۈنلەي قۇرۇپ كەتكەن. ئەگەر ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدىن ئىلگىرى لوپنۇر يېشىل كارىدورىنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشىدا تەبىئىي ئامىللار ئاساسلىق رول ئوينىغان دېيىلسە، ئۇنىڭدىن كېيىنكى يېرىم ئەسىرلىك خارابلىشىشنى ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەتكە قىلغان ۋاپاسىزلىق، رەھىمسىزلىك پوزىتسىيەسى (ئىككىلەمچى ئامىل) كەلتۈرۈپ چىقاردى دېيىشكە ھەقلىقمىز. چۈنكى، تارىم ھاۋزىسىدا 1954-يىلدىن باشلاپ قارامىلىق بىلەن كەڭ كۆلەمدە «بوز يەر» ئېچىش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، 1985-يىلغىچە يېشىل كارىدورنى يوقىتىش ھېسابىغا 1 مىليون مودىن كۆپرەك ئاتالمىش تېرىلغۇ يەر ئېچىلدى. نەتىجىدە تەبىئىي توغراقلىق كۆلىمى 75% ئازىيىپ كەتتى، تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن قۇرۇقتاغ قۇملۇقى ھەر يىلى ئۇچ ~ بەش مېتىرغىچە سۈرئەت بىلەن يېشىل كارىدورنى يۇتۇۋېلىپ، ئىككىنچى «كروران تىراگېدىيەسى»نىڭ تەكرارلىنىشىغا ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى چېلىندى. بۇ ئاچچىق ھەقىقەتنى چوڭقۇر ھېس قىلغان مەركىزىي كومىتېت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى تارىم دەرياسى ۋادىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تۈزەش، تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنىدىكى سۇنى راۋانلاشتۇرۇش، يېشىل كارىدورنى قوغداش ۋە كېڭەيتىشنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە قويۇپ، 1997-يىلى «تارىم دەرياسىنى تۈزەش باش قوماندانلىق شتابى»نى قۇردى ھەمدە ئۇنىڭ پىلانى ۋە كونكرېت تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، بۇ چوڭ ئەل رايى قۇرۇلۇشىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدىلا مەركەز مالىيەسىدىن 10 مىليارد 700 مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجراتتى، مەركەزنىڭ يۈكسەك ئېتىبارى ۋە غەمخورلۇقى بىلەن ھالاكەتكە يۈزلەنگەن بۇ يېشىل كارىدور قىسقىغىنا ئون نەچچە يىل ئىچىدە قايتا ھاياتلىققا ئېرىشىپ، قۇرۇپ كەتكەن توغراقلار يېڭىدىن نوتىلاشقا باشلىدى. لېكىن، بۇ ھاياتلىقنى قوغداش پىلانىنىڭ مۇقەددىمىسى خالاس.

ئىككىنچى قېتىملىق لوپنۇر سەپىرىدە ھېس قىلغان يەنە بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ كۈچلۈك زەربىسىدە لوپنۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئېكولوگىيەسىمۇ ئۆزگىرىش، بۇزۇلۇشقا دۇچ كەلگەن. بۇ ھال لوپنۇرنىڭ ئۆزگىچە بولغان يەرلىك ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بىلەن دۇنيا كۆلەملىك زامانىۋى مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن توقۇنۇشتا ئىپادىلەنگەن. ياشاش شارائىتى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشى، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە قىممەت قاراشلىرىنىڭ يېڭىلىنىشى، تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىشىشى، ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر ۋاستىلىرىنىڭ ئومۇملىشىشى قاتارلىق ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ئامىللار سەۋەبىدىن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مۇھىتى تارىيىپ، لوپنۇردىكى پېشقەدەم قوشاقچىلار (قوشاقچىلار) ۋە «ۋەقەشۇناس»لارنىڭ سانى ئازىيىپ كەتكەن ياكى ئايىغى ئۈزۈلۈشكە باشلىغان. تۆۋەندىكى زىيارەت خاتىرىسى بۇنىڭ دەلىلى:

خۇداغا شۈكۈر، لوپنۇر قوشاقچىلىرىنىڭ ئاخىرقى ئىز باسارى 76 ياشلىق تۇرسۇن قوشۇق ھازىرمۇ ناھايىتى

جۇشقۇن ۋە روھلۇق ياشاۋېتىپتۇ (ئەپسۇس، بىز ئۇچرىشىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن مەرھۇم ئۇ دۇنياغا سەپەر قىپتۇ). تۇرسۇن قوشۇق بىلەن بولغان سۆھبەت مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدى.

— بىز لوپنۇرلۇقلارنىڭ كۆكسى- قارنى لوپنۇر كۆلىدىنمۇ كەڭ ھەم سېخىي. يۇرتىمىزغا كەلگەن مېھماندىن چېنىمىزنىمۇ ئايىمايمىز، — دەپ سۆز باشلىدى تۇرسۇن قوشۇق قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — راست گېپىمنى دېسەم مەن ئات ئۈستىدە گۈل سەيلىسى قىلىپ تەييارغا ھەييار بولىدىغان بەگزادە «ئالىم»لاردىن جاق تويدۇم، «بېيجىڭدىن كەلدىم، ئۈرۈمچىدىن كەلدىم» دەپ چوڭ- چوڭ ئورۇنلارنى شېپى كەلتۈرۈپ، يۇرتىمىزغا تەكشۈرۈشكە كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى ئىزدەيدۇ، ماتېرىيال بەر دەپ قىستايدۇ. دەرۋەقە ساددىلىقىمدىن 50 يىلدىن بۇيان تەكلىماكاننىڭ قۇم- باياۋانلىرىنى پىيادە كېزىپ، چوپانلار بىلەن مال قوتانلىرىدا بىللە يېتىپ توپلىغان خەلقىمىزنىڭ قىممەتلىك تەۋەررۈكلىرىنى ئۇلاردىن ئايىمىدىم. شۇنداق قىلىپ مەن شەھەرلىكلەر نېمە تەلەپ قىلسا شۇنى ھازىرلاپ بېرىدىغان «ئېچىل سۇپۇرۇم»غا ئايلىنىپ قالدىم. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئۇلار ئەجىر سىڭدۈرمەي ئېرىشكەن بۇ ئولجىلارنى خام- خوتىلا يالماپ، لوپنۇر شېۋىسىدىكى «ئۇجۇلۇق (ئۇرۇق نامى)نى «ئۇچلۇق»، «تاشا» (ياقا، چەت)نى «قاشا»، «ھاگا»نى «ھاۋا»، «قاشۇق»نى «قوشۇق»، «قوشۇق»نى «قوشاق»، «ئابدان»نى «ئابدال»، «قامۇس» (تومۇز)نى «قومۇش»، «ئوتاچى» (تېۋىپ)نى «ئوتاقچى»، «ئاغداش» (بەزلەش)نى «ئالداش»، «ئوغچا» (باسماق)نى «ئولجا»، «چۆلمەك» (توگۈچ)نى «چولۇك»، «جۇسۇن» (سۆزۈك)نى «يۇسۇن»، «سەمەر» (يوشۇرۇن)نى «سەھەر» دەپ ئۆزگەرتىپ، چاپقىنى ئالمەن دەپ جىرتاق قىلىپ قويدى. ھەتتا بۇنداق مەسئۇلىيەتسىزلىكنى ئاز دەپ لوپنۇرلۇقلارنىڭ مەدەنىيەت ئۆزگىچىلىكنى خاتا ئىزاھلاپ خاسلىقلىرىنى يوقىتىۋەتتى. «ئوتدا ياتقان گىردە يەپتۇ، كەتمەن چاپقان جىگدە» دېگەندەك، بىز توپلاپ بەرگەن ماتېرىياللارغا ئىسمىمىزنى ئېلىپمۇ قويمىدى. ھەيتاڭەي ھازىرقى ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا «ھەيدىن تۆرەم [1] روھى ئۆچۈپ قاپتۇ. رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت بايلىقىنى ئاچقۇچىلارغا ئۆردەك- ۋايىدەك يولباشلىغۇچى بولۇشقا رازىمىزكى، مېھمانسارايلاردا يېتىۋېلىپ قان- تەر ئاققۇزۇپ توپلىغان بىرىنچى قول ماتېرىياللىرىمىزنى يىغىشتۇرۇپ ئېلىپ كېتىدىغان ئەربابلارغا رايىمىز يوق، — تۇرسۇن قوشۇق قويۇن يانچۇقىدىن ئىككى دەپتەرنى چىقىرىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇرۇن كىتاب- ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان لوپنۇر قوشاقلىرىنىڭ خېلى كۆپچىلىكى ئەسلى ھالىتىدىن ئۆزگىرىپ كەتكەن، شۇڭا بۇ ياسالما قوشۇقلاردىن لوپنۇر مەدەنىيەت بەلبېغىنىڭ ئەنئەنىۋى خاسلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. مەن بۇ دەپتىرىمگە پەقەت لوپنۇرلۇقلارغىلا خاس بولغان 400 سوتۇقتىن ئارتۇق قوشۇقنى توپلاپ خاتىرىلىدىم، لېكىن بۇ خاتىرىنى سىلەرگە بېرەلمەيمەن، ئۆمرۈم يار بەرسە ئۇنى تېخىمۇ تولۇقلاپ ئۆزۈم نەشرگە تەييارلايمەن.

تۇرسۇن قوشۇق خاتىرە دەپتىرىنى ئاختۇرۇپ تېخى بىز ئاڭلاپ باقمىغان بىر قانچە سوتۇق قوشۇقنى ئەسلى ئاھاڭى بىلەن ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن خاتىرە دەپتىرىنى يەنە قويۇن يانچۇقىغا سېلىۋالدى. ئۇنىڭ ئاچچىق ئارىلاش ئېيتقان گېپىنىڭ تەسىرى بىلەن بىۋاستە توپلىغان بۇ خاتىرىسىنى سوراپ كۆرۈپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالمىدۇق، «ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى دەرھەقىقەت» دېدىم ئىچىمدە. خىجالەتچىلىكتىن قۇتۇلۇش مەقسىتىدە گەپنى باشقا ياققا بۇراپ ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— تۇرسۇن ئاكا، سوتۇق دېگەنلىرى نېمە؟

— لوپنۇر قوشاقلىرىنىڭ تۈزۈلۈش شەكلى باشقا جايلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، بىر سوتۇق قوشاق كۆپ ھاللاردا 11 ياكى 13 مىسرا (بەزىدە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ) لاردىن تەركىب تېپىپ بىر ۋەقەنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇنداق سوتۇقلارنىڭ تۇراق ۋە رىتىمى ئالتە مىسرالىق قوشاقلارنىڭ تۇراق، رىتىمىدىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ ھەمدە ھەر بىر كۇپلېتنىڭ تۆت مىسراسى ئالماش قاپىيەلىنىپ، ئاخىرقى 5- مىسرا شۇ كۇپلېتنىكى شېئىرى پىكىرنىڭ جۇلاسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئالدىنقى مىسرالارغا قاپىيەلىنىشنى شەرت قىلىنمايدۇ، ئەمما نىقرات (يادرۇش) سۈپىتىدە 2- كۇپلېتنىڭ 1- مىسراسى بولۇپ تەكرارلىنىپ ئالدىنقى كۇپلېت بىلەن كېيىنكى كۇپلېتلارنىڭ مەزمۇنىنى تۇتاشتۇرۇشتا ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. قاراڭلار:

مۇز ئاستىدا كۈن پاتىپ،
ئويۇڭگە كەلدىم ئۇخلاماي،
شۇ ئىچىمدىكى ئارمانىم.
ماختاپ ئاتىڭنى توختاماي،
يار كۆزى خۇمار ئەدى.

يار كۆزى خۇمار ئەدى،
كۆكسىدىكى تۇمار ئەدى.
بۇلتۇرغى شول ئابدالدىكى [2]
دەپ قىيامەت دۇنيا ئەدى.
چىرايلىق بولەك جۇسۇن [3]
چىرايلىق بولەك جۇسۇن،
............

مانا شۇ شەكىلدە تۈزۈلگەن بىر بۆلەك قوشاق «سوتۇق» دېيىلىدۇ.

مەن تۇرسۇن قوشۇقنىڭ چۈشەندۈرۈشىدىن لوپنۇر تىلىدىكى «سوتۇق»نىڭ ياۋروپا كلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى «سونت» بىلەن مەلۇم دەرىجىدە ئوخشاشلىقىنى پەملىدىم. دەرۋەقە «سونت» پەقەت 14 مىسرادىن تۈزۈلگەن، تۇراق، قاپىيەلىرى قېلىپلاشقان بىر خىل شېئىرىي ژانىر بولۇپ، ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇرەببە شەكلىگە ئوخشايدۇ. لوپنۇر قوشاقلىرىدىكى «سوتۇق» بىلەن ياۋروپا كلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى «سونت» ئاتالغۇلىرى مەنە قاتلىمى جەھەتتىن يىلتىزداشمۇ قانداق؟ بۇ ھەقتە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىش زۆرۈردەك قىلىدۇ.

— ئابدۇكېرىم ئەپەندى، مەن «پو» ئاتقىنىم بىلەن توپلىغان ماتېرىياللىرىمنى قانداق تەرتىپكە سېلىشنىڭ يولىنى بىلمەيمەن. ۋاقتىڭىز چىقسا لوپنۇرغا بىرەر ئاي چۆككىدەك بولۇپ كېلىڭ، مەن سىزگە ئۆردەكۆيدەك باشلامچى بولۇپ باشقىلار تېخى ئاياغ باسمىغان نۇقتىلارنى كۆرسىتىمەن، ھازىر يۇرتىمىزنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىمۇ شەھەرلەردەك ئاۋاتلىشىپ كەتتى. شۇڭا زېرىكىشتىن، ئاچ-توق قېلىشتىن ئەنسىرىمەڭ، پەقەت قوشنىچىمىز رۇخسەت قىلسىلا كۇپايە، — دېدى تۇرسۇن قوشۇق چاقچاق ئارىلاش.

مەن تۇرسۇن قوشۇقنىڭ دېھقانلارغا خاس تەكەللۇپسىز سۆزلىرىنى ئاڭلاپ خىجالەتچىلىك ئىچىدە چوڭقۇر ئويغا پاتتىم. دەرۋەقە، مەن 30 نەچچە يىلدىن بۇيان فولكلور مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن ھەپىلەشتىم، لېكىن ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ھەقىقىي مەنىدىكى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋاقتىم بەكمۇ قىسقا. كۆپ ھاللاردا ئىككىلەمچى ماتېرىياللارغا تايىنىپ قۇراقچىلىق بىلەن كۈنلىرىم ئۆتۈپتۇ. قارىشىمچە، ھۇجرىغا بېكىنىۋېلىپ كىتاب يېزىش بىزدە خېلى كەڭ ئومۇملىشىپ قالغان ئوخشايدۇ. يېقىندا بىرىنىڭ ئېغىزىدىن جۇڭگودا «ئالىم تولا، باشلىرى تاز، كىتاب تولا، يېڭىلىق ئاز» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇ گەپنى گەرچە مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتكىلى بولمىسىمۇ، ئاشۇ ھېكمەت ئىچىگە مەلۇم ھەقىقەت يوشۇرۇنغان. ئىلىم ساھەسىنىڭ، بولۇپمۇ ئادەمنى ئوبيېكت قىلغان گۇمانىتار پەنلەر تەتقىقاتىنىڭ خام ئەشياسى ئاۋام ئارىسىدا بولۇپ، بۇ جاۋاھىرىياتلارنى سۈزۈش ئۈچۈن خەلق دېڭىزىغا غەۋۋاسلاردەك چوڭقۇر شۇڭغۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلالىغاندىلا مەڭگۈ يىقىلماس ئىلمىي ئابىدە تىكلىنىدۇ. بۈۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تەۋەررۇك ئابىدىسى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئەنە شۇنداق ئىلمىي روھنىڭ شېرىن مېۋىسى. 11-ئەسىر مۇھىتىدا بارلىقىنى ئىلىمگە ئاتىغان بۇ «ئىلىمگە ھۆددىگەر پىرىم» قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ تىللاردا داستان بولغىدەك جاسارەت بىلەن 15 يىل ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا رايونلىرىنى قىدىرىپ تەكشۈرگەن. مەھمۇد كاشغەرىي بۇ ھەقتە توختىلىپ: «مەن شۇ تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن، جەڭ ئىشلىرىغا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ شەھەر، سەھرالىرىنى باشتىن-ئاياغ كېزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، قىرغىز، چىگىل، ياغمىلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيەلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ ئۇلاردىن پايدىلاندىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تىلى مېنىڭ دىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى. مەن ئۇلارنى پۇختا رەتلەپ، ئوبدان تەرتىپكە سېلىپ چىقتىم.» [4] دەيدۇ. زامان ۋە ماكان نۇقتىسىدىن 11-ئەسىر مۇھىتىدا يۇرت ۋە مەھەللىلەرنى تۇتاشتۇرىدىغان بۈگۈنكىدەك داغدام يوللارمۇ، ئات-ئېشەكتىن باشقا قاتناش ۋاستىلىرىمۇ يوق،

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەل-يۇرت ناھايىتى ئۇزۇك ۋە تارقاق بولۇپ، تاغ-باياۋان، دەشت-چۆللەرنى يالاڭ ئاياغ كېزىش، قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقى بىلەن تومۇزنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقىغا بەرداشلىق بېرىش، ماگدامدا دۇچ كېلىدىغان يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمى، ئوغرى-قاراقچىلارنىڭ ۋەھىمىسى، ئۇسسۇزلۇق، ئاچلىق ئازابى... قاتارلىق جانغا تېكىلگەن قىيىنچىلىقلارغا پىسەنت قىلماسلىق پەقەت جاسارەتلىك ئوغلان مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھاياتلىق شەجەرىسى بولۇپ، بۇنداق ئەمەلىيەتچىل ئىلىم روھى بىلەن ئۆزىمىزنى قانداقمۇ سېلىشتۇرالايمىز؟! مەھمۇد كاشغەرىيدە بىز تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان چىدام، ۋە غەيرەت-شىجائەت بولغاچقا، خۇددى ئۆزى قەيت قىلغاندەك، بۇ يېتۈك ئەسەرنى ئۆزىدىن بۇرۇن ھېچكىم ئىشەنمىگەن ۋە ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان ئالاھىدە بىر تەرتىپتە تۈزۈپ، «يېڭىلىقلار بىرىشتە قىيامىغا، قىممەت ۋە گۈزەللىكتە پايانىغا» [5] يەتكۈزگەن.

بىز يەنە «ئەجنەبىي» ئۆلىمالارنىڭ ئىلمىي ئېكسپېدىتسىيە روھىنى ئەسلەپ ئۆتەيلى: دۇنيانى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان «يىپەك يولى» ئېچىلغاندىن بۇيان بۇ خاسىيەتلىك مەدەنىيەت يولىنىڭ تۆگىنى بولغان غەربىي رايونغا كېلىپ ھەر خىل مەقسەتلەر بىلەن بۇ مۇقەددەس دىيارىمىزنى قىدىرىپ تەكشۈرگەن ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى نەچچە يۈزگە يېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىملىرى «ئارخېئولوگ»، «گېئوگراف»، «ئېتنوگراف» دېگەنگە ئوخشاش ئىلمىي قالپاقلارنى كىيىۋېلىپ، ئەينى دەۋردىكى غەرب كاپىتالىزمىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىي مۇددىئاسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، مەدەنىيەت جەھەتتىن ئالدىن سىڭىپ كىرىشتەك غەيرىي پائالىيەتلەر بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. لېكىن، مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۆزلىرىنىڭ شۇغۇللانغان كەسپىي دائىرىسىدە يۇرتىمىزنىڭ كۆمۈلۈپ ياتقان تېپىلغۇسىز مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى قېزىش، قوغداش، رەتلەش ئىشلىرىدا جاپالىق قىدىرىپ تەكشۈرۈپ، تارىخ ياد ئەتكۈدەك ئەجايىب خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن.

بىز تېخى بۇ سەيياھلارنىڭ رىيازەتلىك ساياھەت خاتىرىلىرىنى رەتلەپ چىقىرىشقا ئۈلگۈرەلمىدۇق. شۇنداق تۇرۇقلۇق ساددا ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغىمىز بىلەن ئۇلارنى قاراقويۇقلا «ئەجنەبىي قاراقچىلار» دەپمۇ تىللىدۇق. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ تارىم مەدەنىيىتىنىڭ سىرىنى ئېچىش يولىدا كۆرسەتكەن پىداكارانە ئىلمىي روھى بىزنىڭ مەڭگۈلۈك ئۆگىنىش ئۈلگىمىز بولۇشقا مۇناسىپ. ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدە يېقىنقى زاماندىن بۇيان يۇرتىمىزنىڭ مەدەنىيەت سىرلىرى ھەققىدە شۋېتسىيەلىك مەشھۇر ئارخېئولوگ ۋە ئېتنوگراف ۋە سۋېن ھېدىندەك قار-تەر ئاققۇزۇپ تەكشۈرگەن ۋە دۇنياۋى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن ئېكسپېدىتسىيەچىلەر ئاز بولسا كېرەك. دوكتور ئەسئەت سۇلايماننىڭ شۋېتسىيەدىكى ساياھەت خاتىرىسى — «ئۆزلۈك ۋە كىملىك» ناملىق كىتابىنىڭ «سۋېن ھېدىن خاتىرە سارىيىدىكى ئىككى بوتۇلكا دۇغ سۇ» بابىدىن مەلۇم بولۇشىچە، سۋېن ھېدىن جەمئىي بەش قېتىم تارىم ۋادىسىدا ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. سۋېن ھېدىن ئۆزىدىن 20 يىل بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن رۇسىيەنىڭ ئاتاقلىق ئارخېئولوگى پىرژېۋالسكىينىڭ «لوپنۇر كۆلىگە سەپەر» ناملىق ئىلمىي تەكشۈرۈش كىتابىنى قانچە قېتىملاپ ئوقۇش ۋە رۇس تىلىدىن شۋېتچىگە تەرجىمە قىلىش جەريانىدا، بۇ سىرلىق زۇننىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈش ئىستىكى قوزغالغان. شۇنىڭ بىلەن پىرژېۋالسكىينىڭ لوپنۇر سەپىرىدىن 20 يىل كېيىن، يەنى 1896-يىلى 4-ئايدا ئۇ بىرىنچى قېتىم كەشمىر ئارقىلىق خوتەنگە كېلىپ سال بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنى بويلاپ، لوپنۇرلۇقلارنىڭ مەركىزى ئابدال كەنتىگە يېتىپ بارغان. قۇم-بورانغا يەم بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئابدال كەنتىدە ئۇ لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئاقساقىلى كۈنچىقان بەگنىڭ قىزغىن قوللىشى ۋە ياردىمىگە ئېرىشىپ، ئۆز تەسەۋۋۇرىدىنمۇ كۆپرەك تەسىراتلارغا ئىگە بولغان. شۇنىڭدىن باشلاپ شۋېتسىيەلىك بۇ مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيەچىنىڭ لوپنۇرلۇقلار بىلەن بولغان 40 يىللىق تارىخىي رىشتىسى باغلانغان. 1899-يىلى سۋېن ھېدىن 2-قېتىم لوپنۇر كۆلى ۋادىسىغا قەدەم باسىدۇ. لوپنۇرلۇقلار تەرىپىدىن «ھەيدىن تۆرەم» شەرىپىگە نائىل بولغان سۋېن ھېدىن لوپنۇر ۋادىسىنىڭ تىرىك شاھىتى ئۆردەكبايىنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقى ئاستىدا ئون نەچچە ئەسىرلەپ «ئۇخلاپ ياتقان» قەدىمكى مەشھۇر كروران شەھىرىنىڭ خارابىسىنى

تېپىپ دۇنيا ئارخېئولوگىيە ساھەسىنى زىلزىلىگە سالدۇ. شۇنداق قىلىپ، 1934 ـ يىلى 70 ياشقا يېقىنلىشىپ قالغان سۋېن ھېدىن 32 يىللىق قەدىنىسى ئۆردەكباينىڭ ھەمراھلىقىدا 5 ـ قېتىملىق لوپنۇر سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، تىلسىملىق ماكان تارىم ۋادىسىنىڭ سىرىنى ئېچىپ، ياۋروپا ئىلىم ساھەسىدىكى چولپانغا ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ 40 يىللىق ئېكسپېدىتسىيەسىدە چەككەن رىيازەتلىرىنى ئەسلىسەك، بۇ ئىلىم ئادىمىگە بولغان ھۆرمەت ۋە سېغىنىشىمىز ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. سۋېن ھېدىن تۇنجى قېتىم خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ، تەكلىماكاندىن ئىبارەت بۇ «ھالاكەت دېڭىزى»غا قىلغان سەپىرىدە مۇنداق بىر تەسىرلىك ۋەقە يۈز بەرگەن: 1895 ـ يىلى ئەتىيازدا 40 ياش ئۆپچۆرىسىدىكى بۇ قىران بۈركۈت تەكلىماكان بويىدىكى مەكىتلىك قاسىم ئاخۇن، ئىسلامباي، مۇھەممەدشاھ قاتارلىق يولباشچىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا، تەكلىماكانىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئاخىرقى نۇقتا خوتەنگە بارماقچى بولىدۇ. لېكىن ئويلىمىغان يەردىن ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى خوتەن دەرياسىنىڭ غەربى ۋە يەكەن دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى بىپايان چۆلدە يۆنىلىشتىن ئېزىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىچىدىغان سۈيى تۈگەپ كېتىپ سەپەرداشلىرى بىر ـ بىرلەپ قۇملۇقتا يىقىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىرادىلىك يولباشلىغۇچىسى قاسىم ئاخۇنمۇ ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن ھالسىزلىنىپ ھوشىدىن كېتىدۇ. ھايات ـ ماماتلىق سىنىقىغا دۇچ كەلگەن سۋېن ھېدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلىككە پاتىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەت بۇرچى ئۇنىڭغا چىدام ۋە غەيرەت ئاتا قىلىپ، ئۇسسۇزلۇققا قارشى كۆرەشكە ئۈندەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنىلا مېڭىشنى توختاتمايدۇ، ئاخىر خوتەن دەرياسىنىڭ قۇرۇغان ئېقىنىدىكى قۇمۇشلۇق ئىچىدىن بىر شورلۇق كۆلچەكنى بايقايدۇ. كەلكۈن پەسلىدە يىغىلىپ قالغان بۇ سۇ سۋېن ھېدىنغا قايتىدىن ھاياتبەخش ئېتىدۇ. ئۇ كۆلچەكتىكى دۇغ سۇنى قانغۇچە ئىچىپ، ئېسىگە كېلىۋالغاندىن كېيىن، پۇتىدىكى چېگرىن ئۆتۈكنى سېلىپ، ئۇنىڭغا لىق سۇ ئالىدۇ ـ دە، بىر قۇرۇغان توغراق ياغىچىنى ئەپكەش قىلىپ سەپەرداشلىرى ھوشسىز ياتقان يەرگە كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. قاسىم ئاخۇن باشلىق ھەمراھلار ئۆتۈكتىكى سۇنى ئىچىپ، ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتۇلىدۇ [6]. كېيىنچە سۋېن ھېدىننى تەتقىق قىلغۇچىلار بۇ كۆلچەكنى «ھېدىن كۆلچىكى» دەپ ئاتاشقان. 1994 ـ يىلى سۋېن ھېدىن ھاياتىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن شىۋېتسىيە بىلەن جۇڭگونىڭ بىرلەشمە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى سۋېن ھېدىننىڭ ئىزىنى بويلاپ تەكلىماكان قۇملۇقىنى جەنۇبتىن شىمالغا كېسىپ ئۆتۈش سەپىرىنى باشلايدۇ. بۇ قېتىمقى قىدىرىش جەريانىدا سۋېن ھېدىننىڭ «كۆچمە كۆل» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسەن، خوتەن دەرياسىنىڭ يەكەن دەرياسى بىلەن قوشۇلىدىغان جايىغا تەخمىنەن 100 كىلومېتىرچە كېلىدىغان جايدىكى قۇرۇق ئېقىن ئىچىدىن سۋېن ھېدىننىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇۋالغان «ھېدىن كۆلچىكى»نى تاپىدۇ ھەمدە سۋېن ھېدىننىڭ 5 ـ قېتىملىق مۇشەققەتلىك تارىم ئېكسپېدىتسىيەسىنىڭ مۇقەددەس يالدامىسى سۈپىتىدە بۇ كۆلچەكتىن ئىككى بوتۇلكىغا سۇ قاچىلاپ، ئۇنى شىۋېتسىيەنىڭ مەركىزى ستوكھولمدىكى دۆلەتلىك ئېتنوگرافىيە مۇزېيىنىڭ 2 ـ قەۋىتىدىكى «سۋېن ھېدىن خاتىرە سارىيى»غا قويىدۇ. بۇ ئىككى بوتۇلكا دۇغ سۇ سۋېن ھېدىننىڭ يۇرتىمىز بىلەن زىچ باغلانغان بىر ئۆمۈرلۈك ئېكسپېدىتسىيە ھاياتىنىڭ مەڭگۈلۈك سىمۋولى بولۇپ قالىدۇ. كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئىلمىي تەكشۈرۈش شۇ رايونغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببەت تۈيغۇسىدىن تۇغۇلىدىغان جاپالىق ئىزدىنىش، تىنىمسىز ئىجادىي ئەمگەك ھېسابلىنىدۇ. بۈگۈنكىدەك توققۇزى تەل ئەۋزەل شارائىت ئاستىدا، «يېڭىلىق» ئىزدەۋاتقان بىزدەك ئىلمىي خادىملارنىڭ ئىلمىي روھىنى مەھمۇد كاشغەرىي، جۈملىدىن سۋېن ھېدىن قاتارلىق كۆپلىگەن ئالىملىرىمىزنىڭ ئەينى زاماندىكى «يىڭنە بىلەن قۇدۇق قازغان»دەك چىداملىق روھى بىلەن سېلىشتۇرساق، ھەققەتەن پەرقىنىڭ چوڭ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. بۇ نۇقتىدا لوپنۇرلۇق تۇرسۇن قوشۇقنىڭ قاراتمىلىققا ئىگە يۇمۇرلۇق تەنبىھلىرى تولىمۇ جايىدا ئېيتىلغان ئورۇنلۇق گەپتەك قىلىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، مەركەزدىن تارتىپ ھەرقايسى ئۆلكە ـ رايونلاردىن كېلىپ «بوزلۇقتا يول ئېچىش» مەقسىتىدە ئاساسىي قاتلامدا «ئىلمىي تەكشۈرۈش» ئېلىپ بېرىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىسىمۇ (مەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى قېزىپ چىقالايدىغانلار بەك ئاز. كۆپچىلىكىمىز ئايروپىلان ياكى ماشىنا بىلەن نىشانلىغان رايون-

غا بېرىپ، ئۇ جايدىكى شارائىتى ياخشى، ئازادە مېھمانخا-
نىغا ئورۇنلىشىپ، ئاندىن يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەت-
لىك باشلىقلىرىنى ئىزدەيمىز. يۇقىرى ئورگانلارنىڭ تامغى-
سى ئۇرۇلغان قىزىل باشلىق ھۆججەتنى پەش قىلىپ
ئۇلارنىڭ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلىمىز. ئاساسىي قات-
لامدىكىلەر ئىشلەپ تەييار قىلىپ قويغان ئىككىنچى، ئۈ-
چىنچى قول ماتېرىياللارنى يىغىۋالىمىز. يۇقىرىدىن ھەرقان-
داق ئادەم كەلسە، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىرىدىغان ئۆلچەم-
لىك سەنئەتكار ياكى ئەلنەغمىچىلەرنى چاقىرتىپ، رېستو-
ران ئۈستىلى ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ ئۇلاردىن «ئەھۋال» ئە-
گىلەيمىز ـ دە، ئولجىغا ئېرىشكەن تەلەيلىك مېھماندەك
پۇت ـ قولىمىزغا چاڭ قوندۇرماي تەنتەنىلىك قايتىمىز ۋە
كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىمىزنى ئانچە ـ مۇنچە پەردازلاپ،
«تەكشۈرۈش دوكلاتى» تەييارلاپ ئېلان قىلىشقا ئالدى-
رايمىز. بۇنداق «تەكشۈرۈش» ئارقىلىق ئېرىشكەن مۇ-
ۋەپپەقىيەتلەردە قانچىلىك يېڭىلىق، ئىجادىيلىق بارلىقىنى
مۆلچەرلەش تەس.

قىسقىسى، بىزنىڭ ئەنئەنىۋى روھىمىز «ئەمەلىيەت-
چىل پەلسەپە» ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ھەرقانداق بىر
ئىلمىي كەشپىياتتا ئوبيېكتنى بىۋاسىتە كۆزىتىش، چوڭقۇر
ۋە ئەتراپلىق تەكشۈرۈش، ئوبيېكت بىلەن بىر گەۋدىلە-
شىش نىشانىدا چىڭ تۇرۇشنى تەكىتلەيمىز.

مېنىڭ 3 ـ قېتىملىق لوپنۇر سەپىرىم ئىنتايىن پايدىلىق
پۇرسەتلەر ئىچىدە ئۆتكەن يىلى، يەنى 2012 ـ يىلى 1 ـ ئاۋ-
غۇستتىن 6 ـ ئاۋغۇستقىچە بەش كۈن داۋاملاشتى. ئەسلىدە
بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش مۇنداق بىر ئالىي مەقسەت بىلەن
رويابقا چىققان: يىل بېشىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى
باش سېكرېتار خۇجىنتاۋ باشچىلىقىدا يېڭى جۇڭگو قۇرۇل-
غاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم مەدەنىيەت خىزمىتى يىغىنى ئې-
چىلىپ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى-
نىڭ پىروگراممىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، تارىخىي ئەھمى-
يەتكە ئىگە بۇ كاتتا يىغىننىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاش-
تۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونىمىز-
دىمۇ 2012 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا جاڭ چۈنشيەن
شۇجى باشچىلىقىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مە-
دەنىيەت خىزمەت يىغىنى ئېچىلدى. مۇشۇ ئىككى چوڭ يە-
غىننىڭ تۈرتكىسى ۋە ئىلھامى بىلەن لوپنۇر ناھىيەلىك
پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتلىشىپ «تۇنجى قې-
تىملىق لوپنۇرلۇقلار مەدەنىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»
ئۆتكۈزۈشنى پىلانلىغان ھەمدە بۇ پىلاننى ئەمەلىيلەشتۈ-
رۈپ، لوپنۇرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق
بۇ مۇھاكىمە يىغىنىنى سۈپەتلىك ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك
ئېچىپ، لوپنۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى مەملىكەتكە ۋە
دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش، يىغىننىڭ روھى ئارقىلىق لوپنۇر-
نىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنى سىلجىتىش ئۈچۈن، يىغىننىڭ
تەشكىلىي كۆنتەرتىپلىرى ۋە ئىلمىي ئىشلىرىنى تەشكىللەش-
تە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەت-
چىلەر بىرلەشمىسى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى «شىنجاڭ
سەنئىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى بىلەن ھەمكارلاشقان.
ئىككى تەرەپ كۆپ قېتىم مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، يە-
غىننى بۇ يىل 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئېچىشنى قارارلاش-
تۇرۇپ، ئەمەلىي تەييارلىق خىزمەتلىرىنى باشلىغان، ئەنە
شۇ تەييارلىق خىزمەتلەرنىڭ 1 ـ قەدىمى بىر قىسىم مۇتە-
خەسسىسلەر لوپنۇرغا بېرىپ ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ
بېرىش ئىدى. بۇ ئىشنى ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچى-
لەر بىرلەشمىسىنىڭ ھاۋالىسىغا ئاساسەن «شىنجاڭ سەنئە-
تى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، ئىقتىدارلىق
ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەشكىلاتچىسى ئۆمەرجان ئىمىن ئە-
پەندى قول سېلىپ ئىشلەپ، ئورۇمچىدىكى «لوپنۇرشۇ-
ناس» مۇتەخەسسىسلەردىن 15 كىشىنى تەشكىللىدى. پې-
قىرمۇ مۇشۇ كوللېكتىپ تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئەزاسى
سۈپىتىدە نۇقتىلىق تېما بويىچە لوپنۇرنى 3 ـ قېتىم زىيا-
رەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. گەرچە ۋاقىت قىسقا بول-
سىمۇ ناھىيەلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنتايىن
كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە غەمخورلۇقى ئاستىدا لوپنۇر بازار
ئىچى، داش يېزىسى، ناھىيەلىك مۇزېيى، تارىم بويىدىكى
يېڭىدىن قۇرۇلغان ساياھەت نۇقتىسى — لوپنۇرلۇقلار
كەنتى، ئاقسۇپا يېزىسى، دۆڭقوتان يېزىسى، قارچۇغا يېزى-
سى، ئۆردەكباي قەبرىگاھى... قاتارلىق كۆپلىگەن يۇرت ـ مە-
ھەللىلەرنى كېزىپ، يۈزلىگەن پېشقەدەم خەلق سەنئەتكار-
لىرى ۋە ۋەقەشۇناسلار بىلەن كوللېكتىپ ۋە يەككە ھالدا
سۆھبەت ئۇيۇشتۇرۇپ ھەر بىرىمىز كۆڭلىمىزگە پۈككەن
تېمىلار دائىرىسىدە قىممەتلىك ماتېرىياللارغا ئېرىشتۇق.
مېنىڭ قىزىققىنىم ۋە ئۇزاقتىن بۇيان ئىزدىنىۋاتقىنىم لوپنۇر

ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى يۇرت نامىلىرىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى بىلەن لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئېتنىك تەركىبى ئىدى. بۇ ھەقتىكى تارىخىي يازما مەنبەلەر ئاساسەن يوق دېيەرلىك بولۇپ، كۆپرەك ئەل ئىچىدىكى ۋەقەشۇناسلارنىڭ ئاغزاكى تارىخىي بايانلىرىغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. دەرۋەقە، يازما مەنبەسى يوق ئاغزاكى تارىخىي بايانلارنى «ئەپسانە-رىۋايەت» دەپلا قاراپ ئانچە ئېتىبارغا ئېلىپ كەتمەيمىز. ئەمما بۈگۈنكى دۇنيا ئىلىم ساھەسىدە «ئاغزاكى ۋەقەشۇناسلىق» قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىپ، تارىخشۇناسلارنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىماقتا. تارىختا پۈتۈلمىگەن نۇرغۇن مەخپىي سىرلار ۋەقەشۇناسلارنىڭ ئاغزاكى بايانلىرى ئارقىلىق يېشىلمەكتە. بۇ بىر رېئاللىق. شۇڭا مەنمۇ «كەلگۈسىدە تارىخشۇناسلارنىڭ دەلىللەپ بېكىتىشى ئۈچۈن ھېچبولمىغاندا بىر يىپ ئۇچى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دېگەن خالىس نىيەت بىلەن لوپنۇرنىڭ توپونىمى ۋە ئانترىپونىمىغا ئائىت ئىككى ھالقىلىق مەسىلە ھەققىدىكى ئىزدىنىشىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچى:

### 1. لوپ ۋە لوپنۇر نامى توغرىسىدا

شىنجاڭدا «لوپ» نامى بىلەن ئاتىلىدىغان ئىككى يۇرت بار. بىرى، خوتەننىڭ شەرقىدىكى لوپ ناھىيەسى؛ يەنە بىرى، بىز مۇھاكىمە قىلىۋاتقان تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى «لوپ» ياكى ھازىرقى لوپنۇر ناھىيەسى. بۇ نام قەدىمكى بەزى تارىخىي ھۆججەتلەردە «نوپ» ، «لوپ» ياكى «نابوپو» دەپ يېزىلغان. «شۇەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى» (ئۇيغۇرچە نۇسخا 5-باب، 85-ۋاراق، 15-، 17-قۇرلار)دا: «لوپ» دېگەن شەھەر ئىسمى بولۇپ، بۇ ‹لولەن› دېگەن يەردۇر» دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ. بۇ يەر خەنزۇچىدا «纳缚波» (نابوپۇ) دەپ خاتىرىلەنگەن. «ماركوپولو ساياھەتنامىسى»دە بۇ يەر ئىسمى «لوپ» دەپ يېزىلغان. قەدىمكى تۈبۈت تىلىدا بۇ ئىسىم (nop) دەپ يېزىلغان [7].

بىزنىڭچە، بۇ ئاتالغۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئېتنو مورفېمى «نوپ» بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. بۇ نام يىپەك يولى سودىسى تازا روناق تاپقان تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە بۇ يەردە ياشىغان سوغدىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەسلىدە ھازىرقى چوڭ لوپنۇر كۆلى بىلەن كىچىك لوپنۇر كۆلى ئارىلىقىدىكى بوستانلىقتا «يېڭىسۇ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كۆجۈم يۇرت بولغان. ھازىرمۇ لوپنۇرلۇقلار بۇ جاينىڭ نامىنى «يېڭىسۇ» دەپ ئاتايدۇ (بۇ جاي ھازىر بېڭتۇەن 2-دۇيزىيە 35-تۇەننىڭ قارمىقىدا). تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى قۇرۇپ كەتمەستىن بۇرۇن «يېڭىسۇ» ناھايىتى ئەۋلەك يۇرت بولۇپ، «لوپنۇر» دېگەن ئىسىم قويۇلماستىن ئىلگىرى ساپ ئۇيغۇر تىلىدىكى «يېڭىسۇ» دېگەن توپونىم كەڭ مەنىدە «لوپنۇر»غا ۋەكىللىك قىلاتتى. شۇ نۇقتىدىن ھازىرقى «لوپنۇر» دېگەن نامنىڭ تەگ (يىلتىزى) نامى «يېڭىسۇ» دېيىلىدىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. سوغدىلار بۇ رايونغا كەلگەندىن كېيىن ئۇ يەرنى «نەۋئاپ» (Navap) دەپ ئاتىغان. «نەۋئاپ» — سوغدى تىلىدا «يېڭىسۇ»نىڭ تەرجىمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مىرەندىن تېپىلغان تۈبۈتچە ھۆججەتتە «نوپ چىن» ۋە «نوپ چاڭ» دېگەن ئىسىملار ئۇچرايدۇ (ھازىرقى چاقىلىق تەۋەلىكىدە نوپچاڭ دېگەن بىر يۇرت بار). بۇ «چوڭ نوپ»، «كىچىك نوپ» دېگەن بولىدۇ. دېمەك، تۈبۈت تىلىدا سوغدى تىلىدىكى «يېڭى» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «نەۋ» (ئۇيغۇرچىدا «نو») سۆزى «نوپ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان بولۇپ، يەنىلا «يېڭى» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭغا تۈبۈت تىلىدىكى «كۆل» (سۇ ) مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «نور» سۆزى قوشۇلۇپ «نوپ-نور» (ئۇيغۇرچە شەكلى «لوپنۇر») دېگەن «توپونىم» بارلىققا كەلگەن. تۈبۈت تىلىدىكى بۇ قوش ئىسىممۇ ئوخشاشلا «يېڭىسۇ» دېمەكتۇر. بۇ ئىسىمنىڭ سانسكرىت تىلىدىكى شەكلى «Navapa» (ناۋاپا) بولۇپ، سانكرىتچە «Nawa-para» (ناۋا-پارا)دىن كەلگەن. سانسكرىت تىلىدىكى بۇ سۆزنىڭ مەنىسىمۇ «يېڭىسۇ» دېمەكتۇر. بەزى ئالىملار بۇ ئىسىمنىڭ خەنزۇچىدىكى «纳缚波» (نابوپو شەكلىنى مەزكۇر نامنىڭ سانسكرىتچىلاشقان شەكلى « Navapa » نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ.

دېمەك، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلەشكەن «تۈپ سۆز» «لوپ» ياكى «لوپنۇر» سوغدى تىلىدا «نەۋئاپ»، تۈبۈت تىلىدا «نوپ» (لوپ) ياكى «لوپنۇر»، سانسكرىت تىلىدا «ناۋاپا» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان بولۇپ، ھەممىسىنىڭ مەنىسى ئۇيغۇرچە نام — «يېڭىسۇ» دېگەن يۇرت نامىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر.

تارىختا مىلادى 7 - ئەسىردىن 10 - ئەسىرلەرگىچە تارىم ئېتىكىدىكى رايونلاردا بىر مەزگىل تۈبۈتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى مەلۇم. ئېھتىمال ئاشۇ تارىخىي ئىجتىمائىي مۇھىتتا «يېڭىسۇ»نىڭ تۈبۈتچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بولغان «لوپنۇر» سۆزى بۇ يەردە ياشىغان يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ تىلىغا سىڭىپ، بۇ جاينىڭ نامى «لوپنۇر»غا ئومۇملىشىپ قالغانلىقى ئېھتىمال.

بىرەر جاي-ئورۇن نامى ھەمدە مۇئەييەن بودۇن — خەلق توپى نامىنىڭ سۇبستانتىۋلىشىش (ئىسىمغا ئايلىنىش، ئىسىم كاتېگورىيەسىگە تېگىشلىك بولۇش) جەريانىدا دائىم فونېتىكىلىق، مورفولوگىيەلىك ۋە سىنتاكسىسلىق ئۆزگىرىشلەرگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا توپونىم (توپوس — ئورۇن، يەر - جاي، نام - ئاتاق دېگەن سۆزلەرنىڭ بىرىكمىسى)نى سېمانتىكىلىق ۋە ئېتىمولوگىيەلىك جەھەتلەردىن ئانالىز قىلغاندا ئەينى دەۋر تىل مۇھىتىدا يۈز بەرگەن فونېتىك ۋە مورفولوگىك ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق زۆرۈر، پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا، ھالا بۈگۈنكى زامان ئادەملىرىنىڭ تىل ئادىتىدە قېلىپلىشىپ قالغان توپونىملارنىڭ تارىخىي سىرىنى ۋە شۇ جاي نامى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن قەدىمكى مەدەنىيەت تىندۇرمىلىرىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى مۇئەييەن ئېنىقلىقتا يېشىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

مەلۇمكى، غەربىي يۇرت قەدىمكى يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ ئۆتۈشمە ئېغىزى بولغاچقا، بۇ زونىدا كۆپ خىل ئىرق، كۆپ خىل دىن، كۆپ خىل تىل-يېزىق، كۆپ خىل مەدەنىيەت ئامىللىرى ئۆزئارا ئۇچراشقان، قوشۇلغان ياكى سىنكرېتلاشقان (ئارىلاشقان). قەدىمكى زاماندا ياشاش ئېھتىياجى، تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى، جۈملىدىن تەبىئىي، ئىجتىمائىي، كۇلتۇرەل شارائىتلار تۈپەيلىدىن مۇئەييەن خەلق توپى ئۇياقتىن بۇياققا، بۇياقتىن ئۇياققا تىنىمسىز كۆچۈپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولاتتى. ئاخىر ئۇلار نىسپىي ماكانلاشقان جايلاردا ئۆزلىرىنىڭ يا ئۇنداق، يا مۇنداق ئىزلىرىنى قالدۇراتتى. شۇ ۋەجىدىن بەزى يەر - جاي ناملىرى قوشنا ئۇلۇس-مىللەتلەرنىڭ تىللىرىدا ئۆزلىرىنىڭ تىل ئادەتلىرىگە بېقىندۇرۇلۇپ تەلەپپۇز جەھەتتە دائىم ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان، بەزىلىرى تەگ تىلى بىلەن ئۇ جايدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان باشقا تىلدىكى بودۇنلارنىڭ فونېتىك-لىق ئامىللىرى بىلەن بىرىكىپ سىنكرېتىك (ئارىلاشما) نام بولۇپ شەكىللەنگەن. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەسلىدىكى ئېتنو توپونىملار ئۆزگىرىپ، گوياكى باشقا تىل سىستېمىلىرىدا قويۇلغان بىرلەمچى نامدەك تۇيغۇ بېرىپ قويغان. بۇ ئىككىلەمچى ئامىللار بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭدىكى توپونىملارنىڭ نامىنى بېكىتىشتە «خەنزۇچە نام، ھىندى-سانسكرىتچە نام، گرېك-ئىرانچە نام، موڭغۇلچە نام، تۈبۈتچە نام، مانجۇ-تۇنگۇسچە نام، ئورۇسچە نام...» دېگەندەك ئازغۇن«ھۆكۈم»لەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولماقتا. دەرۋەقە، شىنجاڭنىڭ توپونىملىرىدا قەدىمكى ئورال-ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى تۈركىي تىللار ئائىلىسى (كونكرېتراق ئېيتقاندا ئۇيغۇر تىلى) تىللىرىدا قويۇلغان ناملاردىن باشقا موڭغۇل، مانجۇ تىللىرىدا قويۇلغان ناملار، خەن-زاڭ تىل سىستېمىسىغا كىرىدىغان تىللاردا قويۇلغان ناملارمۇ چەكلىك نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ، لېكىن بۇنداق توپونىملارنىڭ تەگ-يىلتىزىنى تەھقىقلەشتە شۇ جايدا ياشىغان ئانا يىلتىزلىق خەلقلەرنىڭ تىل دىيالېكتلىرىنى فونېتىكىلىق ۋە سېمانتىكىلىق نۇقتىدىن بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇش، فونېتىك ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەرتىپ-قانۇنىيەتلىرىنى تارىخىي تىلشۇناسلىق ئەندىزىسى بويىچە ئۆزلۈكىگە قايتۇرۇش، شۇ تىللارنىڭ ئەينى زاماندىكى تەلەپپۇز شەكلى بويىچە ترانسكرىپسىيەلەر قاتارلىق ئىلمىي ئۇسۇللارنى قوللانغاندا ئىزدەنمەكچى بولغان توپونىملارنىڭ ئەسلىدىكى نامى ۋە مىللىيەت گېنى ئېنىقلىنىدۇ. ئەقەللىي چۈشەنچە بويىچە تەسەۋۋۇر قىلغاندىمۇ مۇئەييەن بىر جايدا ئەڭ بۇرۇن كىم ماكانلاشقان بولسا شۇ جايغا ئاشۇ ماكانلاشقۇچى خەلق ئۆز تىلىدا ئىسىم قويىدۇ. لېكىن، ھەر خىل تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يەر-جايلارنىڭ بىرلەمچى ئىسىملىرى ئىككىلەمچى ياكى ئۈچلەمچى ناملارغىمۇ ئۆزگىرىپ قېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: «قۇرۇق تاغ» (قارا قۇرۇم) ئەسلىدە ئۇيغۇر تىلىدا قويۇلغان نام بولۇپ، ھىندى پراكرىت تىلىدا «كھوم-روم» (KHOM−Rom) دەپ ئۆز تىلىغا بويسۇندۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىنغان. ئۇنى خەنزۇ تىلىدا «كۇن-لۇن» دېگەن ئاھاڭ تەلەپپۇزى بىلەن ئۆزلەشتۈرگەن، بۇ سۆز رۇس تىلىدا (جۈملىدىن ياۋروپالىقلار تىلىدا) «كۇئېنلۇن» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ نام ھەممە

خەلقلەر تىلىدا ئومۇملىشىپ قالدى. نەتىجىدە خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا جۈملىدىن، ئېلىمىزدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ تىللىرىدا ھەر ئىككى نام «قارا قورۇم» ۋە «كوئېنلۈن» تەڭداش قوللىنىلىپ ئەسلىدىكى بىر تاغ تىزمىسى ئىككى تاغ تىزمىسىغا ئايلىنىپ قېلىشتەك جۇغراپىيەلىك سەۋەنلىكنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولدى، بۇنداق مىساللار يەر-جاي ناملىرىدا خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئەڭ بۇرۇن رۇسىيە جۇغراپىيە جەمئىيىتىنىڭ نوپۇزلۇق ئالىمى نىكولاي مىخايلوۋىچ پىرژىۋالسكىي (1839—1899-يىللار) 1876-، 1877-يىللىرى لوپنۇرغا كېلىپ ئېكسپېدىتسىيە قىلغاندا، تارىم دەرياسىنىڭ ئاخىرقى مەنزىلگاھىدىكى كۆچمە ئارال شەكىللىك «كۆل»لەرنىڭ نامىنى ئومۇمىي نام بىلەن «لوپنۇر كۆلى» دەپ ئاتىغان. يەرلىك خەلقلەر بۇ كۆل تىزمىسىنى «قارا قويۇن» كۆلى دەپ ئاتايتتى. يەرلىك ئاھالە تىلىدىكى «قارا قويۇن»، «تايىق كۆلى»، «ئارچا كۆلى»، «قورۇق كۆل» دەپ ئاتالغان تۆت بۆلەك كۆلنىڭ ئورتاق نامى كېيىنچە «لوپنۇر كۆلى» دەپ ئاتالغان. مەزكۇر نامنىڭ ھازىرقى لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ ئورتاق نامى بولۇپ قېلىش تارىخى ناھايىتى قىسقا. ئۇنىڭدىن بۇرۇن زوزۇڭتاڭ دەۋرىدە دۇرال (ھازىرقى تىكەنلىك يېزىسىدا ناھىيە تەسىس قىلىنىپ «دۇرال ناھىيەسى» دەپ ئاتالغان، بۇ ھەقتە خەلق ئارىسىدا رىۋايەتلەر بار (سەھىپە ئېتىبارى بىلەن بۇ ھەقتىكى ئاغزاكى رىۋايەتلەرنى قىستۇرمىدۇق).

**2. لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئېتنىك تەركىبى توغرىسىدا**

لوپنۇرنى مەركەز قىلغان تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنلىرىدىكى بوستانلىقلار ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىن بۇيان ھەر خىل ئىرقتىكى ئىنسان تۈركۈملىرى ياشاپ كەلگەن قەدىمكى مەدەنىيەت بەلباغلىرىدىن بىرى. دۇنيا ئارخېئولوگىيەسىنى زىلزىلىگە سالغان «كروران گۈزىلى» بۇنىڭ جانلىق شاھىتى. ۋاھالەنكى، بۇ رايوندا ياشىغان ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ زادى كىملەر ئىكەنلىكى ھەققىدە ئانتروپولوگىيەلىك مەنبەلەر يوق دېيەرلىك. شۇڭا ئۇنى ئېتنىك نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈش ئىنتايىن مۇرەككەپ تېما ھېسابلىنىدۇ. تولۇق بولمىغان بەزى تارىخىي ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ رايوندا مىلادىيەدىن بۇرۇنقى بىر قانچە خانلىق ھۆكۈم سۈرگەنلىكى مەلۇم.

شۇلارنىڭ بىرى خەنزۇچە پۈتۈكنامىلەردە «罗兰» (لولەن) دەپ خاتىرىلەنگەن «رورەن پادىشاھلىقى»دۇر. بۇ ئىسىم ئەڭ دەسلەپ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 176-يىلى ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ خەن سۇلالىسىگە يازغان بىر پارچە مەكتۇپىدا ئۇچرايدۇ. شۇنىڭدىن 50 يىل كېيىن (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 126-يىلى) خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي رايونغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى جاڭ چيەن غەربىي رايون ھەققىدە مەركەزگە يوللىغان دوكلاتىدا: «لولەن (رورەن)، گاۋچاڭ (قوچۇ)نىڭ سېپىلى بار ئىكەن. تۇزلۇق كۆل (لوپنۇر كۆلىنى دېمەكچى بولسا كېرەك — ئا) گە يېقىن ئىكەن» دەپ يازغان. كېيىن فاشيەن بىلەن شۈەن زاڭ بۇددا نوملىرىنى ئىزدەپ غەربىي رايونغا بارغاندا «رورەن» شەھىرى ئاللىقاچان خارابىلىككە ئايلانغانىكەن، رورەن ئەسلىدە بىر پادىشاھلىق بولۇپ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 92-يىلى ئۇنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بۇ شەھەر خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇن ئىمپېراتورلۇقىنىڭ تالىشىدىغان ئوبيېكتى بولۇپ قالغان. ئاخىر ھۇن ئىمپېراتورلۇقى تەيىنلىگەن رورەننىڭ يېڭى پادىشاھى خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي ئەمەلدارى فو جيېزى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن رورەن پادىشاھلىقى دەۋرى ئاخىرلاشقان، شۇنىڭدىن كېيىن «رورەن»نىڭ نامى «鄯善» (شەنشەن ياكى قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردە «پىشامشان»)غا ئۆزگەرتىلگەن. خەن سۇلالىسى پۈتۈكلىرىدىكى «لولەن «پىرورەن»نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، توخرى (تۇخار)لارنىڭ قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلىرىدە بۇ نام «كىروراينا» ياكى «كروران» دەپ خاتىرىلەنگەن. شۇڭا بەزى چەت ئەللىك ئالىملار «楼兰»نى «كروران»نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ قارايدۇ. بۇ جاي ھازىر «مىرەن» دەپ ئاتىلىدۇ. مىرەن بىر مەزگىل گۈللەنگەندىن كېيىن مىلادىيە 7-، 8-ئەسىرلەر ئارىلىقىدا يەنىلا كۆچمە قۇم ئاستىدا قېلىپ خارابىلىككە ئايلانغان. ئەنگلىيەلىك ستەيىن مىرەن خارابىلىكىدە ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق مۆلچەرلىگۈسىز مەدەنىيەت تېپىندىلىرىغا ئىگە بولغان. ئۇنىڭ ئىچىدە گىرېك مەدەنىيىتى ئۇسلۇبىدا سىزىلغان «قاناتلىق پەرى»نىڭ رەسمى ھەممىدىن مەشھۇر. يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان «نوپ» (لوپ) تەۋەلىكىدىكى قەدىمكى شەھەر-قەلئەلەرنىڭ ئورنىنى ئالىملار ھەر خىل

كۆرستىدۇ. لېكىن كۆپچىلىك ئالىملار، بۇ شەھەرلەر ئىزچىل تۈردە لوپ ياكى «نوپ» كۆلىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى «يېڭىسۇ» ئەتراپىدا دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ. كروران ياكى رورەن بەگلىكى دەۋرلىرىدە بۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تارىختا «كىچىك يۆشىلەر» (ياۋچىلار) دەپ ئاتالغان توخرىلار بولسا كېرەك. كۇچا (كۇسەن)دىن تېپىلغان توخرى تىلىدىكى ھۆججەتلەردىن قارىغاندا، تەكلىماكاننىڭ شىمالى (قارا شەھەر، كۇچا) لاردا ياشىغان توخرىلار بىلەن تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدا ياشىغان توخرىلار ئارىسىدا قانداشلىق مۇناسىۋەت بولغان بولسا كېرەك. لېكىن بۇ ھەقتە يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈش ۋە بۇ ھەقتىكى تارىخىي ھۆججەتلەردىكى ئۇچۇرلارنى ئانتروپولوگىيە، ئېتنوگرافىيە ۋە تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن سېلىشتۇرۇپ تەھقىقلەش زۆرۈر.

يېقىنقى تەكشۈرۈشلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ھازىرقى لوپنۇرلۇقلار ئۆزلىرىنى ئۈچ چوڭ ئۇرۇقتىن تەركىب تاپقان دەپ قارايدۇ. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50-، 60-يىللىرىغىچە ھەرقانداق بىر لوپنۇرلۇقتىن «سىز قايسى جەمەتتىن؟» دەپ سورىسا، «مەن پالانى ئۇرۇقتىن» دەپ ئېنىق جاۋاب بېرەلەيتتى. 3-قېتىملىق سەپىرىمدە مۇشۇ مەسىلىنى سۈرۈشتە قىلسام، قىسمەن پېشقەدەملەردىن باشقا ياشلار ئۆزلىرىنىڭ زاتىنى (ئۇرۇقىنى) ئاساسەن بىلمەيدىكەن. مېنىڭ 1977-يىلدىكى تەكشۈرۈش خاتىرەمگە ئاساسلانغاندا ئانتىرپوزىم جەھەتتىن لوپنۇرنىڭ ھازىرقى رېئال ئاھالىسى ئۈچ چوڭ ئۇرۇق ياكى جەمەتتىن تەركىب تاپقان.

بىرىنچى چوڭ ئۇرۇق — «قارا قوشۇن» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇلار لوپنۇر ئاھالىسىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. «قارا قوشۇن»لار كۆپرەك تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنىدىكى تىكەنلىك، ئابدان، (يۇرت ئىسمى، جانلىق تىلدا «ئابدال»مۇ دېيىلىدۇ). لايسۇ، يېڭىسۇ، دۆڭقوتان، قارچۇغا قاتارلىق يۇرتلارغا مەركەزلىك ماكانلاشقان. ئۇلار ياشىغان جايلار پاياسىز توغراقلىق بولغاچقا، ئۇلار ئۆزلىرىنى «داغلىقچىلار» دېيىشىدۇ. «قارا قوشۇن»لار ھەققىدە ۋەقەشۇناسلار ئارىسىدا ئوخشىمىغان چۈشەنچىلەر بار: بەزىلەر، ئۇلارنى ئۇپقان دەرياسى بويىدا ياشىغۇچى لوپنۇرنىڭ ئەسلىي يەرلىك خەلقى دېسە، يەنە بەزىلەر جەنۇبىي ھۇنلار غەربكە جازا يۈرۈشى قىلغاندا، لوپنۇر ئەتراپىدىكى يەرلىك خەلقلەر ھۇنلاردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن چوڭ بىر قوشۇن تۈزگەن، ئۇلار بېشىغا پۆپۈكلۈك ئۈچلۈق قارا قالپاق كىيىپ، ئۈستىگە قارا رەڭلىك يۇڭ توقۇلما كىيىم كىيگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار «قارا قوشۇن» دەپ ئاتىلىپ قالغان، دېيىشىدۇ. بۇ يەردىكى «قارا» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «بۈيۈك، ئالىي، يۈكسەك، چوڭ» مەنىسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز. لېكىن مېنىڭ قارىشىمچە «قوشۇن» ھازىرقى زامان تىلىمىزدىكى «قوشۇن» (ئەسكىرىي قىسىم) مەنىسىنى بىلدۈرمىسە كېرەك. چۈنكى 10-ئەسىردىن بۇرۇن ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىدە «قوشۇن» سۆزى ئۇچرىمايدۇ. بىزنىڭچە لوپنۇردىكى «قارا قوشۇن» دەپ ئاتالغان ئۇرۇق نامى بىلەن «قوچۇ»نىڭ ئېتنىك مەنبەسى مەلۇم ئورتاقلىققا ئىگە بولۇشى مۇمكىن. ھەر ئىككى ئاتالغۇنىڭ مەنبەسى موڭغۇل دالىسىدا باش كۆتۈرگەن ھۇن ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1-، 3-ئەسىرلەر) خېشى كارىدورىدىن تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي ئېتەكلىرىگىچە بولغان كەڭ زېمىنلاردا ياشىغان ئۇلۇغ ياۋچىلار (خەنزۇچە ھۆججەتلەردە يۆشى، يۆجى دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان. غەرب ئالىملىرى قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرگە ئاساسلىنىپ ئۇلارنى «تۇخار» ياكى «توخرى» دەپ ئاتايدۇ)نىڭ بىر تارمىقى بولغان «قوش» ياكى «قوشۇ» قەبىلىلىرىنىڭ نامىدىن كەلگەن بولۇپ، تۇخار تىلى بولۇشى مۇمكىن. «توخار» غەرب تىلشۇناسلىرىنىڭ تەلەپپۇزى بولۇپ، قەدىمكى ئورال-ئالتاي تىللىرىدا «توخرى» دەپ ئاتالغان. «توخرى» ئالتاي تىللىرىدا (ھازىر بولسا مانجۇ-تۇنگۇس تىللىرىدا) «ھارۋا»، «ئارابە»، دېمەكتۇر. بۇ نام ھارۋىنىڭ كەشپىياتچىلىرى بولغان قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدا ھارۋىنىڭ سۈپەتلىمىسى بويىچە «قاڭقا» ياكى «قاڭقىلار» دەپ ئاتالغان. قاڭقىلار نەسەب جەھەتتىن قەدىمكى ئۇيغۇر (ئوغۇر — ئوغۇز) قەبىلە ئىتتىپاقى ئىچىدىكى «قۇتىغور» (قۇت ئۇيغۇر) دەپ ئاتالغان «قوش» (قوشۇ، قوشان ياكى كوشان) قەبىلىسىگە تەۋە ئىدى. بۇ نام قەدىمكى خەنزۇ تىلىنىڭ تەلەپپۇزى بويىچە «كوشى، گوشى» («故师»، «车师») دەپ خاتىرىگە ئېلىنغان.

بۇ يەردىكى «车» خېتى ھازىرقىدەك «خې» ئوقۇلماستىن قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا «گو، كو، قۇ» ( KO، GO، QO) دەپ ئوقۇلاتتى. ئەنە شۇ «قوشۇ» (قوش) قەبىلىسى قويغۇ خانىنىڭ باشچىلىقىدا ھازىرقى تۇران دىيارىدا قوشۇ كاھبەگلىكىنى قۇرغان. بۇ بەگلىك قەدىمكى خەنزۇچە مەنبەلەردە «车师都尉国» دەپ يېزىلغان بولۇپ، «قوچۇ بەگلىكى» دېگەنلىكتۇر. دېمەك، بۇ يەردە «ش» تاۋۇشى «چ» تاۋۇشىغا ئالماشقان. «ش»نىڭ «چ»غا نۆۋەتلىشىشى تۈركىي تىللارغا مەنسۇپ بولغان ئورتاق تىل ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ تىل رېئاللىقى بويىچە ئېيتقاندا «قوچۇ» (QOCHO) ئاتالغۇسى قەبىلە نامى «قوشۇ»دىن كەلگەن. بۇ نام ئەسلىدە ئانتروپونىم بولۇپ، كېيىنچە توپونىم سۈپىتىدىمۇ ئىستېمال قىلىنغان. مەسىلەن: مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدىمۇ: «قوچۇ ئۇيغۇر شەھەرلىرىدىن بىرىنىڭ ئېتى. بەزىدە ئۇ يەردىكى شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ» دېگەن ئىزاھ ئۇچرايدۇ، ئېنىقكى، بۇ يەردە «قوچۇ» توپونىملىق مەنە خاراكتېرىگە ئىگە.

ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، لوپنۇردىكى «قارا قوشۇن»لار تارىختا خېشى كارىدورىدىن غەربىي جەنۇبقا سىلجىغان «قوشۇ» قەبىلىسىنىڭ لوپنۇر رايونىدا ماكانلىشىپ قالغان بۆلىكى بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇلار ئەسلىي نامىنى ساقلاپ قالغان، كېيىنچە جانلىق تىلدا «ن» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالغان بولۇشى ئېھتىمال. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ناخشا-قوشاقلىرىدا «قوش»، «قوشۇ» دېگەن سۆزلەرنىڭ بولۇشىمۇ يۇقىرىقى پىكرىمىزنى ئىسپاتلايدۇ. ھازىر مەتبۇئاتلاردا «قارا قوشۇن قوشىقى»، «قارا قوشۇنلۇقلار قوشىقى» دەپ ئېلىنىۋاتىدۇ. بۇ ئۇرۇق-قەبىلە نامى يەنى ئانتروپونىم بولغاچقا، يەر-جاي تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان «لوق»، «لىك» قوشۇمچىسىنى قوشۇپ ئاتاشقا بولماس. چۈنكى «ئۇيغۇرلۇقلار»، «قازاقلىقلار» دېگىلى بولمىغىنىدەك، «قوشۇلۇقلار» دېيىش توغرا ئەمەس. «قارا قوشۇنلار» ھەققىدە تىلشۇناس، ئالىم ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى ئۆزىنىڭ «توپونىمغا دائىر ئىزدىنىشلەر» ناملىق ماقالىسىدە يەنە باشقىچىرەك پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ماقالىنىڭ «قاچۇن» ماددىسىدا «قاچۇن ھازىرقى كېرىيە ناھىيەسىنىڭ شەھەر ئىچىدىن ئۆتىدىغان ئۆستەڭ ۋە ئۇنىڭ بويىدىكى يېزا نامى. مىلادىيە 11-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كېرىيەدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن كۆچۈرۈلگەن ئاھالىنىڭ بىر قىسمى ‹قارا قوۋچىن› ياكى ‹قوچىن›، ‹قوچۇن› دەپ ئاتالغان قوۋم ئىدى... لوپنۇردىمۇ ‹قارا قوشۇن› دەپ ئاتىلىدىغان قوۋم ياشىغان، بۇلارمۇ ‹قارا قوچۇن› بولۇشى ئېھتىمال [8] دەپ يازىدۇ، شۇڭا بۇ ھەقتە داۋاملىق ئىزدىنىپ توغرا ۋە ئىشەنچلىك يەكۈن چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىككىنچى، «يانلا ئۇرۇقى» — ئۆزلىرىنى «يانلا» دېيىشىدىغان پېشقەدەملەرنىڭ ئىزاھلىشىچە، «يان تەرەپتە ئولتۇرغۇچى»، «ياقا-يۇرتلاردىن ئولتۇراقلاشقۇچى»لارنى «يانلا» دېيىشىدىكەن. يەنى باشقا رايونلاردىن (ئاساسەن تۇرپان، پىچان، قومۇل، يەنجى (قارا شەھەر)، كۇچا، ھەتتا خوتەن، قەشقەر قاتارلىق رايونلاردىن ) لوپنۇر بوستانلىقىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلارنى كۆزدە تۇتقان. يەنە بەزىلەر مىرەن شەھىرى قۇمغا كۆمۈلۈپ خارابىلىككە ئايلانغاندىن كېيىن ئامان قالغان كىشىلەرمۇ شۇ جايغا يۆتكەلگەن، شۇڭا ئۇلارنى بۇ يۇرتلاردىكى قېرىنداشلىرى «يانلا»، «يان ياقلىقلار» دەپ ئاتاشقان، دېيىشىدۇ. ئۈچىنچى بىر خىل ئىزاھلاشتا، يەنسەي (ئاناساي) قىرغىزلىرى شىمالىي قۇملۇقتىن غەربىي رايونغا قاراپ كۆچكەن مەزگىللەردە ئۇلارنىڭ بىر قىسمى خېشى كارىدورىدىن ئۆتۈپ، قاشقوۋۇق (يۈيمىنگۈەن)دىن ئايرىلغان جەنۇبىي يىپەك يولىنى بويلاپ تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنىدىكى كەڭ كەتكەن يايلاقلاردا ماكانلىشىپ قالغان ۋە ئاستا-ئاستا ئۇ جايدا ياشايدىغان يەرلىك ئاھالىلەر قېتىغا سىڭىشىپ، ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن، ياندىن كەلگەن بۇ قوۋمنىڭ 1-ئەجدادى كويوك، 2-ئەۋلادى چاگار، 3-ئەۋلادى بېردەك، 4-ئەۋلادى قەزى، 5-ئەۋلادى كۈنبۈك، 6-ئەۋلادى ئېرتەك، 7-ئەۋلادى مامبەت دېگەن ئاغزاكى رىۋايەتلەر بار [9]. دەرۋەقە، ھازىرغىچە ساقلانغان بەزى يەرلىك ناخشا-كۈيلەرنىڭ مېلودىيەسىدە مەلۇم دەرىجىدە قىرغىز ئىرجىرلىرىنىڭ پۇرىقى بارلىقىنى سېزىمىز. بۇنى ئەلۋەتتە كۈيشۇناسلىق نۇقتىسىدىن كومپوزىتورلىرىمىز تەتقىق قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. ھازىرغىچە بۇ ھەقتە ھېچقانداق تارىخىي يازما ئۇچۇرلار بولمىغاچقا يۇقىرىقى پىكىرلەرنىڭ توغرا-خاتالىقىنى بېكىتىشكە ئامال-

سىز قالدۇق. شۇڭا ئورتاق ئىزدىنىپ بېقىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۈچىنچى، «جوداخ ئۇرۇقى»، ئۇلار ئۆزلىرىنى «قالۇچى» دەپمۇ ئاتايدۇ. «قالۇچى»لار توغرىسىدىكى يەرلىك رىۋايەتلەرنىڭ بەزىلىرىدە چىڭگىزخان ئىستېلاسىدىن كېيىن چوڭ يۇلتۇز ئەتراپىغا ماكانلاشقان موڭغۇللار ئۆزلىرىنىڭ لامالىرىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن يىلدا بىر قېتىم تىبەتكە بارىدىغان بولغاچقا دائىم دۆڭقوتاننىڭ غەربىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىكەن. بۇ مۇشكۈل سەپەر جەريانىدا ۋاقتى- سائىتى توشۇپ قالغان ئىككى تاۋاپچى ئايال دۆڭقوتان ئاچىلىغا كەلگەندە بىرلا ۋاقىتتا يەڭگىپتۇ. يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان بۇ بىر جۈپ بوۋاقنىڭ بىرسى ئوغۇل، يەنە بىرسى قىز ئىكەن. يولدىكى خېيىم- خەتەردىن ئەنسىرىگەن بۇ تاۋاپچى موڭغۇللار بۇ بىر جۈپ پەرزەنتنى شۇ جايدىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ بېقىۋېلىشىغا تاشلاپ كېتىدىكەن ۋە ھەر يىلى تاۋاپ مەزگىلىدە ئۆزلىرىنىڭ بۇ پۇشتىنى يوقلاپ تۇرىدىكەن. يىللار ئۆتۈپ بۇ بىر جۈپ موڭغۇل پۇشتى چوڭ بولۇپتۇ ۋە بىر- بىرىگە ئۆيلىنىپتۇ. مانا شۇ بىر جۈپ ئوغۇل- قىزدىن كۆپەيگەنلەر ئۆزلىرىنى «جوداخلار» [10]» ياكى «قالۇچى» دەپ ئاتاشقانىكەن دەپ ھېكايە قىلىنسا، يەنە بىر خىل رىۋايەتتە، چوڭ يۇلتۇز ئەتراپىدىكى موڭغۇللار لوپنۇرلۇقلارنىڭ بېلىقچىلىق ھۈنىرىگە ناھايىتى قىزىقىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىر جۈپ پەرزەنتلىرىنى مانجا (بېلىق تۇتىدىغان تور) بىلەن ئالماشتۇرغان. بۇ موڭغۇل پەرزەنتلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى ئالا تولو، يەنە بىرسىنىڭ ئىسمى چالى تولو ئىكەن. ئۇلار چوڭ بولۇپ ئەر- خوتۇن بولۇپتۇ، ئۇلاردىن قالغان نەسىللەر ئۆزلىرىنى «قالۇچى» دەپ ئاتىغانىكەن، يۇقىرىدىكى ھەر ئىككى رىۋايەت مەزمۇن جەھەتتىن ئوخشاشلىققا ئىگە. بۇ ئۇرۇق كۆپرەك دۆڭقوتان ئەتراپىدىكى «لايسۇ»غا ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى «لايسۇلۇق مانجاچى» دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ ئۇرۇقلار توغرىسىدا ھازىرغىچە قولىمىزدا ھېچقانداق يازما ئۇچۇر بولمىغاچقا، بەزى ۋەقەشۇناسلارنىڭ ئاغزاكى رىۋايەتلىرىگە تايىنىشتىن باشقا ئامال بولمىدى، شۇڭا بۇ ھەقتە ئىزدەنگەنلەرنىڭ تولۇقلىشىغا موھتاجمىز.

لوپنۇرلۇقلار شۇ رايوننىڭ تەبىئىي شارائىتى تۈپەيلىدىن جەمەتنى بىرلىك قىلىپ كۆچمەن ھالەتتە تارقاق ئولتۇراقلاشقان. شۇڭا جەمەتچىلىك ئىزنالىرى باشقا ئۇيغۇر رايونلىرىغا قارىغاندا بىر قەدەر تولۇق ساقلانغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەتتە ئەۋلادنىڭ نەسەبنامىسىنى بىلىدىغانلار خېلى كۆپ نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. ئەلۋەتتە نەسەب تارىخى شۇ رايوننىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىشنىڭ بىر بەلگىسى بولغاچقا، ئۇنىمۇ قېزىش، رەتلەش ۋە ئىسخېملاشتۇرۇش مۇھىم ئانتروپولوگىيەلىك قىممەتكە ئىگە.

مەن بۇ ماقالىدە ئۈچ قېتىملىق لوپنۇر زىيارىتى جەريانىدىكى تەسىراتلىرىمدىن قىسمەن تەمەچلەرنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇم، لوپنۇرشۇناس دوستلارنىڭ تولۇقلىشىنى ۋە تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئىزاھاتلار:

[1] «ھەيدىن تۆرەم» — شۋېتسىيەلىك مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيەچى سۋېن ھېدىن لوپنۇرلۇقلار «ھەيدىن تۆرەم» دېيىشىدۇ.

[2] ئابدال — لوپنۇردىكى يەر ئىسمى.

[3] جۇسۇن — سۇزۇك.

[4] مەھمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1ـ توم، 3ـ ، 8ـ بەتلەر.

[5] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1ـ توم، 8ـ بەت.

[6] ئەسئەت سۇلايمان: «ئۆزلۈك ۋە كىملىك»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 102ـ، 103ـ، 104ـ، 107ـ، 108ـ بەتلەر.

[7] ئىبراھىم مۇتئىي: «تەكلىماكان ئەتراپىدىكى قەدىمكى شەھەرلەر»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» 1996ـ يىلى 1ـ سان، 108ـ بەت.

[8] ئىمىن تۇرسۇن: «تۇپۇنىمغا دائىر ئىزدىنىشلەر»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى، 1996ـ يىلى 3ـ سان، 43ـ بەت.

[9] بۇ ئاغزاكى رىۋايەتنى 1977ـ يىلى 8ـ ئاينىڭ 26ـ كۈنى دۆڭقوتان يېزىسىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان پېشقەدەملەر سۆھبىتىدە خاتىرىلەنگەن خاتىرەمدىن ئالدىم.

[10] چوداغ — موڭغۇلچە سۆز بولۇپ، «چو» — بۇت، «داغ» — تاۋاپ مەنىسىدە.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى.



مەتتۇرسۇن ئېلى

# «ئوچۇق خەت»كە ئوچۇق خەت

—— سۇلايمان قەييۇمنىڭ مەتتىمىن ھوشۇر ئاكىغا يازغان ئوچۇق خېتىنى ئوقۇغاندىن كېيىن

سۇلايمان قەييۇمنىڭ يازغۇچى مەتتىمىن ھوشۇر ئاكىغا يازغان ئوچۇق خېتىنى («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2012 - يىللىق 6 - سان) قىزىقىپ ئوقۇپ چىقتىم. ھۆرمەتلىك يازغۇچىمىز مەتتىمىن ھوشۇر ئاكىغا يېزىلغىنى بىلەن ھەممىگە تالىق بولغان، شەكلى ئەركىن، مەزمۇنى چاچما بۇ خەت نۇرغۇن تەرەپلەرگە تۇتۇشىدىكەن. شۇڭا ئۇنى مەتتىمىن ھوشۇر ئاكا باشچىلىقىدىكى بارلىق يازغۇچىلارغا، ئەدەبىي تەنقىدچىلەرگە، ئوقۇرمەنلەرگە، ھەتتا پۈتۈن مىللەت كىشىلىرىگە يېزىلغان خەت دەپ قارىساق تېخىمۇ توغرا بولىدىغەدەك. سۇلايمان قەييۇمنىڭ سەممىي يۈرەك سۆزلىرىدىن تەركىب تاپقان بۇ «خەت»تە ئادەمنى ئويلاندۇرىدىغان نۇرغۇن پايدىلىق تەكلىپ، تەۋسىيە ھەم تەشەببۇسلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپتۇ. بۇلارنىڭ ئەدەبىياتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇئەييەن ئىجابىي رول ئوينايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. مەن «خەت»نى ئوقۇۋېتىپ ئۇنىڭدا بەزى مەسىلەلەرنىڭمۇ مەۋجۇتلۇقىنى بايقىدىم ھەمدە بۇ مەسىلىلەرنى كۆرسىتىش ۋە ئۇلارغا تېگىشلىك ئىزاھاتلارنى بېرىشنى لايىق تاپتىم.

1. فرانسىيە يازغۇچىلىرىنىڭ رەت تەرتىپى مەسىلىسى. خەتنىڭ بېشىدا (ژۇرنالنىڭ 33 - بېتىدە) سەككىز نەپەر فرانسىيە يازغۇچىسى تىلغا ئېلىنغان. ئەسلىي جۈملە مۇنداق: «بالزاك يازغان شۇ پارىژنى فلوبېر، ئالېكساندىر ديۇما، ئېمىل زولا، ھيۇگو، ستېندال، مارسېل پىروست ۋە مۇپاسسانلار يېزىپ يەنە ئېشىپ قالدى.» خوش، بىز بۇ جۈملىدىكى گىراماتىكىلىق ۋە مەنتىقىلىق خاتالىقنى («بالزاك يازغان شۇ پارىژنى... يېزىپ يەنە ئېشىپ قالدى.») قويۇپ تۇرۇپ، يۇقىرىقى يازغۇچىلارنىڭ ياشىغان يىلىغا قاراپ باقايلى: بالزاك (1799 — 1850)، فلوبېر (1821 — 1880)، ئالېكساندىر ديۇما (1824 — 1895)، ئېمىل زولا (1840 — 1902)، ھيۇگو (1802 — 1885)، ستېندال (1783 — 1842)، مارسېل پىروست (1871 — 1922)، مۇپاسسان (1850 — 1893). كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، «خەت»تە 1842 - يىلى ۋاپات بولغان ستېندال ئۆزىدىن 50 يىل كېيىن ۋاپات بولغان ئېمىل زولانىڭمۇ كەينىگە تىزىلىپ قالغان. 1893 - يىلى ۋاپات بولغان مۇپاسسان بولسا ئۆزىدىن ئۈچ يىل كېيىن ۋاپات بولغان ئالېكساندىر ديۇمانىڭ، توققۇز يىل كېيىن ۋاپات بولغان ئېمىل زولانىڭ، 29 يىل كېيىن ۋاپات بولغان مارسېل پىروستنىڭ كەينىگە تىزىلىپ قالغان. ئاپتور بۇ يازغۇچىلارنى رەتكە تىزغاندا نېمىنى ئاساس قىلدى بۇنىسى نامەلۇم، ئەمما يۇقىرىقى جۈملىدىن ئۇنىڭ ئۇلارنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەۋاتقانلىقى ۋە تەكىتلەۋاتقانلىقى ناھايىتى ئېنىق. شۇڭا ئۇلارنى ۋاپات بولغان يىلى بويىچە تىزىش مېنىڭچە ئەقىلگە مۇۋاپىق. ئۇ چاغدا تەرتىپ مۇنداق بولىدۇ: ستېندال (1842 - يىلى ۋاپات بولغان)، بالزاك (1850 - يىلى ۋاپات بولغان)، فلوبېر (1880 - يىلى ۋاپات بولغان)، ھيۇگو (1885 - يىلى ۋاپات بولغان)، مۇ-

ئوبزورچىلار مۇنبىرى

پاسسان (1893 - يىلى ۋاپات بولغان)، ئالېكساندىر دىيۇما (1895 - يىلى ۋاپات بولغان)، ئېمىل زولا (1902 - يىلى ۋاپات بولغان)، مارسېل پىروست (1922 - يىلى ۋاپات بولغان). ناۋادا ئاپتور «بالزاك يازغان پارىژ XXلار يېزىپ يەنە ئېشىپ قالدى» دېمەكچى بولسا، ستېندالنى تىلغا ئېلىپ ئولتۇرمايلا تەرتىپىنى مۇنداق تىزىشى كېرەك: بالزاك، فلوبېر، هيۇگو، مۇپاسسان، ئالېكساندىر دىيۇما، ئېمىل زولا، مارسېل پىروست. مۇشۇنداق بولسا مەنتىقە جەھەتتىن توپتوغرا بولىدۇ.

2. فوكنېرنىڭ بارچە رومانلىرىدا ئۆزى ياشىغان بىر خىلۋەت بازارنىلا يازغانلىقى مەسىلىسى. ئاپتور «خەت»تە (ژۇرنالنىڭ 33 - بېتىدە) ئامېرىكا يازغۇچىسى ۋىلىيام فوكنېرنىڭ 65 يىللىق هاياتىدا 19 پارچە رومان يازغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ بارچە رومانلىرىدا ئۆزى ياشىغان مىسسىسىپى ئىشتاتىنىڭ بىر خىلۋەت بازىرىنىلا يازغانىكەن». دەرۋەقە «فوكنېر ئىجاد قىلغان پۈتكۈل 19 پارچە رومان، 75 پارچە هېكايە ئىچىدە، 15 پارچە رومانى ۋە مۇتلەق كۆپ ساندىكى هېكايىلىرىدىكى ۋەقەلەرنىڭ هەممىسى يوكناپاتاۋفادا يۈز بېرىدۇ» [1]. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، يوكناپاتاۋفا (Yoknapatawpha) ناهىيەسى فوكنېر ئۆزىنىڭ چوڭ بولغان ۋە ياشىغان يۇرتى (تۇغۇلغان يۇرتى مىسسىسىپىدىكى يېڭى ئالبانىي بولۇپ، 1902 - يىلى ئۇ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئوكسفورد بازىرىغا كۆچۈپ بارغان). ئوكسفورد بازىرىنى مودېل قىلىپ توقۇپ چىققان جۇغراپىيەلىك جايىكەن. ئۇنىڭ ئۇلۇغ بوۋا ۋە بوۋىلىرى، دادىسى ۋە قېرىنداشلىرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ قىممەتلىك پىروتوتىپلىرىغا ئايلانغانىكەن [2]. بۇ مەنىدىن فوكنېرنى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەسەرلىرىدە ئۆزى چوڭ بولغان ۋە ياشىغان ئوكسفورد بازىرىنى يازغان دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما «ئۇ بارچە رومانلىرىدا ئۆزى ياشىغان مىسسىسىپى ئىشتاتىنىڭ بىر خىلۋەت بازىرىنىلا يازغانىكەن» دەپ مۇتلەقلەشتۈرۈش تازا توغرا ئەمەس. چۈنكى «باشقا تۆت پارچە رومانىنىڭ ئىچىدىكى ‹مەسەل›دە ياۋروپا ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان، قالغان رومانلىرىنىڭ ۋەقەلىكىنىڭ هەممىسى ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىغا مۇناسىۋەتلىك هېكايىلەردىن ئىبارەت» [3]. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، ئامېرىكىنىڭ جەنۇبى 17 ئىشتاتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن [4].

3. هېمىڭۋاي ئەسەرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى مەسىلىسى. «خەت»تە (ژۇرنالنىڭ 33 - بېتىدە) ئاپتور: «كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز، ئامېرىكا هېمىڭۋايدىنمۇ ئېشىپ قالدى» دەيدۇ. ئېنىقكى، ئاپتور بۇ يەردە هېمىڭۋاينى ئامېرىكىنى يازغان يازغۇچى دېمەكچى بولىدۇ. بۇ راستمۇ؟ ئەمەلىيەتتە، هېمىڭۋاي ئىجادىيىتىنىڭ تېما دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولۇپ ئامېرىكا بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئۇنىڭ «قۇياش ئوخشاشلا كۆتۈرۈلىدۇ» (1926 - يىلى نەشر قىلىنغان) ناملىق تۇنجى رومانىدا 1 - دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرىدىكى ياۋروپا ئۇرۇش مەيدانلىرى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ، ئۇرۇشتا بېلىنىڭ ئاستى پالەچ بولۇپ قالغان ئەر باش پېرسوناژ جېك بارنېس ۋە ئېرى ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتكەن ئايال باش پېرسوناژ بىرېت ئاشلىي قاتارلىقلارنىڭ كەچمىشلىرى يېزىلغان. «ئەلۋىدا قورال» (1928 - يىلى نەشر قىلىنغان) رومانىدا 1 - دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرىدىكى ئىتالىيە جەڭگاهى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان بولۇپ، رومانىدا تەسۋىرلەنگەن ۋەقە ئىتالىيە چېگراسى ئىچىدىكى ئالپس تاغلىق رايونى ۋە بىتەرەپ دۆلەت شۋېيتسارىيەدە يۈز بېرىدۇ. رومانىدا بايان قىلىنىشىچە، ئىتالىيەدە بىناكارلىق كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ئامېرىكىلىق ياش فرېدېرىك هېنرى ئىتالىيە ئارمىيەسىگە پىدائىي بولۇپ قاتنىشىپ قۇتقۇزۇش ماشىنا شوپۇرى بولىدۇ. كېيىنچە ئۇ لېيتېنانتلىققا كۆتۈرۈلىدۇ. كېيىن ئىتالىيە فرونتىدا ئەنگلىيەلىك سېسترا كەسېرىن باركلېي بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ. ئۇرۇشتا يارىلانغان هېنرى مىلاندىكى جەڭگاھ دوختۇرخانىسىدا كەسېرىن بىلەن قايتا ئۇچرىشىدۇ. كېيىن ئۇ سەپداشلىرى بىلەن قاچىدۇ هەمدە مىلانغا بېرىپ كەسېرىننى تاپىدۇ. ئۇ ئىككىسى شۋېيتسارىيەگە بېرىپ تىنچ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. بىراق كەسېرىن تۇغۇتتا قانسىراپ ئۆلۈپ كېتىدۇ، بالىمۇ قورساقتىلا ئۆلۈپ قالىدۇ. هېنرى كەسېرىن بىلەن ۋىدالىشىپ ئۈمىدسىز ۋە روهسىز هالدا سارايغا قايتىدۇ. 1930 - يىللاردا هېمىڭۋاي ئىسپانىيە كالا ئۇسۇشتۇرۇش مەيدانى تەسۋىرلەنگەن «چۈشتىن كېيىن ئۆلۈش»، ئۆزىنىڭ ئافرىقىدىكى كەچمىشلىرى بايان قىلىنغان «ئافرىقىنىڭ يېشىل تاغلىرى»، «كىلىمانجارودىكى قار» قاتارلىق ئەسەرلەرنى

يازىدۇ. 1940-يىلى ئۇ ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان «ماتەم قوڭغۇرىقى كىمگە چېلىنىۋاتىدۇ» رومانىنى يازىدۇ. روماندا باش پېرسوناژ روبېرت جوردانىنىڭ ئىسپانىيەدىكى فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدىكى ئىش-پائالىيەتلىرى يېزىلغان. ئۇنىڭ 1952-يىلى ئېلان قىلىنغان «بوۋاي ۋە دېڭىز» پوۋېستىدا كۇبالىق بېلىقچى بوۋاي سانتىياگونىڭ غايەت زور مارلىن بېلىقنى تۇتۇش كەچۈرمىشلىرى يېزىلىدۇ. قىسقىسى، ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى ئىچىدە ئامېرىكا تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەنلىرىدىن چەت ئەلدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر يېزىلغانلىرى كۆپ. پەقەت رومانلىرىنىلا ئالساق، بەش رومانىدىن «قۇياش ئوخشاشلا كۆتۈرۈلىدۇ»، «ئەلۋىدا قورال»، «ماتەم قوڭغۇرىقى كىمگە چېلىنىۋاتىدۇ» ناملىق ئۈچىدە ياۋروپا ئۇرۇش مەيدانلىرى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان ياكى بىۋاستە يېزىلغان. «زەردار ۋە يوقسۇل»، «دەريادىن ئۆتۈپ ئورمانلىققا كىرىش» ناملىق ئىككىسىدە ئامېرىكا تۇرمۇشى يېزىلغان. شۇڭمۇ 1930-يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ، ھېمىڭۋاي ھەمىشە ئامېرىكا سول قانات يازغۇچىلارنىڭ «دۆلەتنىڭ ئىشلىرى بىلەن كارى يوق، دىققىتى دائىم باشقا ئەللەردە، چەت ئەللەردىكى ئىشلارنى تەسۋىرلەشكە خۇشتار» دەپ تەنقىدلىشىگە ئۇچراپ تۇرغان [5]. ئامېرىكىنى ئاز يازغان ھېمىڭۋايدىن ئامېرىكا ئېشىپ قالماي كىمدىن ئېشىپ قالار؟

3. بىز «تاماق يېدىڭمۇ؟» دەپ سالاملىشىدىغان بولدۇقمۇ؟ «خەت»تە (ژۇرنالنىڭ 34-بېتىدە) ئاپتور «راستقۇ، بۇرۇن باشقىلار ‹تاماق يېدىڭمۇ؟› دەپ سالاملىشاتتى، ئەمدى قوپۇپ شۇ سالامنى بىز قىلىۋاتىمىز» دەيدۇ. ھازىرغىچە مەن ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ سالام-سەھەتتە بىر-بىرىدىن «تاماق يېدىڭمۇ؟» دەپ سورىغىنىنى ئاڭلاپ باقماپتىمەن. ئادەتتە بىزنىڭ ئاڭلايدىغىنىمىز «ئەسسالامۇئەلەيكۇم»، «تىنچلىقمۇ»، «ئوبدان تۇردىڭىزمۇ»، «سالامەتمۇسىز»، «ياخشىمۇسىز» قاتارلىقلار بولاتتى. ئاپتور يېڭىلىشىپ قالدىمۇ ياكى ئارىمىزدا «تاماق يېدىڭمۇ؟» دەپ سالاملىشىدىغانلارنىڭ پەيدا بولغىنى ماڭا نامەلۇممۇ، بۇ ھال مېنى گاڭگىرىتىپ قويىدى.

4. «چالا تەگكەن ئوق»: تەنقىدچىلەرنىڭ تەنقىد ئۆلچىمى ۋە تەپەككۇرى گۇمانلىقمۇ ياكى سۇلايمان قەيۇمنىڭ تەنقىد ئۆلچىمى ۋە تەپەككۇرى گۇمانلىقمۇ؟ «خەت»تە (ژۇرنالنىڭ 35-بېتىدە) ئاپتور قەلەم تەۋرىتىش ھەققىدە، ھەممىنى بىرلا ئاپتور يازغاندەك تۇيۇلىدىغان كىتابلار ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ، «راست گەپنى قىلغاندا ‹ئۇنتۇلغان كىشىلەر›، ‹چالا تەگكەن ئوق›، ‹ئىز›، ‹ئويغانغان زېمىن›، ‹قۇم باسقان شەھەر›، ‹مەھمۇد كاشغەري›، ‹جاللات خېنىم›، ‹ئانا يۇرت›، ‹يېگانە ئارال›، ‹باھادىرنامە› (ئاساسلىقى رومانلارنى كۆزدە تۇتتۇم)دىن كېيىن قەلب كۆزىمىزنى داۋالاتقۇدەك رومان يېزىلمايۋاتىدۇ، شۇڭغا قاراپ ئەدەبىياتىمىزنى كۆككە كۆتۈرگەن تەنقىدچىلەرنىڭ تەنقىد ئۆلچىمى ۋە تەپەككۇرىدىن گۇمانلىنىمەن» دەپ يازىدۇ. بىلىشىمچە، ھازىرغىچە ئەقلى-ھوشى جايىدا تەنقىدچىلەرنىڭ ھېچقايسىسى «چالا تەگكەن ئوق»نى بىرىنچىدىن، «قەلب كۆزىمىزنى داۋالاتقۇدەك رومان» دەپ كۆككە كۆتۈرۈپ باققان ئەمەس؛ ئىككىنچىدىن، ئۇنى يۇقىرىدا سۇلايمان قەيۇم تىلغا ئالغان رومان بىلەن بىر قاتاردا تۇرالايدىغان ئۇتۇقلۇق چىققان تارىخىي رومان دەپ قاراپ باققان ئەمەس؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان رومانلار قاتارىغا تىزىپمۇ باققان ئەمەس. ئەكسىچە تەنقىدچىلەر ئۇنى ئۇتۇقسىز چىققان تارىخىي رومان؛ ۋەقە قوغلىشىپ، پېرسوناژلار تارىخىي ۋەقەلەرنى يېزىشنىڭ ۋاستىسىگە ئايلاندۇرۇلۇپ قويۇلغان رومان؛ ۋەقە ئاساس، پېرسوناژ قوشۇمچە ئورۇنغا ئۆتۈپ قالغان، بىرمۇ پېرسوناژنىڭ خاراكتېرى تولۇق ئېچىپ بېرىلمىگەن رومان؛ تىل جەھەتتە نۇقسان بەك كۆپ رومان؛ توقۇلمىلارنىڭ (جۈملىدىن زامانقۇلغا چالا تەگكەن ئوق ۋەقەسىنىڭ) چىنلىق دەرىجىسى تۆۋەن رومان دەپ باھالاشقان. سۇلايمان قەيۇمنىڭ «چالا تەگكەن ئوق»نى «قەلب كۆزىمىزنى داۋالاتقۇدەك رومان» دەپ كۆككە كۆتۈرۈشى ۋە ئۇنى يۇقىرىقى رومانلار بىلەن بىر قاتاردا تۇرالايدىغان ئۇتۇقلۇق چىققان رومان دەپ قارىشى كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدۇ. بۇ چاغدا بىز ئىختىيارسىز ھالدا «چالا تەگكەن ئوق» توغرىسىدىكى باھادا تەنقىدچىلەرنىڭ تەنقىد ئۆلچىمى ۋە تەپەككۇرى گۇمانلىقمۇ ياكى سۇلايمان قەيۇمنىڭ تەنقىد ئۆلچىمى ۋە تەپەككۇرى گۇمانلىقمۇ؟ دېگەن سوئالنى قويۇشقا مەجبۇر بولىمىز. بۇ سوئالغا ئەقىللىق ئوقۇرمەنلەر ئاسانلا

توغرا جاۋاب تاپالايدۇ.

5. قۇرۇلمىچىلىق مودېرنىزمغا خاس ئەدەبىي ئېقىممۇ؟ «خەت»تە (ژۇرنالنىڭ 35-بېتىدە) ئاپتور «بۇ ناتىۋانلارنىڭ نەزەرىدە سىمۋولىزم، قارا يۇمۇر، ئاڭ ئېقىمى، سېھرىي رېئالىزم، بىمەنە تىياتىر، قۇرۇلمىچىلىق دېگەندەك مودېرنىزمغا خاس ئەدەبىي ئېقىملار ئەدەبىياتىمىزنىڭ بەرىكەتلىك خامىنىدىكى چەشلەرنى ئۇچۇرۇپ كېتىدىغان قارا قۇيۇنمىش» دەپ يازىدۇ. ئېنىقكى، بۇ يەردە ئاپتور قۇرۇلمىچىلىقنىمۇ «مودېرنىزمغا خاس ئەدەبىي ئېقىملار»غا تەۋە قىلىۋېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، قۇرۇلمىچىلىق 20-ئەسىردىكى غەرب ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئېقىمى. «20-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان ۋە قىيام بولغان قۇرۇلمىچىلىق ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ھەم ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بەلگىشۇناسلىق، بايانشۇناسلىق سائۇسسېر تىلشۇناسلىق نەزەرىيەسىنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا تەتبىقلىنىشى، شۇنداقلا پىراگا ئېقىمى، يېڭى تەنقىدچىلىك قاتارلىق ئەدەبىيات نەزەرىيە ئىدىيەلىرىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى...» [6]. غەرب مودېرنىزم ئەدەبىيات ئېقىملىرى بىلەن 20-ئەسىر غەرب ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئېقىملىرى بىر-بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئېقىم. غەرب مودېرنىزم ئەدەبىيات ئېقىملىرى كونكرېت ئەدەبىي ئىجادىيەت ئېقىملىرىدىن ئىبارەت. غەرب ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئېقىملىرى بولسا كونكرېت ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەتقىق-تەھلىل قىلىش جەريانىدا بارلىققا كەلگەن مېتودولوگىيە سىستېمىسى ۋە نەزەرىيەلەر ھەمدە تەنقىدچىلىك ئۇسۇل-ئەندىزىلىرىدىن ئىبارەت.

6. ئۇيغۇر رومانلىرىنىڭ سانى ھەققىدە قارىسىغا سۆزلەش. «خەت»تە (ژۇرنالنىڭ 37-بېتىدە) ئاپتور «ئۇيغۇر رومانلىرى 200 گە ئۇلاشتى» دەپ كېسىپ ئېيتىدۇ. «200 گە ئۇلاشتى» دېگەندىكى «ئۇلاشتى»نىڭ مەنىسى «يەتتى» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ «ئوچۇق خەت»نىڭ ئاخىرىغا قارايدىغان بولساق، «خەت»نىڭ 2011-يىلى سېنتەبىردە يېزىلغانلىقىنى بىلىمىز. ئاپتور بۇ يەردە «2011-يىلى سېنتەبىرگىچە ئۇيغۇر رومانلىرى 200 گە يەتتى» دېمەكچى بولىدۇ. يېقىندىلا يەنە بىر ئاپتور ماقالىسىدە «بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى رومانلارنىڭ سانى 300 پارچىگە يېتىپ، سان ۋە سۈپەت جەھەتتىمۇ خېلى سەۋىيە ھاسىل قىلدى» دەپ يازدى («تەڭرىتاغ» 2012-يىللىق 4-سان، 82-بەت). بۇ ماقالىدىمۇ 2011-يىلى يىل ئاخىرىغىچە ئۇيغۇر رومانلىرىنىڭ سانى 300 گە يەتتى دېيىلگەن. ناھايىتى ئېنىقكى، ئىككى ئاپتورنىڭ ئۇيغۇر رومانلىرىنىڭ سانى توغرىسىدىكى مۆلچەرىدە پەرق بەك چوڭ. ئۇنداقتا بۇ ئىككى ھۆكۈمنىڭ قايسىسى توغرا؟ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر ھازىرقى-بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى يۆنىلىشىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى پاتىگۈل غوپۇر يېقىندا ئۇيغۇر رومانلىرىنىڭ ئىستاتىستىكىلىق تىزىملىكىنى ئىشلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا «قانلىق يەر»دىن باشلاپ 2012-يىلى يىل ئاخىرىغىچە نەشر قىلىنغان رومانلارنىڭ سانى بىرمۇبىر تىزىملاپ چىقىلغان. ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ رومانلىرى نەشر يىلى تەرتىپى بويىچە تىزىلغان بۇ تىزىملىككە جەمئىي 249 پارچە رومان كىرگۈزۈلگەن («باھادىرنامە»گە ئوخشاش ئالتە توملۇق رومانلارمۇ بىر رومان دەپ سانالغان، مېنىڭچە شۇنداق ساناش توغرا.) تىزىملىكتىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇيغۇر رومانلىرى 2011-يىلى يىل ئاخىرىغىچە 241 پارچىگە يەتكەن، 2009-يىلىلا 206 پارچىگە يېتىپ بولغان. شۇڭا «خەت» ئاپتورىنى ئاساسسىزلا «ئۇيغۇر رومانلىرى 200 گە ئۇلاشتى» دەپ يېڭىلىشقان دېيىشكە بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە، بۇنداق قارىسىغا سۆزلەش «خەت»نىڭ ئىلمىيلىكىنى تۆۋەنلىتىۋېتىش رولىنىلا ئوينايدۇ، خالاس.

7. يازغۇچىدىن گەپ باشلاپ تەنقىدچى ھەققىدە، تەنقىدچىدىن گەپ باشلاپ يازغۇچى ھەققىدە گەپ يورغىلىتىش. «خەت»نىڭ ئاخىرىدىراق (ژۇرنالنىڭ 38-بېتىدە) ئاپتور «بىزدە بەزى قەلەمكەشلەرنىڭ تەنقىد بىلەن خۇشى يوق، نېمىشقا؟ بىزدىكى تەنقىدچىمۇ ۋە قەلەمكەشمۇ بەكلا نازۇك. بۇ يەردىكى مەسىلە قەلەمگە بولغان مەسئۇلىيەت ۋە قورساقتىكى ئۇماچقا بېرىپ تاقىلىدۇ» دەپ يېزىپلا تەنقىد ۋە تەنقىدچى توغرىسىدىكى گەپلەرگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. بەزى قەلەمكەشلەرنىڭ نېمىشقا تەنقىد بىلەن خۇشى يوق دېگەن مەسىلىگە بىر ئېغىزمۇ بىۋاسىتە جاۋاب بەرمەيدۇ («بىزدىكى تەنقىدچىمۇ ۋە قەلەمكەشمۇ بەكلا نازۇك»

دېگەن گەپنى مەن يۇقىرىقى سوئالغا مەنتىق جەھەتتىن
جاۋاب بولالمايدۇ دەپ قارىدىم). ئاپتور «مەتىمىن
ھوشۇر ئاكا!» دېگەن ئۈندەش جۈملىدىن كېيىن، ئەدەبىي
تەنقىدچىلىك ھەققىدە ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپلا، «غەرب
تەنقىدچىلىرى ئەدەبىياتنى، پەلسەپىنى، سەنئەتنىڭ بارچە
ساھەسىنى رەھىمسىزلىك بىلەن قامچىلاپ تۇرىدۇ. ئۇلار
ئىجادىيەت ۋە تەنقىدچىلىكنىڭ كوچىسىغا قىلىدىغان ئىش
تاپالماي كىرىۋالغان ئەمەس، غەرب يازغۇچىلىرىنىڭ تارى-
خىنى ئوقۇساق ئۇلارنىڭ ياش چېغىدىلا ئەدەبىيات، تىل،
پەلسەپە... پەنلىرىنىڭ ئۇستازلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.
نۇرغۇنلىرى ھەتتا تەبىئىي پەنلەرنىڭ ئەللامەلىرى تۇرۇپ
سەنئەتنىڭ قەسرىنى ئوتقاشتەك جاۋاھىرلار بىلەن بېزىيە-
لىگەن. فارابىي، ئىبنى سىنا، ئەل خارەزمىي، مەھمۇد كاش-
غەرىي، ئابدۇقادىر داموللام، مەمتىلى تەۋپىق ۋە ھۆسەين-
خان (ھۆسەينخان ئەمەس) تەجەللىي كەبى ئۆلىمالار-
نىڭ...» دېگەنلەرنى يازىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، يۇقىرىقى
بايانلاردا ئاپتور بىرىنچىدىن، يازغۇچىدىن گەپ باشلاپ
تەنقىدچى ھەققىدە، تەنقىدچىدىن گەپ باشلاپ يازغۇچى
ھەققىدە سۆزلىگەن؛ ئىككىنچىدىن، غەرب يازغۇچىلىرىنىڭ
بىلىم ساپاسى توغرىسىدا سۆزلەپ كېتىۋېتىپ شەرق
(ئۇيغۇر) ئۆلىمالىرىنى مىسالغا ئالغان. كېيىنكى ئابزاستا
ئاپتور گەپ يورغىلىتىش تاكتىكىسىنى داۋاملىق ئىشقا سال-
دۇ. مۇنۇ جۈملىلەرگە قاراڭ: «مەن ماگىستىرلىق ۋە دوك-
تورلۇق دېگەندەك ئۇتىغاتنىڭ (توغرىسى ئۇتتۇغات بولۇ-
شى كېرەك) خۇراپىي مۇخلىسى ئەمەس، ئەمما ئۇنداق ئۇ-
تىغات ئاسانلا كىيىۋالىدىغان ئىككى يۈەنلىك شاپاق دوپپ-
مۇ ئەمەس. ئۇنى كىيسە شۇنىڭغا لايىق بىر نېمىنى ئەلنىڭ
ھۇزۇرىغا سۇنمىسا بولمايدۇ. شۇڭا غەربنىڭ تەنقىدچىلىك
ئۇسۇلىغا، تەنقىدنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرىنىڭ كەڭلىكىگە،
تەنقىدكە تۇتقان سوغۇققان مۇئامىلىسىگە («غەرب»
دېگەن بۇ نامنىڭ تەنقىدكە سوغۇققان مۇئامىلە قىلىشى
قىزىق-تە، يا ئادەم بولمىسا ئۇ!)، ئەسەرلىرىنىڭ سۈپىتىگە
ۋە نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ شۇلاردىن تازا ئاشماي-
ۋاتقانلىقىغا ھەيران بولمىساقمۇ بولىدۇ، (بۇ پەشنىڭ ئورنى-
غا ئەسلى چېكىت قويۇلۇشى كېرەك ئىدى) بىزدىكى تەن-
قىدچىلىك خۇددى ئەدەبىياتنىڭ كەينىدە كېتىۋاتقان سوك-
سوك ئات بولماسلىقى كېرەك ئىدى.» يۇقىرىقى قۇرلاردا
ئاپتور مەنتىق جەھەتتىن بىر-بىرىگە قىلچە باغلاشمايدى-
غان ئىككى مەزمۇننى «شۇڭا» دېگەن باغلىغۇچى ئارقىلىق
بىر-بىرىگە «ماھىرلىق» بىلەن باغلايدۇ. ئەسلى
«شۇڭا» باغلىغۇچىسى بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچى بولۇپ،
سەۋەب-نەتىجىلىك ئىككى بۆلەكنى ئۆزئارا باغلاش رولى-
نى ئوينايدۇ. بۇنداق بۆلەكنىڭ ئالدىنقىسى سەۋەب بۆلى-
كى، كېيىنكىسى نەتىجە بۆلىكى بولۇشى، ئىككى بۆلەك
ئوتتۇرىسىدا كەلتۈرۈپ چىقىرىش-كېلىپ چىقىش مۇناسى-
ۋىتى بولۇشى كېرەك. ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق دېگەن
ئوتتۇغاتنى كىيگەن ئادەم «شۇنىڭغا لايىق بىر نېمىنى
ئەلنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنمىسا بولمايدۇ» دېگەن بۆلەك بىلەن
«غەربنىڭ تەنقىدچىلىك ئۇسۇلىغا، تەنقىدنىڭ ئىجتىمائىي
تەسىرىنىڭ كەڭلىكىگە، تەنقىدكە تۇتقان سوغۇققان مۇئامى-
لىسىگە، ئەسەرلىرىنىڭ سۈپىتىگە ۋە نوبېل ئەدەبىيات مۇ-
كاپاتىنىڭ شۇلاردىن تازا ئاشمايۋاتقانلىقىغا ھەيران بولمى-
ساقمۇ بولىدۇ» دېگەن بۆلەك ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق
سەۋەب-نەتىجىلىك باغلىنىش مەۋجۇت ئەمەس، شۇنىڭ
ئۈچۈن بۇ ئىككى بۆلەكنى «شۇڭا» باغلىغۇچىسى ئارقى-
لىق باغلاش مەنتىقسىزلىك بولىدۇ.

8. بىر-بىرىگە زىت پىكىرلەر. «خەت»تە (ژۇرنالنىڭ
38-، 39-بەتلىرىدە) مۇنداق جۈملىلەر ئۇچرايدۇ: «ئەدە-
بىياتنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئىلگىرىكىدەك ‹تىل
ئالاھىدىلىكى، ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە مەركىزىي ئىدىيەسى›
دېگەن ئۈچلا شادىلىق تار رامكىغا مىخلاپ قويۇلسا، ئە-
دەبىياتنىڭ پۈتنى چۈشەپ قويىمىز. ئەدەبىياتقا قىلغان ئۇ-
ۋاللىق ئۆزىمىزگە قىلغان ئۇۋاللىقتۇر.»، «ئەسەرنى ئوقۇ-
غاندا ياكى تەھلىل قىلغاندا، شۇ دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىقتى-
سادىي ۋە ئىجتىمائىي ھاۋاسى، جەمئىيەتنىڭ مەپكۇرىسى،
يازغۇچىنىڭ مۇددىئاسى، يازغۇچىنىڭ شارائىتى دېگەنلەرمۇ
ھېسابقا ئېلىنىشى كېرەك. لېكىن بىز ئەسەرگە باھا بەرگەن-
دە بۇ نۇقتىلارنى ئاسانلا ئۇنتۇپ قالىمىز-دە، گېپىمىز
چەك باسالمايدۇ.» خوش، ئەسەرنىڭ «ئارقا كۆرۈنۈشى»
بىلەن «شۇ دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي
ھاۋاسى، جەمئىيەتنىڭ مەپكۇرىسى، يازغۇچىنىڭ شارائىتى»
دېگەنلەر بىر نەرسە ئەمەسمۇ؟ ئەسەرنىڭ «مەركىزىي ئى-
دىيەسى» بىلەن «يازغۇچىنىڭ مۇددىئاسى» سۈرۈشتۈرۈپ
كەلسە بىر گەپ ئەمەسمۇ؟ ئەدەبىي ئەسەرنىڭ «ئارقا كۆ

روئۇشى ۋە مەركىزىي ئىدىيەسى»نى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىش «ئەدەبىياتنىڭ پۇتىنى چۈشەپ» قويغانلىق، «ئەدەبىياتقا قىلغان ئۇۋاللىق» بولىدىكەنۇ، «ئەسەرنى ئوقۇغاندا ياكى تەھلىل قىلغاندا، شۇ دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ھاۋاسى، جەمئىيەتنىڭ مەپكۇرىسى، يازغۇچىنىڭ مۇددىئاسى، يازغۇچىنىڭ شارائىتى دېگەنلەر»نى ئۇنتۇپ قالساق «گېپىمىز چەك باسالمايدۇ»كەن. ئاجايىپ مەنتىقسىزلىق-تە بۇ! مۇنۇ جۈملىلەرگە قاراڭ: «تەنقىدچىلىرىمىز ئاتا تىلىدىكى ماتېرىياللار بىلەنلا كۇپايىلەنسە بولمايدۇ. ئۇلار مۇمكىن بولسا تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىدىكى ئەڭ يېڭى ماتېرىياللارنى كۆرۈپ، ۋاقتىدا «توك» تولۇقلىمىسا، ئەدەبىياتنىڭ خىرە كوچىسىنى يورۇتالمايدۇ...»، «تەنقىدچىلەر... بىر بولسا باشقىلارنىڭ كۆزىدە ئۆزىمىزنى كۆزىتىدۇ. بەس، يېتەر ئەمدى! ئۆزىمىزنىڭ كۆزىدە ئۆزىمىزنى كۆرەيلى. ئەلۋەتتە غەربنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت تەتقىقاتىدا نۇرغۇن ياخشى ئۆرنەكلەر بار. كۆلگە پات-پات يېڭى سۇ باشلاپ، ئايغىنى چىقىرىپ تۇرمىسا سېسىيدۇ.» ناھايىتى ئېنىقكى، ئاپتور بىرىنچىدىن، «تەنقىدچىلىرىمىز... تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىدىكى ئەڭ يېڭى ماتېرىياللارنى كۆرۈپ، ۋاقتىدا «توك» تولۇقلىمىسا، ئەدەبىياتنىڭ خىرە كوچىسىنى يورۇتالمايدۇ...» دەيدۇ؛ ئىككىنچىدىن، «ئۆزىمىزنىڭ كۆزىدە ئۆزىمىزنى كۆرەيلى!» دەپ خىتاب قىلىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، غەربنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت تەتقىقاتىدىكى ياخشى ئۆرنەكلەرنى پات-پات ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىز ۋە تەنقىدچىلىرىمىزگە ئېلىپ كىرىشنى — كۆلگە يېڭى سۇ باشلاپ، ئۇنىڭ سېسىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئاپتور تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىدىكى ئەڭ يېڭى ماتېرىياللارنى كۆرۈپ، ۋاقتىدا «توك» تولۇقلاش ۋە غەربنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت تەتقىقاتىدىكى ياخشى ئۆرنەكلەرنى پات-پات ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىز ۋە تەنقىدچىلىكىمىزگە ئېلىپ كىرىش بىلەن «ئۆزىمىزنىڭ كۆزىدە ئۆزىمىزنى» كۆرۈش تەشەببۇسى ئوتتۇرىسىدا زادىلا مەنتىقىلىق زىتلىق مەۋجۇت ئەمەس دەپ قارامدىكىن!

9. ئورۇنسىز ئىشلىتىلگەن سۆز-ئىبارىلەر ۋە ئوخشىتىشلار. ئەمدى يۇقىرىدا نەقىل ئېلىنغان مۇنۇ جۈملىگە قايتا نەزەر تاشلايلى: «مەن ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق دېگەندەك ئۇتىغاتنىڭ (توغرىسى ئۇتۇغات بولۇشى كېرەك) خۇراپىي مۇخلىسى ئەمەس، ئەمما ئۇنداق ئۇتىغات ئاسانلا كىيىۋالدىغان ئىككى يۈەنلىك شاپاق دوپپىمۇ ئەمەس». ئاپتور بۇ يەردە بىرىنچىدىن، «ماگىستىرلىق» ۋە «دوكتورلۇق»نى ئۇتۇغات دەپ يېڭىلىشىدۇ. ئالدى بىلەن «ئۇتۇغات»نىڭ لۇغەت مەنىسىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى: «ئۇتۇغات — ئىسىم، تارىخىي سۆز. (1) ئەمەلدارلارنىڭ باش كىيىمىگە تاقىلىدىغان مەنسەپ بەلگىسى. (2) دوپپىنىڭ ئالدىغا تاقىلىدىغان زەر پۆپۈك: ئۇتۇغات تاقىماق» [7]. ئاپتورنىڭ «ماگىستىرلىق ئۇتۇغاتى»، «دوكتورلۇق ئۇتۇغاتى» دېگىنى، ئەمەلىيەتتە ماگىستىرلىق بىلەن دوكتورلۇقنى مەنسەپ بەلگىسى ياكى زەر پۆپۈككە باراۋەر قىلىپ قويغىنى. شۇنداق بولغاندا ماگىستىرلىق بىلەن دوكتورلۇق بىر تاشقى بېزەك بۇيۇمى بولۇپ قالىدۇ. ئەمدى بىز «ماگىستىر» ۋە «دوكتور» سۆزلىرىنىڭ مەنىسىنى كۆرۈپ باقايلى: «ماگىستىر — (1) ئىلمىي ئۇنۋان. (2) شۇ ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەن ئادەم» [8]. «دوكتور — ئىلمىي ئۇنۋاننىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى ياكى شۇ ئۇنۋانغا ئېرىشكەن ئالىم» [9]. ئەمەلىيەتتىمۇ، «ماگىستىرلىق» ۋە «دوكتورلۇق»، ئىمتىھان بېرىش سالاھىيىتىنى ھازىرلىغانلارنىڭ بىر تۇتاش ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ مۇنتىزىم ئۈچ يىل ئوقۇپ، دەرس ئىمتىھانلىرى، خەلقئارادىكى ياكى مەملىكىتىمىزدىكى يادرولۇق ژۇرناللاردا ماقالە ئېلان قىلىش ئۆتكىلى، دىسسېرتاتسىيەنى نامسىز باھالاتقۇزۇش ئۆتكىلى ۋە ئىلمىي ھەيئەتلەر ئالدىدا نەق مەيداندا دىسسېرتاتسىيە ياقلاش ئۆتكىلى قاتارلىقلاردىن ئوڭۇشلۇق ئۆتكەندىن كېيىن بېرىلىدىغان ئىلمىي ئۇنۋانلاردۇر. شۇڭا ئۇلار شۇ ئۇنۋان ئىگىسىنىڭ نەزەرىيەۋى ۋە ئەمەلىي بىلىم سەۋىيەسى، تەتقىقات ئىقتىدارى قاتارلىق تەرەپلەردە مۇناسىپ پەللىگە يەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئىچكى مەنىۋى ساپا ۋە قابىلىيەت بەلگىسىكى، ھەرگىزمۇ مەنسەپ بەلگىسى ياكى زەر پۆپۈك ئەمەس! ئىككىنچىدىن، «ماگىستىرلىق» ۋە «دوكتورلۇق»نى «ئاسانلا كىيىۋالدىغان ئىككى يۈەنلىك شاپاق دوپپىمۇ ئەمەس» دېيىش ئارقىلىق يەنە بىر مەنتىقسىزلىكنى سادىر قىلىدۇ. «ئەمەلدارلارنىڭ باش كىيىمىگە تاقىلىدىغان مەنسەپ بەلگىسى، دوپپىنىڭ ئالدىغا تاقىلىدىغان زەر

پۆپۈك» بىلەن ئىككى يۈەنلىك شاپاق دوپپىنىڭ بىر نەرسە ئەمەسلىكىنى سۇلايمان قەييۇم دەپ بەرمىسىمۇ مۆھتەرەم يازغۇچىمىز مەمتىمىن ھوشۇردىن ئادەتتىكى كىشىلەرگىچە ھەممىسى بىلىسە كېرەك! شۇنىسى ئېنىقكى، ئاپتور ئۇقۇرمەنلەرگە تونۇش بولغان «ئىلمىي ئۇنۋان» سۆزىنىڭ ئورنىغا ئۇلارغا ناتونۇش (ئەمەلىيەتتە ئۆزىگىمۇ ناتونۇش) بولغان «ئوتۇغات» دېگەن سۆزنى ئورۇنسىز ئىشلىتىدۇ. جايىدا ئىشلىتىلمىگەن بۇ سۆز ئاپتورنىڭ «ئوچۇق خېتى»گە ئازراق دەبدەبىلىك تۈس بەخش ئەتكەندىن باشقا ھېچقانداق ئىجابىي رول ئوينىيالمىغان.

«خەت»تە (ژۇرنالنىڭ 38 - بېتىدە) مۇنداق بىر جۈملە بار: «سۆرلۈك قېتىپ ئولتۇرغان ئەدەبىياتنىڭ ئالدىدىكى ئەدەبىي تەنقىد گويا مۇتەھەم دەۋاگەر بىلەن مۇرەسسەگە چۈشكەن بىچارە قازى». شۇنىسى ئېنىقكى، ئاپتور بۇ يەردە ئەدەبىياتنى سۆرلۈك قېتىپ ئولتۇرغان مۇتەھەم دەۋاگەرگە، ئەدەبىي تەنقىدنى بىچارە قازىغا ئوخشىتىدۇ. شۇنداق بولغاندا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن، تېخىمۇ ئېنىقنى ئېيتقاندا، ئەدەبىياتنىڭ ھەقدارلىرى بولغان يازغۇچىلار بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى مۇتەھەم دەۋاگەر بىلەن بىچارە قازىنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇنىڭ تولىمۇ ئورۇنسىز ئوخشىتىش ھەم مەنتىقسىز پىكىر ئىكەنلىكىگە گەپ كەتمىسە كېرەك. ئادەتتە دەۋاگەرنىڭ قارشىسىنىڭ جاۋابكار ئىكەنلىكى، ئادەتتىكى دەۋا بىر تەرەپ قىلىش تەرتىپىدە مۇرەسسەنىڭ مۇشۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا بولىدىغانلىقى، بۇ جەرياندا قازىنىڭ ئۇلارنى مۇرەسسەگە دەۋەت قىلىدىغانلىقى، مۇرەسسەگە پەقەت ئىمكانىيەت بولمىغاندا، ئاندىن قازىنىڭ ھۆكۈم كېسىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. ۋاھالەنكى «خەت» ئاپتورى مەنتىقسىز ھالدا دەۋاگەر بىلەن قازىنى مۇرەسسەگە چۈشۈرىدۇ. ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى (مەمتىمىن ھوشۇر ئاكىمىزمۇ ھەم) مۇتەھەم دەۋاگەر، ئەدەبىي تەنقىدچىلەر ئۇلار بىلەن مۇرەسسەگە چۈشكەن بىچارە قازى دېگەن ھۆكۈمنىڭ بىمەنىلىكىدىن ۋە مەنتىقسىزلىكىدىن گۇمانلانمايدىغانلار قانچىلىكتۇ؟! شەكسىزكى، ئاپتور گەپ - سۆزلىرىنىڭ ئوبرازلىق بولۇشىغا بەك كۆچەپ، مەنتىقلىق بولۇشىغا سەل قارىغان، يا بولمىسا ئاپتور «مەمتىمىن ھوشۇر ئاكىدەك كاتتا يازغۇچىمىزغا خەت يازغان ئىكەنمەن، تىلدا چوقۇم پاساھەت ۋە بالاغەتنى نامايان قىلىشىم كېرەك» دەپ ئويلاپ، ئىشلەتكەن سۆزلىرىنىڭ، ئوخشىتىشلىرىنىڭ ئاجايىپ - غارايىپ بولۇشىنى قوغلىشىپ، مەنتىقسىز ۋە ئورۇنسىز بولۇپ قېلىشىغا دىققەت قىلالمىدىمىكىن؟! ۋە ياكى ئاپتور ئۆز خېتىنى مۆھتەرەم يازغۇچىمىزنىڭ «ساراڭ» تېپىدىكى چاتما ھېكايىلىرىدىنىڭ ئاپتورىنىڭ («مەن» دېگەن بايانچىغا ياكى مۇھەررىرگە پات - پات ھېكايە ئەكىلىپ بېرىدىغان ئاپتور) تەپەككۇر ئۇسۇلى بويىچە يېزىشنى تاللىۋالدىمىكىن؟! ئەپسۇسكى، «ساراڭ» تىپىدىكى چاتما ھېكايىلەرنىڭ ئاپتورىنىڭ گەپ - سۆزلىرى قارىماققا تاققا - تۇققىدەك، مەنتىقسىزدەك قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە، ئاشۇ مەنتىقسىزلىكنىڭ كەينىدە چوڭقۇر مەنىلىك ئوي - پىكىرلەر ياتقان بولاتتى - دە!

10. «پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى» ئاندېرسېننىڭ چۆچىكىنىڭ ئىسمىمۇ ياكى ئىمىن ئوسماننىڭ ماقالىسىنىڭ ماۋزۇسىمۇ؟ خەتنىڭ ئاخىرىدا (ژۇرنالنىڭ 40 - بېتىدە) مۇنداق بىر جۈملە بار: «مەمتىمىن ھوشۇر ئاكا! ئۆزبېكىستانلىق مەشھۇر يازغۇچى، كەسكىن پىكىرلىك جامائەت ئەربابى، مەرھۇم ئىمىن ئوسماننىڭ دوستى ئالىمجان ئاتەخانغا يازغان ‹پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى› ناملىق مەكتۇبى ‹تەڭرىتاغ› ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان، سىزمۇ كۆرگەنسىز.» بۇ يەردە ئاپتور ئالدى بىلەن «پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى» دېگەن ئاندېرسېن چۆچىكىنىڭ ئىسمىنى ئىمىن ئوسماننىڭ ماقالىسىنىڭ ماۋزۇسى دەپ خاتالاشقان. ئەسلىدە ئىمىن ئوسماننىڭ ماقالىسىنىڭ ماۋزۇسىمۇ ئاندېرسېننىڭ يۇقىرىقى چۆچىكىدىن كەلگەن. ئەمما بۇ چۆچەكنىڭ ماۋزۇسىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن كەلگەن. يەنى ئىمىن ئوسمان چۆچەكنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، ئۆز كۆز قاراشلىرىنى تولىمۇ ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان «پادىشاھنىڭ كىيىمى بارمۇ» دېگەن ماۋزۇنى ماقالىسىگە تاللىغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئاپتور «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ بۇ ئوچۇق خەت ئېلان قىلىنغان سانىنى «1992 - يىللىق 1 - سان» دەپ يېزىلى-

شىپ قالغان. ئەسلىدە ئىمىن ئوسماننىڭ «پادىشاھنىڭ كې-
يىمى بارمۇ» ناملىق ئوچۇق خېتى مەزكۇر ژۇرنالنىڭ
1990 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى، قارىغاندا
ئاپتور ئۆز خاتىرىسىگە زىيادە ئىشىنىپ كەتكەن بولسا
كېرەك.

«خەت»تىكى « 1، 2، 4» رەقەملىرىدىن بىز
ئاپتورنىڭ ئۇنى تۆت بۆلەككە بۆلۈپ يازغانلىقىنى
قىياس قىلىمىز. ئۈچىنچى بۆلەكنى بىلدۈرگۈچى « 3»
رەقىمى چۈشۈپ قالغان. خەتتە يەنە ئىملا خاتالىقلىرىمۇ
مەۋجۇت. مەن بۇنداق تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى زىغىر-
لاپ ئولتۇرمىدىم، «ئوچۇق خەت»تىكى يەنە بىر قىسىم
مەنتىقىسىز بايانلار توغرۇلۇقمۇ سەھىپە ئېتىبارى بىلەن
توختالمىدىم.

خوش، يۇقىرىدا مەن «يازغۇچى مەتمىن ھوشۇر
ئاكىغا ئوچۇق خەت»تىكى بىر قىسىم مەسىلىلەرنى كۆرسى-
تىپ ئۆتتۈم. مەن ژۇرنالدىن بۇ خەتنى كۆرۈپلا ئۇنىڭدا
بەزى مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بايقىغان بولسامىمۇ،
لېكىن ئۇ ھەقتە بىر نەرسە يېزىش-يازماسلىق ھەققىدە
جىق ئويلاندىم. مەن بىر قىسىم ئوقۇرمەنلەرنىڭ ژۇرنالدا
ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرگە ساددا قىزغىنلىق بىلەن مۇئامى-
لە قىلىشتىن خالىي بولالمايدىغانلىقىنى، ئۆزىگە خاس،
مۇستەقىل قاراشتا ياندىشىشتىن يىراقتا ئىكەنلىكىنى، باشقى-
لارنىڭ كۆز قاراشلىرىنىڭ توغرا-خاتالىقى بىلەن تازا ھې-
سابلىشىپ كەتمەيلا پاساھەتلىك گەپلەرگە، سۆز لىباسلىرىغا
مەستخۇش بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى، ئەسەرلەردىكى ئوي-
پىكىرلەرگە تەنقىدىي نەزەردە قاراپ بېقىشقا دىگەندەك
ئەھمىيەت بەرمەيدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاخىر «ياز-
غۇچى مەتمىن ھوشۇر ئاكىغا ئوچۇق خەت»تىكى بەزى
مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىر بايان قىلىشنى لايىق تاپتىم.
مېنىڭ مەقسىتىم «خەت»تىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرنى كۆر-
سىتىپ بېرىش، ھەرگىزمۇ بىلەرمەنلىك قىلىش ئەمەس.
سۇلايمان قەييۇم ئەسلىدە بۇ «ئوچۇق خەت»نى ئەستايى-
دىل ئىلمىي پوزىتسىيەدە يېزىپ يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى
سادىر قىلمىغان بولسا، بۇ يازمامۇ يېزىلمىغان، ئوقۇرمەن-
لەرنىڭ زېھنى ۋە ۋاقتىمۇ ئىسراپ بولمىغان بولاتتى. بۇ
يەردە مەن «ھەممىنى مەن بىلىمەن!» دەپ گىدىيەمەكچى
ئەمەس، بەلكى سۇلايمان قەييۇمنىڭ سەمىگە «بىلمەسلىك
ئەيىب ئەمەس، ئەمما بىلەرمەنلىك قىلىش ئەيىب» دىگەن
ھېكمەتنى سالماقچى. ئەسلىدە ئاپتورنىڭ يازغىنى گەرچە
بىر پارچە ئوچۇق خەت بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ئىلمىي
پوزىتسىيەدە مۇئامىلە قىلىپ، ئۆزىگە ئائىدلىك بولمىغان
ياكى ناتونۇش، مۇجمەل بولغان مەسىلىلەرنى ماتېرىيال
كۆرۈپ ۋە سېلىشتۇرۇپ ئايدىڭلاشتۇرغان، زىت پىكىر-
لەرنى، ئورۇنسىز سۆز-ئىبارە ۋە ئوخشىتىشلارنى
توغرىلاپ چىققان بولسا، «خەت»تە مەسىلىمۇ كۆرۈلمەس
ئىدى. شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، ئۆز پەرۋا-
سىزلىقى ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىكى سەۋەبىدىن ئوقۇرمەنلەر-
نىڭ زېھنىنى ھەم ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىۋېتىشنىڭ ئۆزىمۇ ئە-
مەلىيەتتە بىر خىل خىيانەتچىلىكتۇر.

**ئىزاھات:**

[1] ۋۇ شاۋدۇڭ: «كافكادىن كۇندىراغىچە — 20 - ئەسىر پىروزىچىلىقى ۋە پىروزىچىلار»، ئۈچ بىرلەشمە (سەنلىيەن) كىتابخانىسى، 2003 - يىلى نەشرى، 144 - بەت.

[2] چاڭ ياۋشىن: «ئامېرىكا ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2003 - يىلى 2 - نەشرى، 236 - بەت.

[3] ۋۇ شاۋدۇڭ: «كافكادىن كۇندىراغىچە — 20 - ئەسىر پىروزىچىلىقى ۋە پىروزىچىلار»، 144 - بەت.

[4] بۇلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت: ئالاباما، ئاركانساس، دېلاۋېر، كولومبىيە ئالاھىدە رايونى، فلورىدا، جورجىيە، كېنتاكىي، لۇئىسئانا، مارېلاند، مىسسىسىپى، شىمالىي كارولىنا، ئوكلاھاما، جەنۇبىي كارولىنا، تېنېسى، تېكساس، ۋىرگىنىيە ۋە غەربىي ۋىرگىنىيە.

[5] لى گوڭجاۋ باش بولۇپ تۈزگەن: « 20 - ئەسىر ئامېرىكا ئەدەبىياتىغا يېتەكلىمە»، شىئەن قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2000 - يىلى نەشرى، 137 - بەت.

[6] جۇ لىيۇەن باش بولۇپ تۈزگەن: «بۈگۈنكى زامان غەرب ئەدەبىيات نەزەرىيەسى»، شەرقىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2005 - يىلى 2 - نەشرى، 3 - بەت.

[7] [8] «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1996 - يىلى نەشرى، 5 - توم، 617 - ، 48 - بەتلەر.

[9] «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1996 - يىلى نەشرى، 3 - توم، 104 - بەت.

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا.




## ئۇنتۇلغان كىشىلەر

ئاياغ مېيى زاۋۇتىنىڭ خوجايىنى بىرنادشاۋدىن يېڭى ئاياغ مېيىنىڭ ماركىسىغا ئۇنىڭ نامىنى بېرىش ھەققىدە رازىلىق سورايدۇ. خوجايىن بىرنادشاۋغا:

— ئەگەر سىز بۇنىڭغا قوشۇلغان بولسىڭىز، پۈتۈن مەملىكەتتىكى، پۈتۈن دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ ئۇلۇغ نامىڭىزنى بىلگەن بولاتتى، — دەيدۇ.

— ياق، بىلمەيدىغانلارمۇ بار، — دەيدۇ بىرنادشاۋ كۈلۈپ تۇرۇپ، خوجايىن ھاڭ-تاڭ قالىدۇ.

— سىز ئاياغمۇ كىيەلمەيۋاتقان كىشىلەرنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇپسىز! — دەيدۇ، بىرنادشاۋ ئۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرۇپ.

**ھاسىلات:** ئادەملەرنىڭ ئۇلۇغلۇقى دۇنيادىكى بارلىق كىشىلەرگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە مەسئۇلىيەتتىن بارلىققا كېلىدۇ. ئېنىقكى، يۇكسەك بۇرچ تۇيغۇسىغا ئىگە، ئىنسانىي پەزىلەتلەرگە باي ئەدىبلەرلا جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلاملىرىدا ياشاۋاتقان كىشىلەرنى مەڭگۈ ئەستىن چىقارمايدۇ، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. پەقەت شان-شەرەپ ئۈچۈن تونۇلۇشنىلا ئويلايدىغان نۇرغۇن كىشىلەر ئۆز رەسىمىنىڭ ھاجەتخانا ئىشىكىگە ئېسىلىپ تۇرۇشىدىن نومۇس ھېس قىلمايدۇكى، ئۇلار ئۇلۇغلاردىن بولۇش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر پالاقشىسىمۇ ئاقىۋەتتە ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيلا قالماستىن لەنەتكە قالىدۇ.

**ھېكايەت ھاسىلاتلىرى**

## يازغۇچىنىڭ كەسپى

بىر كۈنى دىككېنس دەريا بويىدا بېلىق تۇتۇۋاتاتتى. بىر ناتونۇش كىشى ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئەپەندىم، بېلىق تۇتۇۋاتامسىز؟ — دەپ سورايدۇ.

— ھەئە. يېرىم كۈن بولدى، بىر تالمۇ بېلىق تۇتالمىدىم، — دەيدۇ دىككېنس ئۆكۈنگەن ھالدا، — بىراق تۈنۈگۈن مۇشۇ يەردە 15 تال بېلىق تۇتقانىدىم.

— پاھ! — مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈپ قويىدۇ ناتونۇش كىشى دىككېنسنىڭ دولىسىنى قېقىپ، — ئەپەندىم، مېنىڭ كىملىكىمنى بىلەمسىز؟ مەن دېگەن مۇشۇ جايدىكى بېلىق باشقۇرغۇچى بولىمەن. بۇ دەريادىن بېلىق تۇتۇش قەتئىي مەنئى قىلىنغان! — ئۇ سۆزلەۋېتىپ يانچۇقىدىن تالوننى ئالىدۇ-دە، دىككېنسنىڭ ئىسمىنى يېزىۋېلىپ جەرىمانە قويماقچى بولىدۇ.

— خوش، مېنىڭ كىملىكىمنى بىلەمسىز؟ — دەيدۇ ھېلىقى كىشىگە دىككېنس، — مەن دېگەن يازغۇچى دىككېنس بولىمەن، شۇڭا سىز ماڭا جەرىمانە قويالمايسىز.

— نېمە ئۈچۈن؟ — سورايدۇ ناتونۇش كىشى.

— ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ھېكايە قۇراشتۇرۇش مېنىڭ كەسپىم، — دەيدۇ دىككېنس تەبەسسۇم بىلەن.

**ھاسىلات:** قانداقلا بولسۇن ئادەملەر ئۆزىنىڭ سۆزىگە دىققەت قىلمىسا، «ھېكايە توقۇش»نىڭ بەدىلى جەرىمانە تۆلەش بىلەنلا تۈگىمەيدۇ. چۈنكى ئىنسانلار سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن تارتىپلا «ھېكايە توقۇش» (تىل) ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولغان.

## قان بىلەن يېزىلغان شېئىر

ئەنگلىيە ئاساسىي نىزامچىلىرىنىڭ شېئىرى سۈپىتىدە ئەتىۋارلىنىپ ساقلانغان مۇنداق بىر شېئىر بار:

يات ماڭا تەسلىم بولۇش زىكرى خىيالىي ئەسلىدىن،
تا ئەزەلدىن زەررە يوق كاللامدا قورقۇش پىكرىدىن.
يۈرىكىم شوخشۇپ ھامان كۆكسۈمدە ئويناپ تۇرسىلا،
ئار-نومۇس ئەسلا مېنى قىلماس جۇدا ئۆز رىشتىدىن.

بۇنى ئەنگلىيەلىك ئاساسىي نىزامچى شائىر ئېرنىست جونىس تۈرمىدە يازغان. ئۇ 1848-يىلى تۈرمىگە تاشلىنىپ يېزىقچىلىققا كېرەكلىك ھەممە نەرسىسىدىن مەھرۇم بولىدۇ. شۇڭا كىچىككىنە بىر قاتتىق سوپۇننى ئويۇپ دۇۋەت ياساپ، ئىچىگە ئازراق سىياھ قۇيۇپ يېزىقچىلىقنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇ توڭلىغان بولسىمۇ ئېرنىست جونىس ئۆزىنىڭ قىزغىن ئىجادىيىتىنى توختاتمايدۇ. قەتئىيلىك بىلەن بارمىقىنى كېسىپ بۇ ئۆچمەس شېئىرلارنى قان بىلەن يېزىپ چىقىدۇ.

**هاسىلات:** قان بىلەن يېزىلغان شېئىرلارنىڭ ئۆچمەيدىغانلىقى ھەقىقەت. ئەمما پۇل، ئەمەل، نام-مەنپەئەت، شان-شەرەپ... بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ ھەرقانداقى قۇمغا يازغاندەكلا ئۇزاققا بارماي ئۆچۈپ كېتىدىغانلىقىنى ھەممە بىلسىمۇ، قەلەمگە ئاللىنېمىلەرنىدۇر قاچىلاپ يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى سەۋەبىدىن ئەسەرلەر ئەسەر يازىدىغانلار ئارىسىدا لەيلەپ قېلىۋاتىدۇ. خەلقنىڭ رىشتىدىن مۇستەسنا ھەرقانداق ئۇرۇنۇش ئورۇنسىز ۋە بىمەنىدۇر. تارىخ ئىسپاتلىغان ھەقىقەتلەرگە كۆز يۇمۇش كەچۈرگۈسىز ئەخمەقانىلىكتۇر.

## قەلەم سودىگىرى

ھېيۇگو بىر قېتىم چەت ئەلگە ساياھەتكە چىقىپ، مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ چېگراسىغا كەلگەندە تەكشۈرۈش ۋە تىزىملىتىشقا توغرا كېلىدۇ.

— ئىسىم-فامىلىڭىز؟ — دەپ سورايدۇ ساقچى ھېيۇگودىن.

— ھېيۇگو.

— نېمە ئىش قىلىسىز؟

— يېزىقچىلىق قىلىمەن.

— نېمە بىلەن تىرىكچىلىك قىلىسىز؟

— قەلەم بىلەن.

شۇنىڭ بىلەن ساقچى تىزىملاش دەپتىرىگە: ئىسىم-فامىلىسى ھېيۇگو. كەسپى: قەلەم سودىگىرى، — دەپ پۈتۈپ قويىدۇ.

**هاسىلات:** گەرچە جەمئىيەت تەرەققىي قىلىۋاتقان بولسىمۇ قەلەم سودىگىرى بىلەن يازغۇچىنى پەرقلەندۈرەلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپىيىپ بېرىشى نەتىجىسىدە، يازغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى تەبىئىيلا «قەلەم سودىگىرى»گە ئايلانماقتا. ئەگەر يازغۇچىلار ھوشىنى تاپمايدىغان بولسا ۋاقتى كەلگەندە قەلەم زاۋۇتى ئاچقان تەقدىردىمۇ جېنىنى باقالمايدۇ. شۇڭا ئۇلار يەنىلا ئەل سۆيگەن ھەقىقىي يازغۇچى بولۇشى كېرەك. ئەگەر بۈگۈنكى ھېيۇگو بولالىسىڭىز ئۆزىڭىزنى ئەڭ بەختلىك سانىسىڭىز بولىدۇ.

## داۋىنچىنىڭ تۇخۇم سىزىشى

داۋىنچى ياۋروپادىكى ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدە ئۆتكەن ئىتالىيەلىك ئاتاقلىق رەسسام. ئۇ رەسىم سىزىشنى كىچىكىدىنلا ياخشى كۆرەتتى. ئانىسى ئۇنى ئاتاقلىق رەسسام ۋېروككوغا شاگىرتلىققا بېرىدۇ. ئۇستازى ئۇنىڭغا قانداقتۇر ئەسەر ئىجاد قىلىشنى ئۆگىتىش ئورنىغا، ئىشنى تۇخۇم سىزىشتىن باشلاش تەلىپىنى قويىدۇ. داۋىنچى ئۇن نەچچە كۈن سىزغاندىن كېيىن، ئەمدى بىر يەرگە بارغاندۇ، دەپ ئۇستازىدىن قىيىنراق نەرسە سىزدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ۋېروككو ئۇنىڭ تاقەتسىزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— تۇخۇم سىزىشنى ئاسان چاغلىماڭ، ئەمەلىيەتتە خام تۇخۇمدىن شەكلى ئوپمۇئوخشاش ئىككىسىنى زادى تاپقىلى بولمايدۇ؛ بىر تۇخۇمنى باشقا-باشقا نۇقتىدىن كۆزەتسىڭىزمۇ، ئۇنىڭ شەكلى ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرىسىز. دېمەك، تۇخۇمنى زادى ئەجىر سىڭدۈرمەي تۇرۇپ رەسىم قەغىزىدە تولۇق ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەس، — دەيدۇ.

داۋىنچى ئۇستازىنىڭ تەلىپى بويىچە، مەشىقنى ئاساسىي ماھارەتنى ئىگىلەشتىن باشلاپ ئادەتتىكى تەسۋىر سىزىشنى ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىدۇ. ئۇزاق مەزگىللىك مۇشكۈل بەدىئىي ئەمەلىيەت داۋامىدا بىر مۇنچە داڭلىق رەسىملەرنى سىزىپ چىقىدۇ، نەتىجىدە ئۆز زامانىسىنىڭ

كاتتا رەسسامى بولۇپ قالدۇ.

ھاسىلات: بىر «تۇخۇم»نى قانائەتلىك سىزىپ چىقالماي تۇرۇپ «ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك غىزا»دەك مەشھۇر رەسىملەرنى سىزىشقا ئىنتىلىش ھەرقانداق كەسىپ ئىگىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، شۈبھىسىزكى مەغلۇبىيەتتىن دېرەك بېرىدۇ. بىز ئاددىي چاغلىغان ھەرقانداق بىر ئىش يېتەرلىك مېھنەت، ئەقىل ۋە ئىجتىھاتقا ئېرىشەلىسىلا، ئۆز قىممىتى بىلەن بىزگە چوڭ-چوڭ ئىشلارنىڭ داغدام يولى ۋە ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

## كۆكتات يۇيۇش

كۆكتات يۇيۇپ ئولتۇرغان دىئوگېننىڭ قۇلقىغا ئەپلاتون شۇنداق پىچىرلاپتۇ:

— پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە كىرگەن بولساڭ كۆكتات يۇيۇپ ئولتۇرمىغان بولاتتىڭ.

— دىئوگېنمۇ ئەپلاتوننىڭ قۇلقىغا ئاستا پىچىرلاپتۇ:

— كۆكتات يۇيۇشنى بىلگەن بولساڭ پادىشاھنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ يۈرمىگەن بولاتتىڭ.

ھاسىلات: قارىغاندا «كۆكتات يۇيۇش»نى بىلىش-بىلمەسلىك، ئىنسانىي قەدىر-قىممەتنى تونۇش-تونۇماسلىقنىڭ مەڭگۈلۈك ئىپادىسى بولسا كېرەك. ئۇلاردىن 2000 يىلدىن كۆپ ۋاقىت كېيىن ياشاۋاتقان بىزلەرنىڭ ئەھۋالىمىزمۇ ئۇلاردىن قىلچە پەرقلەنمەيدىكەن. «كۆكتات يۇيۇش»نى بىلگەنلەر مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈپ ئۆز مېھنىتى بىلەن بەختلىك ياشىماقتا، بىلمىگەنلەر بولسا باشقىلارنىڭ ئىلتىپاتىدىن ئۈمىد كۈتۈپ چەكلىمە ۋە موھتاجلىق ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇر بولماقتا.

## ھېكمەتلىك تۆت سۆز

شاھ بۇزرۇگ مېھرنى زىندانغا تاشلىدى. دوستلىرى ئۇنىڭدىن سورىدىلەر:

— ئەمدى سەن ئۆزۈڭگە نېمە دەپ تەسەللى بېرىسەن؟

ئۇ جاۋاب بەردى:

— مېنىڭ تۆت ھېكمەتلىك سۆزۈم بار. بىرىنچىسى، «ھەممىسى تەقدىردىن، تەقدىردىن ھېچقاچان قېچىپ قۇتۇلالمايسەن»؛ ئىككىنچىسى، «بۇ ئازابلارنى سەۋر-تاقەت بىلەن يېڭىشتىن باشقا يول يوق»؛ ئۈچىنچىسى، ئۆزۈمگە دەيمەنكى: «شۈكۈر قىل، بەلكىم بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر ئەھۋالغا چۈشۈشۈڭ مۇمكىن ئىدىغۇ؟»؛ تۆتىنچىدىن، يەنە ئۆزۈمگە دەيمەنكى: «بەلكىم ئازادلىق دەقىقىلىرى يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقاندۇ، سەن بۇنىڭدىن بىخەۋەر ئولتۇرغاندۇرسەن».

ھاسىلات: كونىلارنىڭ «تەقدىرگە رىزا» دېگىنى مۇشۇ مەنىدە بولۇپ، تەقدىرنى مەيلى ئۇ قانچىلىك دەرىجىدە يامان بولسۇن رازىمەنلىك بىلەن كۈتۈۋېلىش ئەڭ زور ئاقىلانىلىكتۇر. مۇقەررەرلىشىپ بولغان ئاقىۋەتنى ھەسرەت-نادامەت، غەم-ئۆكۈنۈشلەر بىلەن ھەرگىز ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. بەلكى بۇنداق پاسسىپ ئىدىيە بىلەن ئۇ خىل ئاقىۋەتنى تېخىمۇ يامانلاشتۇرۇۋېتىشىمىز مۇمكىن. ھاياتنى ئۆزىمىزنىڭ قەدەملىرى ياراتقانىكەن، ئۇنداقتا ھەرقانداق رېئاللىقنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلالىساقلا ھەقىقىي مەنىدىكى ھايات غالىبلىرىغا ئايلىنالىشىمىزدا گەپ يوق. ئۆزىنى، شۇنداقلا ئۆز ھاياتىنى سۆيىدىغان ھەرقانداق ئادەم جەزمەن ئۆز تەقدىرىنى مېھنەت خۇشاللىقى ئىچىدە كۈتۈۋالغىنىدىلا، ئارزۇ گۈللىرى مۇراد ۋادىلىرىدا ئېچىلماي قالمايدۇ.

## ئەلىشىر بىلەن ئەخمەق

بىر كۈنى سۇلتان ھۈسەيىن ۋەزىرلىرىنىڭ يالغان سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، ئەلىشىر نەۋائىينى زىندانغا تاشلاپتۇ. كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي ئۇنىڭ گۇناھسىزلىقى مەلۇم بوپتۇدە، پادىشاھ ئۇنى زىنداندىن چىقىرىشنى بۇيرۇپتۇ. ئەلىشىر بولسا پادىشاھنىڭ زىندانغا تاشلاش ۋە چىقىرىش ھەققىدىكى پەرمانلىرىغا ئەجەبلەنگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ زىنداندىن چىقىشقا ئۇنىماپتۇ.

شائىرنى زىنداندىن چىقىرىشقا كۆپ تىرىشىپتۇ-يۇ پايدىسى بولماپتۇ، كېيىن شائىرغا يېقىن كىشىلەردىن بىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا بىر ئەخمەقنى قاماپ قويۇپتۇ، شائىر شۇ چاغدىلا زىنداندىن چىقىشقا رازىلىق بېرىپتۇ.

ھاسىلات: ئىنسانغا نادانلىق ۋە ئەخمەقلىكتىنمۇ ئارتۇق قاراڭغۇ-زۇلمەت يوق، كىمىكى نادان ۋە ئەخمەق بولىدىكەن، ئۇ قاراڭغۇ-زۇلمەت ئىچىدە ئۆزىنىڭ نادانلى-

قى ۋە ئەخمەقلىكنىمۇ ھېس قىلالمايدۇ، شۇڭداقلا يېقىن
يوللىغۇچىلارنىمۇ قاراڭغۇ - زۇلمەت ۋەھىمىسىدە قويىدۇ.
ئۇلار ھەتتا ئۆزىنىڭ كېيىنلىكى، نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى-
مۇ بىلمەيدۇ. كۈن - تۈنى غەپلەت ئىچىدە ئۆزى ۋە ئۆز-
گىنىڭ مەڭگۈ شەپەرەڭ كەبى يورۇقلۇقتىن مۇستەسنا ياشى-
شىغا مەستۇ - مۇستەغرەق بولۇپ ياشايدۇ. ئۇنىڭدىن نە
گۈزەللىك، نە يورۇقلۇقنى، نە ھىممەت ۋە قىممەتنى كۆر-
گىلى بولمايدۇ، ئاقىللار ئۇچۇن ھەقىقەتەن ئۇنىڭدىن
ئۆتەر زىندان يوق.

## ئەڭ ئەخمەق ئادەم زالىمدۇر

سۇلتان مەھمۇد دۆلەت ئەربابلىرى ۋە ئەمىرلىرى-
گە:

— ئىنسانلار ئارىسىدىن بىر ئەخمەق كىشى تېپىڭ-
لار، — دەپ بۇيرۇدى. بارلىق زېرەك ۋە خۇش تەبى-
ئەت خەلق بۇ ئىشنىڭ پېيىگە چۈشۈپ سەھرالارغىچە
چىقىپ ئىزدىدى. ئەخمەق سۈپەتلىك كىشىلەرنى تاپال-
ماي، ھەممە شۇ ئىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ يۈرۈپ دە-
رەخكە چىقىۋېلىپ، شېخىدا تۇرۇپ تۈۋىنى كېسىۋاتقان
بىرىنى ئۇچراتتى. ئۇ ئېگىز شاخ كېسىلىپ يىقىلسا مىڭ
جېنى بولسىمۇ بىر جېنى ئامان قالمايتتى، كىشىلەر «ھېچ
ئەخمەق بۇنىڭدەك بولماس» دەپ ئۇنى تۇتۇپ سۇل-
تاننىڭ قېشىغا كەلتۈردى ۋە ۋەقەنى بايان قىلدى. ئەمما
سۇلتان:

— بۇنىڭدىن ھەم ئۆتە ئەخمەق كىشى باردۇر. ئۇ
بولسىمۇ زالىم ھاكىملار بولۇپ، ئۇلار جەبىر - ستەملىرى
بىلەن پۇقرالارغا ئازار بېرىدۇ. ئۇ خاھىشى بويىچە دۆلەت-
نىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى، يىلتىزىنى كېسىپ ئۆزىنى ھەم
تاشلاندۇق ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ھەممىدىن
ئەخمەق شۇدۇر، — دېدى.

ھاسىلات: دەرەخ شېخىدا تۇرۇپ دەرەخ كەسكۈ-
چىلەر ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ. ئەمما ئۆز خەلقىگە زالىملىق
قىلغۇچىلار بولسا، ئەنە شۇ رەۋىشتە بىر پۈتۈن دۆلەتنىڭ
مەنپەئىتىنى گۇمران قىلىدۇ. دۆلەت كۆچىتىنى پەرۋىش قى-
لىشنىڭ يولى خەلقكە بەخت - سائادەت، باراۋەرلىك ۋە
ئەركىنلىك بەرمەكتۇر.

## دادخانلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى

فەزىل ئىبنى سۇھەيل ۋەزىرلىك زامانىدا بىر كىشى-
گە:

— مەن خەلقنىڭ كەلمەك - بارمىقىدىن تەڭلىكتە
قالدىم. دادخانلار سۆزىنىڭ تولىلىقىدىن مالال بولدۇم، —
دېگەنىدى، ئۇ كىشى:

— ئەي ۋەزىر، ئىززەت تەكيىسىنى ئارقاڭغا يۆتكە-
گىن، شۇندىلا كىشىلەر سېنىڭ قېشىڭغا كىرىپ قۇلىقىڭنى
ئاغرىتماس بولىدۇ!؟ — دېدى.

ھاسىلات: ئەرز - ھال ئېيتقۇچىلارنىڭ كۆپىيىشى بىر
تەرەپتىن باشقۇرغۇچىلارنىڭ ناقابىللىقى ۋە ئەسكىلىكىدىن
بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھەل قىلغۇچىلارنىڭ ئىقتىدارلىق-
لىقى ۋە ياخشىلىقىدىن بولىدۇ. ئەگەر ئەرز - ھال ئېيتقۇچى-
لارنىڭ يولى توسۇلۇپ، ئۈمىدى ئۈزۈلسە، ھەل قىلغۇچى-
لارنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم باسمايدۇ. بۇ ئاقىۋەتتە
خەلقنىڭ ھۆكۈمرانلىققا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىدۇ. ئۆز
خەلقىنىڭ دادۇپەريادلىرىغا قۇلاق سالماسلىقنىڭ ئاقىۋىتى
ھۆكۈمران ئۇچۇن ئىنتايىن قورقۇنچلۇقتۇر. چۈنكى
خەلقنىڭ ئەرز - ھال ئېيتىشى ئادىللىق تەلەپ قىلىشتىن
باشقا نەرسە ئەمەس. خەلق بار يەردە مەسىلە بولىدۇ. ھۆ-
كۈمران ئۇنى ئادىللىق بىلەن ھەل قىلىش يولىنى تۇتمىسا
دۆلەتنىڭ ئۇلى ئاجىزلايدۇ، ھۆكۈمرانلار ئۇچۇن دادخان-
لاردىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى ئۇلارنىڭ ئەرز - دادىنى ئادىللىق
بىلەن ھەل قىلىشتۇر.

## ئانا نەزەرىدە

1953 - يىلىنىڭ بىر كۈنى ستالىن ھەشەمەتلىك كىرې-
مىل سارىيىدا يېزىدىكى قېرىپ دۈمچىيىپ قالغان ئانىسى
بىلەن كۆرۈشتى. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى نەچچە ئون يىلدا
بۇ موماي گىرۇزىيەدىكى يېزىسىدىن زادىلا ئايرىلىپ باق-
مىغان كىچىككىنە بىر تاختايلىق ئۆيدە كۈن ئۆتكۈزگەن-
دى. شۇڭا ئوغلى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان سوۋېت ئىتتىپا-
قى توغرىسىدا دۈمچىيىپ قالغان ئانىسى ھېچنېمىنى بىلمەيت-
تى. كۆرۈشۈشتە مۇنۇ پاراڭلار بولۇندى:

— كىچىك ۋاقتىمدا مېنى نېمىشقا شۇنچە قاتتىق ئۇ-
راتتىڭ؟ — دەپ سورىدى ستالىن.

— شۇنداق بولغاچقا ھازىرقىدەك يارامىلىق ئادەم

بولدۇڭ، — دەپ جاۋاب بەردى ئانىسى ۋە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئاندىن، — ئۇيۇسىف، سەن ھازىر قانداق ئەمەلدار بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدى.

— چارپادىشاھ ئېسىڭدىمۇ؟ — دېدى ستالىن، — مەن ھازىر پادىشاھ بولۇپ قالدىم دېسەممۇ بولىدۇ.

ئانىسى ئالقىنىنى جۈپلەپ كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— راستىنى ئېيتقاندا، مەن سېنى پوپ قىلاي دېگەنىدىم، — دېدى.

**ھاسىلات:** بىر ئانىنىڭ نەزەرىدە بالىنىڭ پادىشاھ ياكى پوپ بولۇشىنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق. مۇھىمى ئۇ ئادەم بولسىلا بولىدى. شۇڭا ئىنسان بالىسى ئەڭ ئالدى بىلەن «ئادەم بولۇش»تەك ئەڭ مۇقەددەس مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالىغاندىلا، بارلىق ئانىلارنىڭ قەلبى تەسكىن تاپىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق ئىشتا يۈكسەك ئادىمىيلىكنى ئۆلچەم قىلغاندىلا ئۇ ئۆز مەنىسىگە ئىگە بولالايدۇ.

## پادىشاھنىڭ نەپ ئۈندۈرۈۋېلىشى

بىر كۈنى پادىشاھ گېئورگى Ⅲ يېزىغا شىكارغا بېرىپ، چۈشتە كىچىك بىر مېھمانخانىدا غىزالىنىپتۇ.

پادىشاھنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتمىگەچكە پىششىق تۇخۇمدىن ئىككىنىلا يەپتۇ. ئۇ تۇخۇملارنى يەپ بولغاندىن كېيىن غوجايىن تالوننى ئەكىلىپتۇ. پادىشاھ تالوننى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ: — ئىككى تۇخۇمغا ئىككى فوندستېرلىڭ ئاپسىلەر، تۇخۇم بۇ يەردە كەمدىن-كەم ئۇچرايدىغان ئوخشىمامدۇ؟

— ئۇنداق ئەمەس ئالىيلىرى، — دەپتۇ غوجايىن، — تۇخۇم كەمدىن-كەم ئۇچرىمايدۇ. پەقەت پادىشاھلا كەمدىن-كەم ئۇچرايدۇ، باھاسى سالاھىيەتلىرىگە مۇناسىپ كېلىشى كېرەك.

بۇ گەپكە قىل سىغمىغاچقا گېئورگى Ⅲ ھېچنېمە دېيەلمەي تالونغا ئاساسەن پۇل تۆلەشكە مەجبۇر بوپتۇ.

**ھاسىلات:** ئادەتتىكى بىر قىسىم ئەمەلدارلار جېنىدا قورسىقى توق بولغان ھالەتتىمۇ ئۈستىلەپ يەپ-ئىچىپ تالون دېگەننىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمەستىن سەمرىپ تېقىلىپ كېتىدۇ. بەزى غوجايىنلار بەزى ئەمەلدارلاردىن پۇل سوراشقىمۇ پېتىنالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردە ئەزەلدىن باشقىلارنى باشقىلار مېھمان قىلىدۇ، ئۇلار ھەتتا بازارمۇ ئارىلىمايدۇ، بازار ئارىلىغاندىمۇ يانچۇقىغا پۇل سېلىپ يۈرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھامان توققۇزى تەل بولىدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا، گېئورگى Ⅲ ئەمەلدارلارنىڭ ھەققىي ئۈلگىسى بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەن.

## بېلىڭىزنى ئەگسىڭىزلا...

ئەيسا مۇرتى پېترنى ئېلىپ يىراق سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. سەپەر ئۈستىدە ئۇپراپ ھالى قالمىغان ئات تاقىسىنى كۆرۈپ قېلىپ، پېترغا ئۇنى ئېلىۋېلىشنى ئېيتىپتۇ. ئەمما پېتر بېلىنى ئېگىپ ئېلىۋېلىشقا ئېرىنىپ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغانغا سېلىۋاپتۇ. ئەيسا ھېچنېمە دېمەيلا ئۆزى ئېگىشىپ ئات تاقىسىنى ئېلىۋاپتۇ. ئۇنى تۆمۈرچىگە ئۈچ يارماققا تېگىشىۋېلىپ، بۇ پۇلغا 18 دانە گىلاس سېتىۋاپتۇ.

ئىككىسى سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ چۆل-جەزىرىدىن ئۆتۈپتۇ. ئەيسا پېترنىڭ ئۇسساپ بولالماي قالغىنىنى پەملەپ، يېڭىگە يوشۇرۇپ قويغان گىلاستىن بىرنى ئاستا تاشلاپ قويۇپتۇ، پېتر ئۇنى كۆرۈپلا ئالمان-تالمان ئېلىپ يەپتۇ. ئەيسا يولنى داۋاملاشتۇرغاچ تاشلاۋېرىپتۇ. پېترمۇ قېيىن ئەھۋالغا قېلىپ بېلىنى 18 قېتىم ئېگىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەيسا كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا:

— شۇ چاغدا بېلىڭنى بىر قېتىم ئەگكەن بولساڭ كېيىن تىنماي ئېگىلىپ يۈرمىگەن بولاتتىڭ، — دەپتۇ.

**ھاسىلات:** بىر قېتىم ئېگىلىشكە ئېرىنىپ، ھەتتا ئۆمۈر بويى تەكرار ئېگىلىشكە دۇچ كېلىدىغان ھايات سەرگۈزەشتىلىرى ناھايىتى تولا. كىچىك ئىشلارغا سەل قارايدىغان ئادەملەرنىڭ چوڭ ئىشلارنى قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇ سىناق بىلەنلا قالماي ئۇ شۇ تۈپەيلى كۆپلەپ رىيازەت چېكىشكە مەجبۇر بولىدۇ. تەكرار «ئېگىلىش» تۈپەيلى ھايات قىممىتى ۋە ياشاش مەنىسىنىمۇ يوقىتىپ قويىدۇ، يىراقنى كۆرەلەيدىغان كىشىلا، كۆز ئالدىدىكى ھەر بىر ئىشقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلالايدۇ. ئۆزىنىڭ ئىخلاس-ئېتىقاتى بىلەن كىچىككىنە ئەينەك پارچىسىدىنمۇ غايەت زور قۇياشنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولالايدۇ.

## نەپرەت خالتىسى

يۇنان ئەپسانىلىرىدە ھىراكلىس دەيدىغان بىر بۈيۈك قەھرىمان بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ تاغ يولىدا خالتىدەك

بىر نىمىنىڭ ئۆزىگە پۇتلىشىۋاتقانلىقىنى بايقاپتۇ-دە، ئۇنى بىرنى دەسسەپتۇ. ئۇيلىمىغان يەردىن ھېلىقى نەرسە كۆپۈپ ھەسسىلەپ كېڭىيىشكە باشلاپتۇ.

ھىراكلىس ئۇنىڭغا چىدىماي چېچاڭشىپ كېتىپتۇ. بىر توقماقنى ئېلىپ ئۇنى ئۇرۇپتۇ، ئەمما بۇ نەرسە تېخىمۇ يوغىناپ ئاخىر يولنى توسۇۋاپتۇ. دەل شۇ چاغدا تاغدىن ئەۋلىيا چىقىپ ھىراكلىسقا مۇنداق دەپتۇ: دوستۇم، ئۇنىڭغا تەگمە. ئۇنى ئۇنتۇپ كەت، ئۇنىڭدىن يىراق تۇر. ئۇ «نەپرەت خالتىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭغا چېقىلمىساڭ ئۇ بۇرۇنقىدەك كىچىك پېتى تۇرۇۋېرىدۇ؛ چېقىلىپلا قويساڭ كۆپىيىدۇ، يولۇڭنى توسۇۋالىدۇ، سەن بىلەن ئاخىرغىچە دۈشمەنلىشىدۇ!

ھىراكلىس جىمجىت كېتىپ قالغانىكەن، دېگەندەكلا ھېلىقى «نەپرەت خالتىسى» يەنە بارا-بارا كىچىكلەپ يولمۇ راۋانلىشىپتۇ.

**ھاسىلات:** نەپرەت پاتقاققا پاتقان ئادەم ئۆزىنى ئۆزى ئازابلاپ ئۇتۇشكە مەجبۇر بولىدۇ. نەپرەتلىنىش ئۆز-ئۆزىنى ئازابلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. سىز ئاچچىق ۋە ئۆچمەنلىكنىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكىنىڭىزدە كۆڭلىڭىزنىڭ خۇشاللىق نۇرى ئىچىدە تەنتەنە قىلىۋاتقانلىقىنى، يولىڭىزنىڭمۇ ئۆزلۈكىدىن كېڭىيىپ كەتكەنلىكىنى بايقايسىز. بىزنىڭ چىشىمىزنى قىرىشتۇرىدىغان، نەپرىتىمىزنى قوزغايدىغان ئىشلار قەدەمدە دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدۇ، ئەگەر ئۇلار بىلەنلا بولۇپ كېتىدىغان بولساق، بۇ قىسقىغىنە ھايات بىز ئۈچۈن بەئەينى بىر دوزاخقا ئايلىنىدۇ. بىر قەدەم ئارقىغا چېكىنسەك ۋە ئۇنى تەلتۆكۈس ئۇنتۇپ كەتسەك شۈبھىسىزكى، ئۆز جەننىتىمىزگە ئېرىشەلەيمىز.

## ئايال پادىشاھنىڭ ئىشىك چېكىشى

بىر قېتىم ئايال پادىشاھ ۋىكتورىيە ئېرى بىلەن سوقۇشۇپ قاپتۇ. ئېرى ھۇجرىسىغا كىرىۋېلىپ سىرتقا چىقماپتۇ. ئايال پادىشاھ ھۇجرىسىغا كىرمەكچى بولۇپ ئىشىك چېكىشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئېرى:

— كىم؟ — دەپ سوراپتۇ. ئايال پادىشاھ قەيسەرلىك بىلەن: — ئايال پادىشاھ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئەمما ئىشىك ئېچىلماپتۇ. ئايال پادىشاھ ئىشىكنى يەنە قېقىشقا مەجبۇر بوپتۇ.

— كىم؟

— ۋىكتورىيە.

ھۇجرىدىن يەنىلا شەپە چىقماپتۇ، ئۇ يەنە ئىشىك چېكىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

— كىم؟

— ۋىكتورىيە.

ھۇجرىدىن يەنىلا شەپە چىقماپتۇ.

— كىم؟

ئايال پادىشاھ مۇلايىملىق بىلەن:

— خوتۇنىڭىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋە ئىشىك ئېچىلىپتۇ.

**ھاسىلات:** بىر ئايالنىڭ بايلىقى قانچە كۆپ، ھوقۇقى قانچە چوڭ، تەسىر دائىرىسى قانچە كەڭ ۋە ھەرقانچە قالتىس بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئايال ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىقى ۋە مۇناسىپ سالاھىيىتىنى ساقلىشى كېرەك. شۇندىلا ئۇ ھەقىقىي بەخت-سائادەتكە مۇيەسسەر بولىدۇ. ئۆزىنىڭ ئاياللىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلالمىغان ئايال جەمئىيەتتە ھەر قانچە كاتتا ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بەختسىز ئايالدۇر.

## ھەركىمنىڭ ئۆزىگە ئېسىل

بىر خۇشامەتچى بىر پارچە ئېسىل قاشتېشىنى قولىغا چۈشۈرۈپتۇ. ئۇنى چەك سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى زىفەنگە سوۋغا قىپتىكەن، زىفەن ئالغىلى ئۇنىماپتۇ. ئۇ ئادەم بۇ بەك ئېسىل قاشتېشى، بۇنى سىلىدەك مۆتىۋەر ئادەم تاقىمىسا ئادەتتىكى ئادەملەرگە ماس كەلمەيدۇ، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان زىفەن: — سەن بۇ قاشتېشىنى ئېسىل نەرسە دەۋاتىسەن، بىراق مەندە بۇنىڭدىنمۇ ئېسىل نەرسە بار، ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلگۈڭ بارمۇ؟ — دەپتۇ. ئۇ ئادەم كۆزىنى چەكچەيتىپ:

— قانداق ئېسىل نەرسە؟ — دەپ سوراپتىكەن، زىفەن:

— مەندىكى ئېسىل نەرسە سېنىڭ ئېسىل نەرسەڭنى ئالماسلىق، — دەپتۇ.

**ھاسىلات:** بىر ئادەم ئۈچۈن، بولۇپمۇ ئەمەلدارلار ئۈچۈن پاك-دىيانەتلىك بولۇش بايلىق بىلەن ئۆلچەنگىلى

بولمايدىغان بىباھا قىممەتتۇر. پاك- دىيانەتلىك كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ گۈزەل پەزىلىتى بىلەن خەزىنىلەرنى سىرىپ قىلىپمۇ قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان ئېسىل نەرسىگە ئېرىشىدۇ. ئۇ بولسىمۇ خەلقنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىشەنچىسىدىن ئىبارەت. ئەپسۇسكى، پۇل ۋە قاشتېشىنى ھەممىدىن ئەلا بىلگەن كىشىلەر كىشىلىك قەدىر- قىممىتى ۋە ئىززەت- ھۆرمىتىدىن مەھرۇم قالماقتا. پۇشايمان ياشلىرىنى تۆكۈپ ئىبرەت ناخشىلىرىنى توۋلىماقتا.

## ئەينەك چېقىش تەلىماتى

پسىخولوگلار مۇنداق بىر تەجرىبە ئىشلىگەن:

تاشقى كۆرۈنۈشى ئوخشاش ئىككى ئاپتوموبىل ئوخشاش مۇھىتتا توختىتىپ قويۇلغان. بىرسىنىڭ قاپقىقى بىلەن ئەينىكى ئوچۇق، يەنە بىرسىنىڭ يېپىق. ئوچۇق ئاپتوموبىل ئۈچ كۈن ئىچىدە بۇزۇۋېتىلگەن. يەنە بىرى بولسا ئۆز پېتى تۇرغان. لېكىن تەجرىبە خادىمى بۇ ئاپتوموبىلنىڭ بىر كۆزەينىكىنى چېقىۋەتكەندىن كېيىن، بىر كۈن ئىچىدە ئاپتوموبىلنىڭ ھەممە ئەينىكى چېقىۋېتىلگەن. ئىچىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئوغرىلاپ كېتىلگەن، بۇ تەجرىبە داڭلىق «ئەينەك چېقىش تەلىماتى»دۇر.

**ھاسىلات:** يوچۇق قالغان ھەرقانداق ئىش مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئەگەر قەلبىمىز ياكى خاراكتېرىمىزنىڭ كەمتۈك جايلىرى بولىدىكەن، ئۇ تېخىمۇ قورقۇنچلۇق. ھامان بىزنى خاتا ۋە مەنىسىز ئىشلارغا ھەلەك قىلىپ ھاياتىي قىممىتىمىزنى يوققا چىقىرىدۇ. مۇكەممەل ئادەم بولۇشنى خالىساڭ سۆز- ھەرىكىتىڭ ۋە قەلبىڭگە ھەرقانداق غەلىتە ۋە رەزىل ئىدىيە- ھالەتلىرىنىڭ ئۇرۇق چېچىشىغا يول قويما. چۈنكى، غايەت زور دامبىلارمۇ يىڭنىنىڭ ئۇچىدەك تۆشۈك تۈپەيلى يار ئېلىپ كېتىش ئاپىتى يۈز بېرىدۇ ئەمەسمۇ؟!

## دېبىق

دېبىق دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئۇسسۇملۇك بار بولۇپ، ئۇ يۇمشاق ۋە ئىنچىكە بولغاچقا، ئۆزى ئۇسسەلمەي باشقا ئېگىز ئۇسسۇملۇكلەرگە يامىشىپ ئۆسىدىكەن. دېبىق بارا- بارا ئاينىپ بوك- باراقسان بولۇپ كېتىپتۇ، يەنە تېخى مېۋىگە كىرىپتۇ. دېبىقنىڭ مېۋىسى قارامتۇل قىزىل بولۇپ، كۆرگەنلەرنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كېلىدىكەن. بىر كۈنى بىر يولۇچى دېبىق مېۋىسىدىن ئۈزۈۋېپ يەپ:

— بەك تاتلىق ھەم چىرايلىق ئىكەن، — دەپتۇ دېبىقنى ماختاپ. بۇنى ئاڭلاپ دېبىق ئىنتايىن مەمنۇن بوپتۇ. كېيىن بىر ياغاچچى تاغقا ياغاچ كەسكىلى چىقىپتۇ. ئۇ دېبىق يۆگىشىۋالغان چوڭ دەرەخنى كۆرۈپ: بۇ دەرەخنى ئۆيگە لىم قىلسام ناھايىتى ياخشى بولغۇدەك، — دەپ ئويلاپ كېسىشكە باشلاپتۇ.

دېبىق مېنىمۇ قوشۇپ كېسىۋېتىدىغان بولدى، — دەپ بەك قورقۇپتۇ. ئۇ، دەرەختىن ئايرىلماقچى بوپتۇ، بىراق ئادەتتە بەك چىڭ يۆگىشىۋالغان بولغاچقا ئەمدىلىكتە ئايرىلاي دەپمۇ ئايرىلالماپتۇ، ئاخىرىدا دەرەخ يىقىلىپتۇ، دېبىقمۇ بىرلىكتە ھالاك بوپتۇ.

**ھاسىلات:** باشقىلارغا يۆلىنىۋېلىش ئىنتايىن خەتەرلىك ياشاش ئادىتى. ئۇ ئادەمنى روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە مۇستەقىللىقتىن مەھرۇم قىلغاندىن باشقا، ئۆزىگە ئوخشىمايدىغان كېرەكسىز بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. يۆلىنىۋالغۇچىسىز ياشىيالماس ھالەتكە كەلتۈرۈپ تەقدىر تىزگىنىنى ئىختىيارىدىن كەتكۈزىدۇ. ھەر بىر ھايات ئەلىدىنىلا مۇستەقىل بىر ياشاش گەۋدىسى بولۇپ يۆلىنىۋېلىش مۇقەررەر ھالدا ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا مەڭگۈلۈك قارا سايە چۈشۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۆز جېنىنى راۋۇرۇس باقالمايدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپلۈكى دەل شۇ قارا سايىنىڭ ئۆزلۈكنى كۆمپەيكۆم قىلغانلىقىدىندۇر.

## بالدۇر تۇتۇش قىل

بېل تېلېفون ئۇستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقاندا گراي ئىسىملىك يەنە بىر ئادەممۇ تېلېفوننى تەتقىق قىلغانىكەن. كېيىن ئىككىسى بىرلا ۋاقىتتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپتۇ. لېكىن تېلېفون كەشپىياتىدا بېل پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشىپتۇ. چۈنكى، پاتېنت ئىدارىسىگە ئۇ گرايغا قارىغاندا ئىككى سائەت بۇرۇن بارغانىكەن. ئۇلار ئەسلىي تېلېفوننى ئۆزىدىن باشقا ئادەمنىڭمۇ تەتقىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇقمايدىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن بېل پاتېنتقا ئىلتىماس قىلىشتا 120 مىنۇت بۇرۇن ھەرىكەت قىلغاچقا دۇنياغا تونۇلۇپ نۇرغۇن بايلىققا ئىگە بولغان.

ھاسىلات: مۇۋەپپەقىيەت ئۈچۈن بېرىلگەن ۋاقىت ناھايىتى چەكلىك. ياشاش ماكانىمىز بولسا بىرلا. رىقابەتچىلىرىمىزمۇ ئىنتايىن كۆپ. ئويلىغانلىرىمىزنى تېز ھەرىكەتلىنىپ شۇ ھامان ئەمەلگە ئاشۇرالىساقلا ئاندىن باشقىلارغا قارىغاندا بىر قەدەمنى بالدۇرراق باسالايمىز-دە، غەلىبىگە ئېرىشەلەيمىز. دىلغۇللۇق ۋە ئىككىلىنىش ئىچىدە يۈرىدىغان ئادەملەر پەقەت ئارمان بىلەنلا ياشايدىغان مەغلۇبىيەتچىلەردۇر. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلاردىن بولۇپ چىقىشى پەقەت ھەرىكەت ۋە سۈرئەت جەھەتتە باشقىلاردىن ئېشىپ كەتكەنلىكىدىندۇر. چۈنكى، ئەمەلىيەتتە ھەممىمىز ئەقىللىق، تىرىشچانغۇ؟! شۇڭا تاماملاشقا كۆزىڭىز يەتكەن ئىشقا دەرھال كىرىشىڭ.

## ئەڭ قىممەتلىك نەرسە

بىر ئادەم پۈتۈن ئەس-يادى بىلەن دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى تېپىشنى ئويلايدىكەن. ئۇ ئالدىغا ئۇچرىغان ئادەمدىن:

— دۇنيادىكى ھەممىدىن قىممەتلىك نەرسە نېمە؟ — دەپ سورايدىكەن.

— ئالتۇن، ساھىبجامال، ئالماس، ھوقۇق، بىلىم، سېھىرگەرلىك، — ھەركىم ئۆزى بىلگەنچە جاۋاب بېرىشىپتۇ.

بۇ ئادەم زادى نېمىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي ئۇنى جاھان كېزىپ تېپىش قارارىغا كەپتۇ. نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپتۇ. پۈتۈن دۇنيانى ئايلىنىپ چىقىپتۇ، قېرىپ، ئامراتلىشىپ كېسەلچان بولۇپ قاپتۇ.

ئەمما ھېلىقى قىممەتلىك نەرسىنى تاپالماپتۇ، ئامالسىز ئۈمىدىنى ئۈزۈپ غەمكىن ھالدا ئۆيىگە قايتىپتۇ. قىشنىڭ سوغۇق بىر ئاخشىمى ئۇ ئاخىر ئۆيىگە كەپتۇ. ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن غۇۋا چىراغ يورۇقىنى كۆرۈپتۇ. ئىچىگە قارىسا ئۆيدىكىلەر ئىسسىق تاماق قويۇلغان شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرغىدەك. ئۇنىڭغا قالدۇرۇپ قويۇلغان ئورۇنلا بوش ئىكەن. بۇنى كۆرۈپ ھېلىقى ئادەمنىڭ كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياشلار تۆكۈلۈپتۇ، ئۇ ئاخىرى ئەسلىدە دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ئۆزىنىڭ ئائىلىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ.

ھاسىلات: بىز ئائىلىنىڭ مېۋىسى. ئەمما ھامان ئۇنىڭغا سەل قارايمىز. بەخت، خۇشاللىق، شان-شەرەپ، ئامەت، ھوقۇق-مەرتىۋە، بايلىق ۋە ئابرۇيىنىڭ پەقەت ئائىلىدە ھەقىقىي مەنىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى كېچىكىپ ھېس قىلىمىز. ئەگەر ھەر بىرىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئائىلىسىنى قۇرۇپ چىقالىساق ۋە ئۇنى قىزغىن سۆيەلىسەكلا ھاياتىمىزدا تەم، ياشىشىمىزدا مەنە بولىدۇ. ئائىلىسىدىن خۇشاللىق تاپالمىغان ئادەمنىڭ جەمئىيەتتە خۇشاللىقى بولمايدۇ.

## كىشىلەر نېمىگە بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدۇ

كىشىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزغا قانداق قارىشى ئەمەلىيەتتە ھاياتىمىزغا بەرگەن باھاسىدۇر. ئەمما نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۆزى بىلگەنچە ياشاپ ئۇنىڭغا ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمەيدۇ. نەتىجىدە ھەرقايسى جەھەتتىن خاتالىشىپ بىھۇدە ئاۋارە بولىدۇ، نەپرەتكە قالىدۇ ياكى نەزەرگە ئېلىنمايدۇ. ئۆزىنى ئالدايدۇ. ئۇنداقتا كىشىلەر زادى نېمىگە قارايدۇ؟ نېمىگە بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدۇ؟

▲ كىشىلەر سىزنىڭ كىمنىڭ پۇشتى ئىكەنلىكىڭىزگە ئەمەس، ھايات ئەمەلىيىتىڭىزدە ئىپادىلىگەن ئۆزلۈكىڭىز ۋە كىملىكىڭىزگە قارايدۇ. ئەجدادىڭىزنىڭ ئۇلۇغ ياكى ئەمەسلىكى مۇھىم ئەمەس. شۇڭا تۈنۈگۈندىن بۈگۈننى مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ باي-باياشات تۇرمۇشىڭىز، ھەشەمەتلىك ئىستېماللىڭىزغا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن ئىنسانىي قىممەت ۋە ئىزگۇ مەنىلەرنى يارىتىۋاتامسىز ياكى پارازىتلارچە ياشاۋاتامسىز؟ شۇنىڭغا قارايدۇ. شۇڭا مەنىۋى بايلىقنى ماددىي بايلىقتىن مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ قانچىلىك ئوقۇغانلىقىڭىز ۋە قانچىلىك بىلىدىغانلىقىڭىزغا ئەمەس، زادى نېمىلەرنى قىلالىغانلىقىڭىز ۋە قىلالايدىغانلىقىڭىزغا قارايدۇ. شۇڭا ئەمەلىي ئىقتىدارنى نەزەرىيەۋى بىلىمدىن مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ مال-دۇنيا، پۇل-بىساتىڭىزنىڭ كۆپ-ئازلىقىغا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى قانداق پايدىلىق ئىشلارغا ئىشلەتتىڭىز شۇنىڭغا قارايدۇ. شۇڭا پۇلنى جايىدا خەجلەشنى قانداق تېپىشتىن مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر ئەمەل-مەرتىۋىڭىز، ھوقۇق-ئىمتىيازىڭىزنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىگە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئاۋامغا ھەقىقىي پايدىلىق ئىش قىلىپ بەردىڭىزمۇ-يوق؟ شۇنىڭغا قارايدۇ. شۇڭا مەسئۇلىيەتنى ھو-

قۇقتىن مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ تاشقى گۈزەللىكىڭىزگە، ياسىنىش-تۇرقىڭىزغا ئەمەس، بەلكى قەلبىڭىزنىڭ گۈزەل ياكى ئەمەسلىكىگە قارايدۇ. شۇڭا ئىچكى گۈزەللىكنى تاشقى گۈزەللىكتىن مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئىشلەۋاتقىنىڭىزغا ئەمەس، بەلكى قانداق ئۇلۇغۋار نىشانلار ئۈچۈن تەر تۆكۈپ ئىزدىنىۋاتقانلىقىڭىزغا قارايدۇ. شۇڭا نىشاننى ھەرىكەتتىن مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە ماھىر ياكى ئەمەسلىكىڭىزگە ئەمەس، بەلكى شۇ مۇناسىۋەتلەر تورىدا ئوبرازىڭىزنى خۇنۇكلەشتۈرگەن-خۇنۇكلەشتۈرمىگەنلىكىڭىزگە قارايدۇ. شۇڭا پاكلىقنى مۇناسىۋەتتىن مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ ئىلگىرى قانداق ئىشلارنى قىلغانلىقىڭىزغا ئەمەس، بەلكى ھازىر نېمە ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىڭىزغا قارايدۇ. شۇڭا ھازىرنى «ھېلى»دىن مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ قانچىلىك مال-دۇنيايىڭىزنىڭ بارلىقىغا ئەمەس، بەلكى ئۇنى قانداق تاپقانلىقىڭىزغا قارايدۇ. شۇڭا ھالاللىقنى بايلىقتىن مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ جەمئىيەتتىن نېمىلەرگە ئېرىشكەنلىكىڭىزگە ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتكە قانچىلىك تۆھپە قوشقانلىقىڭىزغا قارايدۇ. شۇڭا ئاتا قىلىش (بېرىش)نى ئېلىشتىن مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ ئۆي-ماكانىڭىزنىڭ كەڭ-تارلىقىغا ئەمەس، بەلكى كۆڭۈل-كۆكسىڭىزنىڭ كەڭ-تارلىقىغا قارايدۇ. شۇڭا دۇنيانىڭ كەڭلىكىدىن كۆڭۈلنىڭ كەڭلىكىنى مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ قەددى-قامىتىڭىز، ھۆسن-جامالىڭىزنىڭ كېلىشكەنلىكىگە ئەمەس، بەلكى قورسىقىڭىزدا ئۈمچىڭىزنىڭ بار-يوقلۇقىغا قارايدۇ. شۇڭا بىلىمنى قۇرۇق سۆلەتتىن مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ قانداق قەدەمدە مېڭىۋاتقانلىقىڭىزغا ئەمەس، بەلكى نەگە مېڭىۋاتقانلىقىڭىزغا قارايدۇ. شۇڭا مەنزىلنى يولدىن مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ چەت ئەلگە چىققانلىقىڭىزغا ئەمەس، بەلكى چەت ئەلگە نېمە ئۈچۈن چىققانلىقىڭىز ۋە قانداق ھاسىلات بىلەن قايتىدىغانلىقىڭىزغا قارايدۇ. شۇڭا چەت ئەلگە قانداق چىقىشتىن ۋەتەنگە قانداق قايتىشنى مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ قانداق سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىڭىزغا ئەمەس، بەلكى غۇرۇر-ۋىجدانىڭىزنى سېتىۋاتامسىز-يوق؟ شۇنىڭغا قارايدۇ. شۇڭا ۋىجداننى پۇلدىن مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ ئاتا-ئانىڭىزنى ياخشى كۆرىدىغان-كۆرمەيدىغانلىقىڭىزغا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا قانداق ئەمەلىي كۆيۈمچانلىق ۋە ۋاپادارلىق يەتكۈزگىنىڭىزگە قارايدۇ. شۇڭا ئەمەلىي كۆيۈنۈشنى ئېغىزنىڭ ئۇچىدىكى ئەمەلسىز تاتلىق گەپلەردىن مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭىزنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە ئەمەس، بەلكى ئۇلار بىلەن قانچىلىك ئىجىل-ئىناق ئۆتىدىغانلىقىڭىزغا قارايدۇ. شۇڭا قېرىنداشلىق مېھىر-مۇھەببىتىنى مۇناسىۋەتتىن مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ قانچىلىك راھەت-پاراغەت كۆرۈپ، ھۇزۇر-ھالاۋەتتىن بەھرىمەن بولۇۋاتقانلىقىڭىزغا ئەمەس، بەلكى شۇ ئارقىلىق ھاياتىڭىزنى چىرىتىۋاتامسىز-يوق؟ شۇنىڭغا قارايدۇ. شۇڭا ئۆزىنى بىلىشنى لەززەتتىن مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ قانچىلىك ئىش بېجىرەلەيدىغانلىقىڭىزغا ئەمەس، بەلكى كىملەرنىڭ ئىشىنى نېمە سەۋەبتىن بېجىرگەنلىكىڭىزگە قارايدۇ. شۇڭا ۋاستىنى مەقسەتتىن مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ كىمگە نېمىلەرنى بېرىۋەتكەنلىكىڭىزگە ئەمەس، بەلكى نېمە ئۈچۈن بەرگەنلىكىڭىزگە قارايدۇ. شۇڭا مەقسەتنى ساخاۋەتتىن مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ باردى-كەلدىڭىزنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە ئەمەس، بەلكى كىملەر بىلەن نېمە مەقسەتتە باردى-كەلدى قىلغانلىقىڭىزغا قارايدۇ. شۇڭا نەتىجىنى ئىشتىن مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ قىلىچىڭىزنىڭ ئۆتكۈرلۈكىگە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ نېمىنى كېسىدىغانلىقى ياكى كېسەلەيدىغانلىقىغا قارايدۇ. شۇڭا ھەقىقەتنى قىلىچتىن مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ قانداق كاتتا خىزمەتلەرنى قىلغانلىقىڭىزغا ئەمەس، بەلكى سىزنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن قۇل ياكى ئەمەسلىكىڭىزگە قارايدۇ. شۇڭا ئىدىيەدە ئازاد بولۇشنى روھىي قۇللۇقتىن مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ غوجايىن ياكى ئەمەسلىكىڭىزگە ئەمەس، بەلكى سىزنىڭ ئۆزىڭىزنىڭ غوجايىنى ياكى ئەمەسلىكىڭىزگە قارايدۇ. شۇڭا ئۆزىڭىزگە غوجا بولۇشنى

باشقىلارغا غوجايىن بولۇشتىن مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ ئۇنۋان-گۇۋاھنامىلىرىڭىزنىڭ كۆپلۈكى ياكى يۇقىرىلىقىغا ئەمەس، بەلكى «قالپاقتا تۆشلۈق قىرغىز» بارمۇ-يوق؟ شۇنىڭغا قارايدۇ. شۇڭا پىلەكتىن خەمەكنى مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ قانچىلىك كۆپ كىتاب ئوقۇغىنىڭىزغا ئەمەس، بەلكى قانچىلىك چۈشەنگىنىڭىز ۋە بىلگىنىڭىزگە قارايدۇ. شۇڭا چۈشىنىشنى ئوقۇشتىن مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ قانداق يېقىلغانلىقىڭىزغا ئەمەس، بەلكى ئورنىڭىزدىن قانداق تۇرىدىغانلىقىڭىزغا قارايدۇ. شۇڭا ئورنىدىن تۇرۇشنى يىقىلىشتىن مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ نىيمەلەرنى ئاشكارىلاۋاتقانلىقىڭىزغا ئەمەس، بەلكى نىيمەلەرنى يوشۇرۇۋاتقانلىقىڭىزغا قارايدۇ. شۇڭا ئاشكارىلاشنى يوشۇرۇشتىن مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ نىيمىلەرگە ئېرىشىۋاتقانلىقىڭىزغا ئەمەس، بەلكى نىيمىلەردىن ۋاز كېچىۋاتقانلىقىڭىزغا قارايدۇ. شۇڭا ئېرىشىشتىن ۋاز كېچىشنى مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ قانچىلىك ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەنلىكىڭىزگە ئەمەس، بەلكى قانچىلىك ئەستىلىك ئىشلارنى قىلغانلىقىڭىزغا قارايدۇ. شۇڭا ئىز قالدۇرۇشنى ئۇزاق ياشاشتىن مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ باللىرىڭىزنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ساپالىق ياكى ئەمەسلىكىگە قارايدۇ. شۇڭا ساندىن ساپانى مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ بېشىڭىزنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە ئەمەس، بەلكى ئەقلىڭىزنىڭ بەردەم ياكى چولتىلىقىغا قارايدۇ. شۇڭا ئەقلنى باشتىن مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىڭىزگە ئەمەس، بەلكى قانداق ياشىغانلىقىڭىزغا قارايدۇ. شۇڭا كۆرۈمنى ئۆلۈمدىن مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ باشقىلارغا قانچىلىك كۆلەيدىغانلىقىڭىزغا ئەمەس، بەلكى باشقىلار ئۈچۈن قانچىلىك يىغلىيالايدىغانلىقىڭىزغا قارايدۇ. شۇڭا مەسخىرىدىن مۇھەببەتنى مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ قانداق زىددىيەتلىشەلەيدىغىنىڭىزغا ئەمەس، بەلكى باشقىلار بىلەن قانداق دوستلىشىپ قالىدىغانلىقىڭىزغا قارايدۇ. شۇڭا دوستانىلىقنى ئۆچمەنلىكتىن مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ بۈگۈنكى خۇشاللىق ۋە كۈلكىلىرىڭىزگە ئەمەس، بەلكى ئەتە يىغلىمىسىز ياكى كۈلەمسىز، شۇنىڭغا قارايدۇ. شۇڭا ۋاقىتلىق خۇشاللىقتىن مەڭگۈلۈك كۈلكىنى مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ قول قوۋۇشتۇرۇپ ياش تۆكۈپ ئۆتكىنىڭىزگە ئەمەس، بەلكى يەڭ تۈرۈپ باتۇرلارچە ياشاپ ئۆتكىنىڭىزگە قارايدۇ. شۇڭا مىسكىنلىقتىن باتۇرلۇقنى مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ «ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا» دەپ ياشىشىڭىزغا ئەمەس، بەلكى ئادىمىيلىكىڭىزنى قانداق قىلىپ ئىزچىل ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىڭىزغا قارايدۇ. شۇڭا كۆز ئالدىڭىزدىكى مەنپەئەتتىن ئىنسانىي پرىنسىپنى مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ رەزىللىكلەرگە بېرىلىۋاتقانلىقىڭىزغا ئەمەس، بەلكى رەزىللىكلەر ئالدىدا گۈزەللىكىڭىزنى قانچىلىك جۇلالاتقانلىقىڭىزغا قارايدۇ. شۇڭا رەزىللىكتىن گۈزەللىكنى مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ «ئەخلەتزار»لىققا كىرگەن-كىرمىگەنلىكىڭىزگە ئەمەس، بەلكى سىزنىڭ ئەخلەتكە ئايلىنىپ قالغان-قالمىغانلىقىڭىزغا قارايدۇ. شۇڭا نومۇس-ساپلىقنى بۇلغىنىشتىن مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ قانداق ئەر-ئاياللىقىڭىز، قېرى-ياشلىقىڭىز، ئەمەلدار-پۇقرالىقىڭىز، بىلىملىك ياكى بىلىمسىزلىكىڭىزگە ئەمەس، بەلكى ئادەم ياكى ئەمەسلىكىڭىزگە قارايدۇ. شۇڭا ھەرقانداق نەرسىدىن ئادىمىيلىكنى مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ ۋەدە-قەسەملىرىڭىزنىڭ رەڭدارلىقى ۋە كۆپلۈكىگە ئەمەس، بەلكى ئۇنى قانچىلىك تىرىشچانلىقلار بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتقانلىقىڭىزغا قارايدۇ. شۇڭا ۋەدىدىن مېھنەتنى مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ ھىيلە-نەيرەڭلىرىڭىز، كاززاپلىقىڭىزغا ئەمەس، بەلكى قانچىلىك دەرىجىدە سەممىي، راستچىل بولۇۋاتقانلىقىڭىزغا قارايدۇ. شۇڭا يالغانچىلىقتىن سەممىيلىكنى مۇھىم بىلىڭ.

▲ كىشىلەر سىزنىڭ يامان يولدا ماڭغانلىقىڭىزغا ئەمەس، بەلكى ياخشى يولدا مېڭىۋاتقان ياكى ماڭمايۋاتقانلىقىڭىزغا قارايدۇ. شۇڭا ھىدايەتنى گۇمراھلىقتىن مۇھىم بىلىڭ.

---

ئاپتور: ئاقسۇ شەھەر ئايكۆل بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە.




# «ھاراق» (6)

ئابلىكىم ئەبەيدۇللا

(ھېكايە)

ئادەم ساق بىلەن ساراڭنىڭ ئارىلىقىدا ياشىغاندا بىمەنىلىكتە ئۆتكۈزگەن ھاياتىغا، ئۆمرىدە قىلغان ئەخمىقانە ئىشلىرىغا ئېچىنمىسا كېرەك. دېمىسىمۇ بۇ جاھاندا ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئىشلار ھەر ۋاقىت يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى بولمىسىمۇ، بىنورمال ئىشلار ھەرقاچان ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. مانا بۇگۈن، ئېچەرمەنلەرلا ئەمەس ھەممىلا ئادەمنىڭ ئەقلىنى سىڭايان، خىيالىنى دۇم قىلىپ، خۇددى ھاراق سەركەردىلەرىنىڭ ھاراق مەيدانىدا ھاراققا قارشى جەڭ ئېلان قىلغانلىقىنىڭ نەچچە يۈز يىللىقنى قۇتلۇقلاش خاتىرە كۈنى يېتىپ كەلگەندەك، ئادەتتە قار - يامغۇر، توپا - چاڭ ياغىدىغان ئاسماندىن تۇيۇقسىز ھاراق بوتۇلكىسى ياغقاندەك. مەنمۇ مۇشۇ مەھەللىدىكى «ھاراقكەشلەر جەمئىيىتى»نىڭ ئاساسلىق بىر ئەزاسى بولغاچقا بۇنى خاسىيەتلىك ئىشتىن بېشارەت دەپ قارىدىم. دېمىسىمۇ بۇ، بىز ئۈچۈن قىلىنغان بىر قېتىملىق داغدۇغىدەك قىلاتتى. مەن ئادەتتە ھاراق ئىچىشتە باشقا ئەل - ئاغىنىلەرگە يەتمىسەممۇ، بىراق سورۇنلاردا ئاخىرىغىچە ئۆلپەتلىشىپ ئولتۇراتتىم. بىزنىڭ ھاراق ئىچىشىمىز بارغانسېرى تەرەققىي قىلىپ بېرىۋاتاتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، كاللىمىزغا كەلگەن ئىشنى قىلغۇمىز كېلەتتى. شۇنداق بىر تۇرتكە بىلەن، شۇ قېتىملىق يولۋاسلارنىڭ مېھماندارچىلىقىدىن يېنىپ كېلىپلا، ئېچەرمەنلەر يىغىلىپ مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق، ئۆز ئالدىمىزغا «ھاراقكەشلەر جەمئىيىتى»نى قۇرۇۋالغاندۇق. ئەمەلىيەتتە، بۇمۇ «بۇغدايىنىڭ باھانىسىدە قارامۇق سۇ ئىچىپتۇ» دېگەندەك بىر ئىش بولۇپ، پات - پات يىغىلىپ، ھاراق ئىچىپ تۇرۇشىمىز ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىققاندى. «جەمئىيەت»كە بىر ئادەمنى باش قىلىپ تىكلەمەكچى بولۇپ، خېلى تالاش - تارتىش بولدى، گەرچە بۇ رەسمىي تەرىقىدىكى ھوقۇق بولمىسىمۇ، قانداقتۇر ھەممەمىزنىڭ شۇ ئەمەلگە ئولتۇرغۇمىز، سورۇندا باشقىلارنى باش قۇرغۇمىز كەلدى. ھاراق سورۇندا بىر - بىرىمىزنىڭ بوينى گىرە سېلىشىپ، قەلبىمىزنى ئىزھار قىلىشىپ تۇرىدىغان جان - جىگەرلەر ئۆزئارا ھۆرپىيىشتۇق، چىشلىرىمىزنى غۇچۇرلەتىشتۇق، تاس قالدۇق ھەتتا قان تۆكۈشكىلى! ئاخىر ھاراق ئىچىپ بەسلىشىش ئارقىلىق «جەمئىيەت باشلىقى»نى بېكىتىشنى قارار قىلدۇق. مەنمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن بىر مۇنچە ھاراق ئىچىۋالدىم. ئەلۋەتتە ھاراقنى ئەڭ كۆپ ئىچەلەيدىغان ئەيندىن «ھاراق» ھەممىمىزنى «نوچىلىق» بىلەن يېڭىپ، بۇ جەمئىيەتنىڭ تۇنجى باشلىقى بولدى. ئەمما ئۇ ھاراقتىن زەھەرلىنىپ، ئەتىسىدىن باشلاپ بىر ھەپتە كېسەلخانىدا يېتىپ قالدى. جاھاندىكى كارامەتلەر بىر ئېغىز گەپ بىلەن تۈگىمەيدۇ، بەزى ئىشلارنى باشتىن بايان قىلىش كېرەك. بۇمۇ ھاراقكەشلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئۆزگىچە ئادەت. ھاراق ئىچىپ تازا تەمشەلگەندە، قايتىمىز دەپ خوشلىشىپ سىرتقا چىقىپمۇ خۇددى يۇلتۇزلاردىن تۈن تالاشقاندەك قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بىر - بىرىمىز بىلەن قىلىدىغان پارىڭىمىز، قەلب چۈشەندۈرۈشلىرىمىز نەچچە سائەتكىچە تۈگىمەيدۇ ئەمەسمۇ؟!

تۈنۈگۈنكى زورلاپ ئىچىلگەن ھاراقنىڭ «پەيزى»

ئەدەبىيات گۈلزارى

بىلەن بېشىم خۇددى تاش ئېسىپ قويغاندەك ئېغىر، ئىككى
مۈرەمگە ئەپكەش بىلەن لاي چېلەكنى ئارتىپ قويغاندەك
كۆزلىرىمگە قىزىللىق تىقىلىپ، روھسىز بىر ھالەتتە سىرتقا
چىقسام، ھەممە يەردە ھاراق بوتۇلكىلىرى دۆۋىلىنىپ كېتىپ-
تۇ. بۇ ھەيرانلىقىمغا زادى گەپ توغرا كەلمەيدۇ. تاس
قالدىم ۋارقىراپ سالغىلى! قېتىپ قالغاندەك ئورنۇمدا قانچە-
لىك تۇرۇپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن، بىر چاغدا ئېسىمگە
كېلىپ، ئاسماندىن ھەقىقەتەن بوتۇلكا ياغقانلىقىغا ئىشەندىم.
توۋا، بۇ قانداق ئىش ئەمدى؟ قانۇنىيەت بويىچە ئاسمان-
دىن چوقۇم قار- يامغۇر يېغىشى كېرەكقۇ؟ ئەمما ھاراق بو-
تۇلكىسى ياغقاننى ئەلمىساقتىن بېرى بىرەر ئادەم كۆرۈش
ئەمەس، ھەتتا ئاڭلىغان يوق. بۇ كارامەتتىن ئىختىيارسىز يا-
قامنى تۇتتۇم. قارىسام ھەر خىل رەڭ، ھەر خىل ماركىدىكى
چوڭ- كىچىك بوتۇلكىلار ئىچىدە كىملەردۇر مىدىرلاۋاتقان-
دەك كۆرۈندى، مەن يېقىن كېلىپ، كۆزلىرىمگە رۇخسەتسى-
زلا كىرىۋالغان چاپاقلارنى چاپىنىمنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتۈ-
ۋېتىپ، سىنچىلاپ قارىدىم، بوتۇلكا ئىچىدە قۇرتقا ئوخشاي-
دىغان ئادەملەر نېمىگىدۇر ئۆلتىجا قىلغاندەك، ئىككى قول-
نى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بوتۇلكا ئىچىدىن چىقماقچىدەك
ھەدەپ يۇقىرىغا يامىشاتتى، ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشاتتى.
ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بۇرۇن ئۇلپەتچىلىك قىلىشىپ، ھاراق-
نىڭ سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن بىر قىسىم ئەل- ئاغىنى-
لەرنى تونۇغاندەك قىلدىم. بەزىلىرى بىلەن ھايات ۋاقتىدا
ئۇلپەت بوپتىكەنمىز، يەنە بەزىلىرىنىڭ بولسا داڭقىنى ئاڭلى-
غاندىم. ھاراقنى دەپ ھاياتى بىلەنمۇ ھېسابلاشمىغان
مەشھۇر ھاراق «پېشىۋالىرى»مىزدىن زاھىر، مەنسۇر،
ئابلەت، پەرھات، توختاخۇن تەمبۇر، جەمشىت سارالڭ... قا-
تارلىقلار نېمىگىدۇر ئۆلتىجا قىلغاندەك قوللىرىنى ئالدىغا
سوزۇپ ئەلەم بىلەن بوتۇلكا ئاغزىغا قاراپ يامىشاتتى- يۇ،
يەنە سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتەتتى. بۇلار ھاراق بوتۇلكىسى
ئىچىدە نېمە ئىش قىلىدىكىنە؟ نېمە دەپ بوتۇلكا ئىچىگە
كىرىپ قالغاندۇ؟ مەن ئۇلارنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈش
ئۈچۈن بوتۇلكىلارغا يېقىن كېلىپ، ئېڭىشىپ تۇرۇپ قالدىم.
بەزى بوتۇلكىلاردا ئېشىپ قالغان ھاراقلارمۇ باركەن تېخى،
ئىختىيارسىز لەۋلىرىمنى يالىدىم، ھەي ئاشۇ ئېشىپ قالغان
ھاراقلارنى يىغسامۇ، بىكارغا بىر نەچچە سورۇن تۈزۈپ
قايناپدىكەنمىز!

— نەدىن كەلگەن ئادەمسىز؟ نېرى تۇرۇڭ، بۇ بو-
تۇلكىلار مېنىڭ، بىلدىڭىزمۇ؟!— تۇيۇقسىز يېنىمدىلا ئاڭ-
لانغان قوپال ئاۋازدىن چۆچۈپ قارىدىم، ئۆشنىسىگە كىرلە-
شىپ ئەسلىي رەڭگىنى يوقاتقان، نەچچە يېرىدىن تۆشۈك ئې-
چىلىپ قالغان تاغار ئارتىۋالغان، كىيىم- كېچەكلىرى
قاسماق، تاغارلىرىنىڭ يىرتىقلىرىدىن بوتۇلكىلار چوقچىيىپ
چىقىپ قالغان، قولىدا ئىلمەككە ئوخشاپ قالدىغان بىر نەر-
سىنى تۇتىۋالغان، ياغاقيۈز بىرەيلەن ماڭا دېۋىنىپ قاراپ
تۇرۇپتۇ،— مەن بۇ بوتۇلكىلارنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ ئىچ-
دىكى ئادەمسىمان قۇرتلار بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىمەن، كىم
بىلىدۇ بۇ ئادەمگە ئوخشايدىغان قۇرتلار بەكرەك پۇل
بولۇپ قالامدۇ تېخى! ئەمما بۇ بوتۇلكىلارنىڭ ھەممىسى
مېنىڭ، سىز دەرھال كېتىڭ، مېنىڭ نېسىۋەمگە قول ئۇزاتقۇ-
چى بولماڭ، بۇ بوتۇلكىلارنى مەن ئالدىدا بايقىغان ئىكەن-
مەن سىزنىڭ بۇنىڭدا ھېچقانداق ھەققىڭىز يوق، شېرىك بو-
لۇشنىمۇ خىيال قىلماڭ!

— مەن مۇنداقلا قاراپ قويدۇم،— بۇ ئادەم تۇيۇق-
سىزلا پەيدا بولغاچقا مەن قورقۇنچ ئىچىدە ئالدىراپ چۈ-
شەندۈرۈشكە باشلىدىم، بۇ كۆنلەردە سارالڭ ئادەم دېگەن
سامان نەرقى، ئالمادىس ئاۋۇ قولىدىكى تۆمۈر بىلەن
ئۇرۇپ، بىرەر يېرىمنى زەخملەندۈرۈپ قويسا قانداق قىلى-
مەن؟ بولمىسا بۇنداق ئۆلۈمتۈك قاسماقلاردىن قورقۇپ
نېمە كەپتۇ!— ماڭا بىرەرسى پۇل بېرىپ بۇلارنى ئېلىپ
كەت دېسىمۇ قاراپ قويمايمەن، مەن بۇلارنى نېمە قىلاي؟
قارىسام نەچچە ئون يىلنىڭ ئالدىدا ئىچكەن ھاراقلىرىمنىڭ
تونۇش بوتۇلكىسى، بىر قىسىم ئۇلپەتداشلىرىم بۇ يەردە تۇ-
رىدۇ، شۇڭا قىزىقىپ قارىشىم، خاتىرجەم بولۇڭ، ماڭا بۇلار
لازىم ئەمەس، زادىلا لازىم ئەمەس،— مەن ئۇنىڭغا چۈ-
شەندۈردۈم.

— مۇنداق دەڭ، يائاللا ئەمدى كۆڭلۈم تىندى، مەن
تېخى سىزنى تۇرقىڭىزغا قاراپ، مېنىڭ رىزقىمغا چاڭگال
سالغىلى كەلگەن ئوخشايدۇ دەپتىمەن، ھازىرقى زاماندا ئا-
دەملەر يامان بولۇپ كەتتى، بازار چاققاننىڭ، ئاي شارىدا
ئىككى سىنت ئەرزان بىر نەرسە باركەن دېسە، مىليون پۇل
خەجلەپ، راكېتاغا ئولتۇرۇپ، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا چىقىپ
بولىدىغانلار بار دەيمەن،— ئەمدى بۇ ئادەمنىڭ چىرايىغا
تەبەسسۇم يۇگۈرۈپ، خاتىرجەم بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى،—

ئاسماندىن بوگۈنكىدەك بوتۇلكا يېغىشى تارىختا تۇنجى قېتىم دەگا، مەن بەك خۇش بولدۇم، خۇدايىم ماڭا بىرلا بەردى. مۇشۇ ئىش بىلەن تىرىكچىلىك قىلىۋاتقىلى خېلى يىللار بولۇپ قالغان، تارتقان جاپايىمغا يارىشا «ئەرگە بىر نۆۋەت، يەرگە بىر نۆۋەت» دېگەندەك، ئەمدى ئامىتىم كې-لىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن پەقەت هاراق سې-تىۋالمايمەن دەگا، — ئۇ پەخىرلىنىش ئىچىدە دېدى، — مۇشۇ بوتۇلكىلاردىكى ئاشقان هاراقلارنى يىغساممۇ ئىچە-شىمگە يېتىپ ئېشىپ قالىدۇ، ئارىسىدا ئېشىپ قالغان هەر ئېسىل هاراقلارنىڭ قالدۇقلىرى بار دەيمەن، — ئۇ لەۋلىرى-نى ئىختىيارسىز يالاپ قويدى، — بەزىدە دوستلىرىمنىمۇ مېهماندارچىلىققا چاقىرىپ، ئاشۇ ئېشىپ قالغان هاراقلار بىلەن مېهمان قىلىمەن تېخى!

— نېمە، سىزمۇ هاراق ئىچەمسىز؟ — تۇرمۇش هە-لەكچىلىكىدە بوتۇلكا يىغىپ يۈرگەن بىر ئادەمنىڭ هاراق ئىچىمەن دېيىشى ماڭا باشقىچىلا تۇيۇلغانىدى.

— مەن هاراق ئىچسەم بولمامدىكەن؟ مەنمۇ ئۆزۈمنى ئوغۇل بالا هېسابلىغانىكەنمەن، ئەلۋەتتە ئىچىمەن، — ئۇ ماڭا هەيرانلىق نەزەرى بىلەن تىكىلدى، — مەن مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىلى تالاي يىللار بولدى، بۇرۇن كىشى-لەر هاراقنى بەك ئىچەتتى، ئۇ چاغلاردا مېنىڭ ئىشىممۇ دۆڭ ئىدى، هازىر قېرىشقاندەك هاراق ئىچىدىغانلار بارغانسېرى ئازلاۋاتىدۇ، بۇنى ئاز دەپ بەزى توي - تۆكۈندىمۇ هاراق قويمايدىكەن تېخى، بۇنداق ناچار ئادەتنى چوقۇم ئۆزگەر-تىش كېرەك، هاراق ئىچىلمىگەن توي توي بولامدۇ! — ئۇ چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، بوتۇلكىلارنى داۋاملىق تاغىرىغا قاچىلاشقا باشلىدى.

— سىز بايا مۇشۇنىڭ بىلەن تىرىكچىلىك قىلىمەن دې-گەندەك قىلدىڭىز، هاراق بوتۇلكىلىرىنى سېتىپمۇ جان باققى-لى بولامدا؟ — مەن تېخىمۇ هەيران بولۇپ گەپنى باشقا ياققا بۇرىدىم.

— تاشقى پىلانېتتىن كېلىپ قالغاندەكلا بىر گەپنى قىلى-دىڭىز، جان باققىلى بولامدۇ دەيسىزغۇ؟ — ئۇ ماڭا يېقىن كېلىپ، ئىككى تەرەپكە ئەنسىزلىك بىلەن قارىۋەتكەندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — قارىسام سىز خېلى سەممىي ئادەمدەك قىلىسىز، شۇڭا يوشۇرماي دەۋېرەي، مەن سىزگە دېسەم بارغۇ، مەن مۇشۇ ئىشنى قىلىپ يۈرۈپ تاپقان پۇلغا يېقىندا بىر داچا سېتىۋالدىم، ئىشىم مۇشۇنداقلا ئوڭغا تارتسا، تېخى ئۇزاق قالماي ئالىي دەرىجىلىك قوڭغۇز پاپ-ىادىن بىرنى سېتىۋالىمەن، ئۆيدىكى چىرايلىق چوكۇنۇممۇ مېنىڭ هاراق بوتۇلكىسى سېتىپ تاپقان پۇلۇمغا ئاشىق بولۇپ تەگكەن دەگا، جاجىسى پۇل، بولمىسا مەندەك ئا-دەمگە ئاشۇ پەرىزاتتەك ئايال تېگەمدا؟ پۇللا بولسا «جاڭ-گالدا شورپا». ئاڭلايلۇق، دوللارنىڭ كۈچى بىلەن ئامېرىكى-مۇ دۇنيانى سوراپ يۈرۈۋاتامدۇ؟ مەن سىزگە دېسەم، مەن هاراق ئىچىدىغانلار كۆپەيسىكەن دەيمەن، ئەمما يېقىن-دىن بېرى ئادەملەر چىلىك بولۇپ كېتىۋاتامدۇ ياكى... ئىشقى-لىپ هاراق ئىچىدىغانلار بارغانچە ئازلاپ، سودامغا تەسىر يەتتى. هېلىمۇ «كۆزىدىن ئايرىغان خۇدايىم، هاسسىدىن ئاي-رىماپتۇ» دېگەندەك، مانا ئاسماندىن بوتۇلكا ياغدى دېسە! ئەمدى مېنىڭ سودام بىراقلا گۈللىنىدىغان بولدى.

— نېمە دېدىڭىز؟! — هەيرانلىقتىن قۇلاقلىرىمغا ئى-شەنمەي، ئورنۇمدا قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم، — بۇ گېپىڭىز راستمۇ؟ مۇشۇ ئەخلەتخانىدىن يىغقان هاراق بوتۇلكىلىرىنى سېتىپمۇ شۇنچىۋالا پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەي-مەن!

— بوشراق گەپ قىلىڭ، خەقلەر ئاڭلاپ قالىدۇ دەيمەن، — ئۇ بىگىز قولىنى لېۋىگە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ ئى-شارە قىلدى، — راستمۇ دەيسىزغۇ؟ مەن سىزگە هەقىقىي ئەهۋالنى دەپ بەردىم، ئىشەنمىسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى!

— ئۇ شۇ گەپلەرنى دەپ، ماڭا قاراپمۇ قويماستىن، قولىدى-كى ئىلمەككە ئوخشايدىغان تۆمۈر تايىقى بىلەن بوتۇلكىلار-نى تارتىپ ئېلىپ تاغىرىغا داۋاملىق قاچىلاشقا باشلىدى. ئۇ هەر بىر بوتۇلكىنى تاغىرىغا سالغاندا چىرايىدا خۇشاللىق جىلۋە قىلاتتى. مەن چوڭقۇر خىيال ئىچىدە ئۆزۈم ئولتۇرۇ-ۋاتقان ئۆيۈمگە قارىدىم، ئاشۇ كونا ئۆينىڭ هېلىمۇ ئاسمان-دىن ياغقان مۇنۇ بوتۇلكىلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئۆرۈلۈپ كەتمەي مەزمۇت تۇرغىنىغا شۈكۈر قىلدىم. ئۆيۈمنىڭ تېمى زەيدىگەن، نەچچە سۇۋاپمۇ تۇرمىغان لايلىرى چۈشۈپ كەتكەن، سامانلىرى ئەسكى چاپاندىن چىقىپ قالغان ماز پاختىدەك شوخشىيىپ تۇراتتى. تامغا يۆلەپ قويغان كونا ۋېلسىپىتىممۇ، نەچچە يېرىدىن ئېگىلىپ، بېشىغا كۈن چۈشۈپ غېرىبلىق يەتكەن ئادەمدەك بىچارە قىياپەتتە تۇ-راتتى. نېمە دەي بۇ جاهاننىڭ ئىشلىرىغا؟ ئاشۇ دۆۋە-

دۆۋە بوتۇلكىلاردىكى هاراقنى بىز ئىچكەن، هاراقنىڭ پەيـ
زىنى سۈرۈپ، ئالتاغىل ناخشا ئېيتقان، ئۇسسۇل ئوينىغان،
مەستلىكتە قىزلارغا مۇھەببەت ئىزهار قىلغان، هەتتا يۈزىمىز
تۆكۈلىدىغان ئىشلارنىمۇ قىلغان، ۋارقىراپ - جارقىراپ ئا-
لەمنى بېشىمىزغا كىيگەن، نەچچىلىرىمىز هەتتا بىر - بىرىمىز-
نىڭ قارنىنى يېرىشىپ تۈرمىگىمۇ كىرگەن، خوتۇن بالىنىمۇ
ئاجرىشىپ، ئۆزىمىزنى بىر ساناپ، جاهانغا پاتماي قالغان.
«باتۇر»لۇق ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىمىزگىلا ئىشلىدى. بارا-
بارا ھەممىدىن ئايرىلىپ، بويتاق قالغاندىن كېيىن ئادەمگە
ئەڭ «ۋاپادار» بولغان هاراققا مەھكەم چاپلىشىپ، يېگىباش-
تىن «نوچى»لىشىپ كەتتۇق. غەلىتە ئىش، قايتىلىنىش
دېگەن شۇمكىن، شۇنچە يىللار ئىچكەن هاراقلىرىمىزنىڭ
بوتۇلكىلىرى مانا ئەمدىلىكتە خۇددى ئاسماندىن يامغۇر ياغ-
قاندەك ياغقىنىنى دەيمەن! تۇرۇپلا ئەيندىننىڭ بىر سورۇن-
غا چاقىرغىنى ئېسىمگە كېلىپ، ئالدىراپ كىيىم ئالماشتۇر-
دۇم. ئەمەلىيەتتە، هازىر ئالماشتۇرغۇدەك كىيىممۇ يوق
ئىدى، پەردە مېنى تاشلاپ كەتكەندىن بۇيان، بىر يەرگە
بارسام دۆۋىلىنىپ كەتكەن كىر كىيىملەر ئارىسىدىن،
بوشراق كىرلەشكىنىنى ئىزدەپ تېپىپ كىيۋالاتتىم...

— خەيشۇك، تۆۋەندە «جەمئىيىتىمىز»نىڭ رەئىسى
يولداش ئەيندىن هاراق مۇھىم يولىيورۇق بېرىدۇ، قارشى
ئالايلى— «هاراقكەشلەر جەمئىيىتى»مىزنىڭ سۆزمەن
باش كاتىپى قاۋۇل دات ئەيندىننى ھۆرمەت بىلەن سۆزگە
تەكلىپ قىلدى، ھەممىمىز شۇئان هاياجان ئىچىدە قىزغىن
چاۋاك چالدۇق، قاۋۇل دات ئارقىدىنلا قىستۇرۇپ قويدى، —
بۇ، «جەمئىيىتى»مىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تۇنجى يىغىلىش،
شۇڭا هەرقايسى ئەزالار رەئىسنىڭ گېپىگە ئالاھىدە دىققەت
قىلساق.

سورۇنغا هەرهالدا ئۇلگۈرۈپ كەپتىمەن، بولمىسا ئال-
دىنقى قېتىم «جەمئىيىتى»مىزنىڭ قارار قىلغىنى بويىچە كېچە-
كىپ كەلگەنلەر بىر تەخسە هاراق ئىچىشى كېرەك، مۇشۇن-
داق ئەڭ تەس هاراق ئىچىش شەكلى ئارقىلىق سورۇنغا كې-
چىكىشنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولغانىدۇق.

— يۇقىرىدا بۈگۈنكى يىغىلىشتىكى مەقسەتنى جەمئىيە-
تىمىزنىڭ باش كاتىپى يولداش قاۋۇل دات ئېنىق دېدى، —
ئەيندىن كانىيىنى قىرىپ قويغاندىن كېيىن دانە - دانە سۆز-
لەشكە باشلىدى، — بۇ يىل بىزدەك هاراق ئىچىدىغانلارغا
هاراق ئىلاھى ئاسماندىن تەبرىكنامە ئەۋەتكەن چېغى،
هاراق بوتۇلكىلىرىنىڭ يېغىشى بىزگە بولغان مەدەت، —
ئەيندىن قولىغا رومكىنى ئېلىپ شۇنداق دېگەچ ھەممىمىز-
گە پەخىرلىنىش ئىچىدە قاراپ قويدى، — بۇ بەلكىم
«جەمئىيىتى»مىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ خاسىيىتىدىن بولسا
كېرەك، مەن بەك خۇش بولدۇم، شۇ تاپتا ئىچ - ئىچىمدىن
سۆيۈنۈۋاتىمەن، مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلپەتداشلارنىڭ
ماڭا «هاراق» دېگەن تەخەللۇسنى ئاتا قىلغىنىغا، هەرقاي-
سىڭلارنىڭ مېنى قوللىغىنىڭلارغا كۆپ رەھمەت!— ئەيندىن
بەكمۇ هاياجانلانغانىدى، — جەمئىيەتتە بىزگە باشقىچە قاراي-
دىغانلارمۇ بار، بىز توغرىلىق هەركىم هەر نېمە دەيدۇ،
ئەمما بىزنى كىم چۈشىنىدۇ، كىم بىزگە ياردەم قىلىدۇ، كىم
بىزنىڭ دەردىمىزگە يېتىدۇ؟!— ئەيندىن تىترەپ كېتىۋا-
تاتتى، هاياجاندىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى، بۇ خۇ-
شاللىق يېشىمۇ ياكى ئازاب - ھەسرەتنىڭ غەلىيان قىلىشىمۇ
هازىرچە بىلگىلى بولمايتتى، — بىزنى ھەممىدىن بەك چۈ-
شىنىدىغىنى يەنىلا مۇشۇ بوتۇلكا ئىچىدىكى هاراق ئەمەسمۇ،
هاراقلا بىزنىڭ دەردىمىزگە دەرمان بولالايدۇ، گەپ قىلالا-
مىغان بىلەن، بىزنى كۆڭۈل غەشلىكىدىن خالاس قىلىدۇ، —
ئەيندىن بارغانسېرى قىزىشىپ سۆزلىمەكتە، — ئاغىنىمىز
سابىرنى ئالساق، 2 - قېتىم ئالغان ئايالى پەردەممۇ ئۇنى
تاشلاپ كەتتى، بىلەمسىلەر، ئۇنىڭغا هازىر كىم ھەمراھ؟
هاراق، هاراق بولمىغان بولسا بۇ ئاغىنىمىزنىڭ كۆڭلىنى
نېمە بىلەن ئاۋۇندۇرغىلى بولسۇن دەيسىلە؟ ئۇنىڭ كۆڭلى
بەك يېرىم، خوتۇن كىشى دېگەن شۇنداق ۋاپاسىز بولىدى-
كەن، ئاغىنىمىزنىڭ يېنى توم، ئىشى دۆك ۋاقتىدا هەسەلگە
چاپلاشقان چۈمۈلىدەك قولتۇقىدىن چىقالمىدى. سودىسىدىن
چاتاق چىقىپ، ئىلكىدە ھېچنېمە قالمىغاندا ئۇنى تاشلاپ
كەتتى. ئۇنىڭ هازىر مۇشۇ هاراقتىن باشقا ھېچنېمىسى قالمى-
دى. شۇڭا دەيمەن، ئەڭ ياخشىسى بىزگە ۋاپا قىلىدىغان
مۇشۇ هاراق بىلەن بىردەم - يېرىمدەم هال - مۇڭ بولىلى،
ھەسرىتىمىزنى مۇشۇ هاراقلا يۇيىدۇ، بۈگۈن ئۆزگىچىرەك
ئولتۇرايلى، قانداق دېدىم؟

— بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى.

— ئۇنداق بولسا بىرىنچى رومكىسىنى ھەممىمىزدىن
دەردمەن سابىر ئاغىنىمىزگە تۇتتۇم، هازىرقى ۋاقىتتا، هاراق
قويۇپ باشقىلارغا ئىچتۈرمەكمۇ قىيىن بىر ئىش، شۇڭا قال-

غانلارمۇ خىزمىتىمنى ياخشى قوللاپ بېرەرسىلە، خوشە!

شۇنچە يىلدىن بېرى ھاراق ئىچىپ كېلىۋاتقان بولساممۇ، نېمىشقىدۇر بۇ قېتىم، بىر رومكا چوغنى يۇتتۇممۇ ياكى زەھەرنىمۇ، ئىشقىلىپ كانىيىمدىن كىرگەن ئوتتەك بىر نېمە ئاشقازىنىمغا قۇيۇلغاندا، خۇددى جاھاندا ھاراقنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ئاچچىق نەرسىنىڭ يوقلۇقىنى ئەمدىلا ھېس قىلغاندەك بىر تۇيغۇغا كەلدىم. تۇرۇپلا پەردە ئېسىمگە كېچەشى بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز ئاچچىق بىر ھەسرەت ئىچىدە چوڭقۇر ئۇھ تارتتىم. ئۇنىڭ ئاشۇ ۋاقىتتىكى قىلمىشلىرى يادىمغا يېتىپ، ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا ياقامنى چىشلەپ قويدۇم. شۇ چاغدا مېنى شەيتان ئەمەس، دەل ھاراق ئازدۇرغان ئىكەن.

— ھەي كۆشەندى، ئەمدى مېنى باشقۇرغۇچى بولدۇڭما، بىلىپ قوي سەن ئىچكەن ھاراقنى مەنمۇ ئىچەلەيمەن، سەن ئوينىغان ئويۇننى مەنمۇ ئوينىيالايمەن، سېنىڭ ئىسمىڭ سابىر بولسا، مېنىڭ ئىسمىم پەردە!

— بۇنداق بىشەملىكىڭنى بىلمەپتىمەن، سەن ئەمدى ھاراقتا، ئويۇن-تاماشىدىمۇ مەن بىلەن بەسلەشكىلى تۇردۇڭما؟ بىلىپ قوي، سەن دېگەن ئايال كىشى!

— ئايال كىشى بولسام نېمە بوپتۇ؟ مەن ئاشۇنداق بىشەم، قانداق قىلالايتتىڭ؟ سەن قىلغان بىرلا ئىشنى مەن قىلالمايمەن شۇ، قالدى ئىشنىڭ ھەممىنى قىلالايمەن، تېخى سەن قىلالمايدىغان ئىشنى قىلالايمەن — بالا تۇغالايمەن، شۇنداق تۇرۇپ ساڭا نېمە يوغانلىق؟!

— تووۋا، ئادەم «بىر يامانغا يولۇقمىغۇچە، بىر ياخشىنىڭ قەدرىنى بىلمەپتۇ» دەپ، ما خوتۇننىڭ دەۋاتقان گېپىنى، ئەجەب ئېزىپتىمەن، ئەجەب ئېزىپتىمەن، ئىسسىت سەندەك بىر ھازازۇل بىلەن بىر ئۆيدە بولۇپ قالغىنىم، يەنە شۇ بۇرۇنقى «خورەك شاھى» دېۋىدەك خورەك تارتسىمۇ، ئۇششاق گەپ قىلسىمۇ سەندىن مىڭ ياخشىكەنتۇق، ئەقلىمدىن ئېزىپ سېنى ئاپتىمەن!

— ۋاي شۇنداقمۇ، «ھەسەلنى كۆپ يېسەڭ ئەمەن تېتىيدۇ» دەپ، ئەمدى مەن ئاشۇ بۇرۇنقى ئېلىۋەتكەن تىرىنقىڭغا تەڭ قىلمايدىغان ئىنجىمارۇق خوتۇنۇڭدىن سەت كۆرۈنۈپتىمەن-دە، ئەر كىشى دېگەننىڭمۇ شۇنداق پەس نېمە!

— ھەي بىنومۇس، مەن سېنىڭ بۈگۈنكىدەك قىلمىشلىرىڭغا قاراپ دەۋاتىمەن بۇ گەپنى، خوتۇن كىشى ھاراق ئىچىپ سىرتلاردا يۈرسە، تۈن كېچە بىلەن ئۆيگە كىرسە، دۇرۇسما؟

پەردە بىلەن بىر كېچە غىژىلدىشىپ چىقتۇق. مەنمۇ: «بوپتۇ ئۆزۈم خالاپ ئالغاندىكىن چىداي» دەپ، ئۆز-ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىپ بولدى قىلدىم. ئەمما ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە يۈز بەرگەن ئىش، مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان بارلىق مېھىر-مۇھەببىتىمنى خۇددى كەلكۈن ئېقىتىپ كەتكەندەك، قەلبىمدىن پاك-پاكىز يۇيۇۋەتتى.

ئەلىياتقۇ بولغىچە پەردەنىڭ قارىسى كۆرۈنمىگەندىن كېيىن، ئامالسىز ئۇنى ئىزدەپ سىرتقا چىقتىم. شەھەر كوچىلىرىنىڭ چىراغلىرىمۇ غۇۋا يورۇۋاتقاندەك، ئەتراپ گىرىمسەن. خۇددى ھېلىلا يامغۇر ياغىدىغاندەك ئاسمان تۇتۇق. پەرىشانلىق ئىچىدە بارمىغان رېستوران، ئارقا مەھەللە، بۇلۇڭ كوچىلار قالمىدى. پەردەنى ھېچ يەردىن تاپالمىدىم. كەچمىگەن خىياللارنى قىلدىم، ئايال كىشى تۇرسا ئالدامدىس بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالسا... شۇنداق روھسىز، ئەنسىزلىك ئىچىدە بىر تارچۇقا كەلگەندە تۇساتتىن يېقىنلا يەردىن تولىمۇ تونۇش ئاۋاز ئاڭلاندى:

— جېنىم مېنى ياتاققا ئېلىپ كېتىڭ، بۈگۈنمۇ ھېلىقى چاغدىكىدەك سىز بىلەن بىللە بولغۇم بار.

— سىز سەل كۆپ ئىچىپ قويدىڭىز پەردە، ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي، بىر كېچە ئۆيگە كىرمىسىڭىز ئېرىڭىز نېمە دەيدۇ، سىزگىمۇ ياخشى ئەمەس، — ئاۋازى تومبەستىلىك بىر ئەر ئۇنى يۆلىۋالغانىدى. كۆز ئالدىمدىكى بۇ كۆرۈنۈشكە ئىشەنمەيلا قېلىۋاتاتتىم، تەنلىرىمگە تىترەك ئولىشىپ، مۇشتلىرىم ئىختىيارسىز تۈگۈلدى.

— ئۆيگە بارمايمەن، سابىر دېگەن لاتىنى زادىلا كۆرگۈم يوق مېنىڭ، بولدى، كۆپ گەپلەشمەيلى، «كۈندە باھار» مېھمانخانىسىغىلا كېتەيلى، جان كۈندە چېچەكلەمتى، ياتاقتا ئوبدان بىر پەيزى قىلايلى! — پەردە ھېلىقى ئەرگە تېخىمۇ چاپلاشتى.

«كۈندە باھار»؟ ئۇ دەل مەن پەردە بىلەن تونۇشۇپ قالغاندىن كېيىن تۇنجى قېتىم مەستلىكتە بارغان مېھمانخانا ئەمەسمۇ، مانا ئەمدىلىكتە...

— مەيلى ئەمىسە، دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، — ھېلىقى ئەر دەرھال كىرا ماشىنىسى توسۇپ، پەردە بىلەن كېتىپ قالدى. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بېرىپلا پەردەگە قول سالغۇم،

ھېلىقى ئادەمنىڭ ئاغزى - بۇرنىنى قان قىلغۇم كەلدى. بىراق ئۆزۈمنى قاتتىق تۇتتۇۋالدىم. چىراغ يورۇقى ئانچە كۈچلۈك بولمىسىمۇ، بۇ ئادەمنىڭ كۆچتۈگگۈر ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدىم. شۇنىڭ بىلەن تۈگۈلگەن مۇشتلىرىم بوشاپ، لاسسىدە بولدۇم. ئىچىمدە ئۆز - ئۆزۈمگە ئاستا پىچىرلىدىم: «قالغىنىنى ئەتە بىر نەرسە دېيىشەي بۇ بەدنىيەت خوتۇن بىلەن!». پەردە بىلەن بولغان ئاخىرقى «كۆرۈشۈش» شۇ بولدى.

ھاراق ئىچىلمەكتە، چىرايلارغا قىزىللىق يۈگۈرگۈنچە، سورۇننىڭ كەيپىياتىمۇ بارغانسېرى كۆتۈرۈلۈپ، كۈلكە - چاقچاقلار ئەۋجىگە چىقماقتا ئىدى. بىر نەچچە رومكا ئارتۇق ئىچىلگەن ھاراق مېنى ئازراق بولسىمۇ ھەسرەتتىن نېرى قىلغانىدى. تۇنجى قېتىم ھاراقتىن سۆيۈنۈپ، كەھرىۋادەك كۆرۈنىدىغان بوتۇلكا ئىچىدىكى سۈزۈك سۇيۇقلۇققا مېھرىم بىلەن تىكىلدىم. سالتاڭ تۇرمۇشمۇ بىر ھېسابتا ياخشىكەن. نەدە كەچ بولسا شۇ يەردە ئۇخلاپ، كۆڭلۈڭ خۇش بولغان ئىشنى قىلىپ ئۆتىدىكەنسەن، ئۆيدىكى چىرايلىق خوتۇنۇم كىملەر بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ كەتكەندۇ، دەپ ئەندىشە قىلىشىڭمۇ ھاجىتى قالمايدىكەن.

— رەئىس، ئۆزلىرىگە بىر تەكلىپ بار ئىدى، مەن باش كاتىپ بولغاندىكىن، قالدى بۇرادەرلەر گەپ بولسا ماڭا دەيدىكەن، — قاۋۇل دات تەخسىنى ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈپ، خۇشامەتكۆيلۈق بىلەن شۇنداق دېدى.

— بۇ سورۇندا يا خوتۇن كىشى يوق، شۇنداق بولغاندىكىن تىلىڭنى چاينىماي، قانداقلا گەپ بولسا ئۇدۇل دەۋەرمەمسەن، — يۈزلىرى خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزارغان ئەيىندىن شۇنداق دېدى.

— ئەمدى دېمەكچى، دوستىمىز قاسىم تۈگەپ كەتكەندىمۇ، تېخى ئۈچ نەزىرنى بەرمەي تۇرۇپلا، يولۋاسلارنى كۈتۈش مۇناسىۋىتى بىلەن ھەرقايسىلىرىنى چاڭ چىقىرىپ راسا قايناپتىكەن دەپ ئاڭلىغان، مەن گەرچە شۇ قېتىمقى سورۇنغا قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشەلمىگەن بولسامۇ، ئىچىمدە ھەرقايسىڭلارغا بەكمۇ ھەۋەس قىلغانىدىم، بولۇپمۇ ئۆلۈم بولغاندا ھاراق ئىچىشتىن ئىبارەت بىر يېڭى ئادەتنى كونا ئىدىيە ئورنىغا دەسسىتىپ، تۇرمۇشنى ئىسلاھ قىلغىنىڭلاردىن سۆيۈنگەنىدىم. دېمىسىمۇ ھازىر ئىسلاھات بولۇۋاتىدۇ ئەمەسمۇ، توي - تۆكۈندە، ئۆلۈم - يېتىم بولغاندا ھاراق ئىچمەيدىغان بۇنداق ناچار ئىللەتنى ئۆزگەرتىشىمىز لازىم. شۇڭا ئەمدى دېمەكچى، نەزىر ئېشىنى يېگەندەك جىمجىتلا پۇشۇلداپ يەپ ئولتۇرماي، مۇزىكا بىلەن ئولتۇرساق دېگەن تەكلىپ باركەن. گېزىتتىكى بىر خەۋەرنى ئوقۇسام، قايسى بىر دۆلەتتە كالا ئوت - چۆپ يېگەندە مۇزىكا چېلىپ بېرىش ئارقىلىق، كالىنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىپ سەمىرىشىنى تېزلىتەرمىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزلىرىمۇ باشتىلا بۈگۈن ئۆزگىچە ئولتۇرايلى دەپ قاللا...

— نېمانداق قۇمدەك گەپ بۇ، كاللاڭ مۇرەككەپ بىر نېمىكەنسەن، قىسقىلا قىلىپ مۇزىكا چاللى دېسەڭ تۈگىمەمدۇ، قۇلاقنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتىپ، — ئەيىندىن قاۋۇل داتقا گۆلەيدى، — سەن بىزنى تېخى كالىغا ئوخشىتىۋاتامسەن؟

— ياقەي رەئىس، ھەددىممۇ، قىزىقچىلىق بولسۇن دەپ مۇنداقلا دەپ قويدۇم، — قاۋۇل دات ھىجايغىنىچە ئەيىندىننىڭ بىر تال تاماكا تۇتۇپ، ئېگىلىپ تۇرۇپ ئوت تۇتاشتۇردى.

— ئۇكام ساز قىلىمىز، دەرھال گىتار كەلتۈرۈڭ! — ئەيىندىن تاماكىنى كۈچەپ شورۇۋەتكەندىن كېيىن، بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرىدىن پۇرقىرىتىپ ئىس چىقىرىپ، كۈتكۈچى قىزغا بۇيرۇق تەلەپپۇزدا توۋلىدى.

— كەچۈرسىلە ئاكا، رېستورانىمىزدا دۇتار بار، گىتار يوق.

— بۇ قانداق گەپ سىڭلىم؟ دۇتار دېگەن كونا زاماننىڭ نېمىسىنى كىم چالىدۇ ھازىر؟ بىز بارغۇ ھازىرقى زاماننىڭ ئادەملىرى، دەۋر تەرەققىي قىلىپ، ھەممىلا ئادەم يېڭىلىقتا، ياۋروپانىڭ زامانىۋى ناخشا - مۇزىكىسىغا يۈزلەنگەن بۈگۈنكى كۈندە، نېمە قىلىمىز ئۇ ئاسار ئەتىقىنى؟ — ئەيىندىن «قانداق دېدىم» دېگەندەك ھەممىمىزگە تەكشى قاراپ قويدى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارىمىزدا دۇتار دېگەن ئۇنداق زاماندىن قالغان بىر نېمىنى چالىدىغان، زاماننىڭ كەينىدە قالغان ئادەممۇ يوق، ئادەمنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرماي، گىتار دېگەندىكىن گىتار ئەكەلمەمسىز دەيمەن؟! — ئەيىندىننىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرىگە، ھېلىلا ئۇرىدىغاندەك تۈرقىغا قاراپ، مۇلازىمەتچى قىزچاق قورققىنىدىن گەپ - سۆز قىلماي ئۇششاق چامداپ چىقىپ كەتتى.

— بولىدىغان كاساپەتكەن - ھە، كۈچاڭنىڭ توغاچ سو-

پۈندەك بۆرتۈپ تۇرغان كۆكسى بىلەن ئوخشىغان تاۋۇزدەك، ئىشتانىغا لىقلا كەلگەن يۇمىلاق كاسىسىغا قاراپ دەيمەنا. قارىسا كۆزگە پايدا دەپ، ئادەم بىر ئۆمۈر كۆزنى ئالالمايدۇ ئاشۇنداق يەرلەردىن، — ئەيىندىنىڭ كۆزلىرىدە شەھۋەت نۇرلىرى ئۇچقۇنداپ، — ئەمما چىشى بەكلا كىچىك تۇرامدۇ نېمە، ئىش ئۇقمايدۇ ھەقاچان، ئادەمنىڭ ئاشقان، ھارغان يېرىگە بارالمايدۇ، كۆڭلىنى خۇش قىلالمايدۇ تايىنلىق، — ئەيىندىن ھېلىقى قىزنىڭ قارىسى يىتكىچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئاغزىنى تامشىپ، لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ، كېكىردىكىگە كەلگەن بىر نېمىنى «غىرت»تىدە يۇتۇۋەتتى.

— ئەمدى مۇشۇ قىزغىمۇ بىر ساقال تاشلىغۇدەك كېلىۋاتىدۇ - ھە؟ — مەن ئەيىندىنگە چاقچاق قىلدىم، — ئۇچىرىغانلا قىزلارنى بوش قويۇۋەتمەيسەنغۇ زادى، قىزلارنى كۆرسەڭلا ماشىنىنىڭ موتورىدەك ئوت ئېلىپ كېتىدىكەنسەن، بولسا بۇ جاھاندىكى قىزلارنىڭ ھەممىسى بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشۈپ چىققان بولساڭ - ھە؟

— ھەي سابىر، مەن دەيمەن، سېنىڭ ئايال كىشىگە قىزىقىشىڭ كۈچلۈك ئەمەس، ئاياللارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنىمۇ تازا بىلمەيسەن، قولۇڭدا شۇڭا خوتۇن تۇرمايدۇ، ھېچ بولمىسا كۆزىمىزدە بولسىمۇ ھۇزۇرلىنىمىز دەيمەن.

— ھا!...ھا!...ھا!...

ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلدى. پەقەت مەنلا ھېچ نەرسە بولمىغاندەك جىممىدە ئولتۇردۇم.

— ئەجەب شۈكلەپلا كەتتىڭ سابىر، ئاشۇ پەردەمنى خىيال قىلىۋاتامسەن نېمە؟

— ياقەي، ئۇ خوتۇننى ئەمدى ئىككىنچى كۆزۈم كۆرمىسكەن دەيمەن.

— مېنىڭ بىر ئالاھىدىلىكىم ئىلھام كەلگەندە سورۇندا ئەل - ئاغىنىلەرگە ھەقسىز شېئىر ئوقۇپ بېرىدىغان بىر ئادەتىم بار، ھەرقايسىلىرىنىڭ زوقى قانداقكىن؟ قارىسام كالتا پاراڭ سەل ئاۋۇپ قېلىۋاتىدۇ، — قاۋۇل دات ئورنىدىن قەمىرلاپ، ماڭا مەنىلىك بىر قاراۋېتىپ، — دېدى. ئۇ مۇشۇ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا سورۇنلاردا ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ، تاماقنى كالا ھەلەپ يېگەندەك يەۋەرگەچكە تازا تەن قويغان بولۇپ، قورساقلىرى يەل ئۇرغان توپتەك يوغىنىغان، بەل تاسمىسىمۇ ئاران يەتكەن، پۇشۇلداپ تىنسا ئادەمنىڭ يېنىغا كالا كېلىپ قالغاندەك بىلىنەتتى. ئورنىدىن ئازراق ئىرغاڭشىسا ئادەمگە خۇددى مىڭ جىڭ ئېغىرلىقتىكى سەندەل قوزغالغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

— ئوقۇساڭ ئوقۇغىنە ئاداش، ھازىر قولاقنىڭ باشقا ۋەزىپىسى بولمىغاندىكىن، سېنىڭمۇ باشقا ئىشىڭ يوق ھەقاچان، بىكار ئولتۇرغىچە ئاڭلاپ قويساق قويىلى، ھاراق سورۇندا ئوقۇمىساڭ، سېنى باشقا يەردە شېئىر ئوقۇشقا تەكلىپ قىلىدىغان ئادەم بولمىسا يا.

— توغرا، سېنىڭ ئاغزىڭغا ھاراق تەگكەندە ئوقۇما دېسەكمۇ بەرىبىر ئوقۇيسەن، ئوقۇساڭ ھازىر ئوقۇغىنە بولمىسا، ۋەزىپەڭ ئادا بولغاچ تۇرسۇن!

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭلا ئاغىنىلەر، مەن ئۇنچە بەئەتتۇا شائىرمۇ ئەمەس، ئەمدى بىر ئىلھامىم كېلىپ، ھەرقايسىڭلارغا ھەقسىز ئوقۇپ بېرەي دېسەم، ئەجەب مېنى چۈشۈرىدىغان گەپلەرنى قىلغىلى تۇردۇڭلا.

— ھە بولدى، ئۇششاق گەپ قىلماي ئوقۇيە!

ھاراق ئىچتۇق قومرا- قومرا، خۇشلۇقتا ھۆررا توۋلىشىپ،
سۇپسۈزۈك شەربەت تومۇردا ئۆركەشلىدى دولقۇن ياساپ.
يات ئېرۇر دەردلەر يەنە مىنسەك شارابنى ئات قىلىپ،
مەي كېلۇر ساھىبجامالدەك، كۆز قىسۇر تۇندە ماراپ.

— بەللى، جەمئىيىتىمىزنىڭ باش كاتىپىغا لايىق شېئىر ئوقۇدۇڭ، قالتىس، قالتىس، بىر رومكا تۇتاي ...

— مەن مۇشۇ رېستوراننىڭ غوجايىنى، ھەرقايسىلىرىغا نېمە لازىمكىن، — شاپ بۇرت، يۈزلىرى قىزىل، بۇقا پاتتاڭ، قارچۇغا كۆز، تولۇقتەك سەمرىگەن 50 ياشلاردىكى بىر ئادەم كەپتەرنىڭ تۇخۇمىدەك چوڭلۇقتا ئالتۇن ئۈزۈك سېلىۋالغان بارماقلىرىنى ئەتەي كۆرسىتىپ، تىرناقلىرى بىلەن چىشلىرىنى كوچىلىغىنچە، قاپاقلىرىنى تۈرگەن ھالدا ئالچاڭشىپ كىرىپ كەلدى.

— ھە لوبەن سىلىمىتىلە، بىز، بىز شۇ ... — ئەيىندىن بىردەم مەڭدەپ تۇرۇپ كەتتى، — ساز قىلىپ ئولتۇرۇشنى نىيەت قىلىپ، ئارىمىزدا دۇتار چالىدىغانلار يوقكەن، شۇڭا گىتار سوراپ قالدۇق...

— شۇ گەپمىتى، مۇلازىمەتچى قىز يىغلاپ كىرسە تېخى نېمە ئىش بولدىكىن دەپتىمەن، گەپ بولسا ماڭا دېيىشسىلە، ھەرقانداق تەلەپ بولسا مانا مەن ئورۇنداي، مەن، گىتارنىڭ ئىشىغا كەلسەك مەن ھازىرلا كەلتۈرەي، — غوجا-

يىن ئارتۇقچە گەپ قىلمايلا چىقىپ كەتتى.

— گەپ دېگەننى مۇشۇنداق ئۆتتىدىغان ئادەمگە قىلغۇلۇق، بولمىسا ھېلىقىدەك سېرىق تۈكلەر ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ دەيمەن، — ئەيىندىن ئۆزىچە كۆرەڭلەپ قويدى.

— مانا گىتار، — نەچچە مىنۇت ئۆتمەيلا باشقا بىر يىگىت گىتارنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— ئەمدى گىتار بىلەن ساز قىلىپ ئولتۇرىمىز، باياتىن ھېلىقى چۈجە مېكىيان دۇتارنىڭ گېپىنى قىلىپ ئەرۋاھىمىزنى ئۇچۇرغان، ئەمدى بولدى، مانا سازلارنىڭ گەپچىسى كەلدى.

— ساز قىلىشتىن بۇرۇن سورۇننىڭ ھۆرمىتىگە شېئىردىن بىرنى ئوقۇۋېتەي، — قاۋۇل دات قولىدىكى ھاراقنى ئىچىۋېتىپ شېئىر ئوقۇشقا تۇغرىلاندى، — نۆۋەتتە ئوقۇيدىغىنىم بىز ئۈچۈن ئەڭ ئۇلۇغ بولغان ئىنسانغا ئاتالغان شېئىر «ئانا».

— بىردەم ئۆزۈڭنى بېسىۋال، شېئىرىڭنى سەل تۇرۇپ، ئوقى، — ئەيىندىن ئەمدىلا كانىيىنى قىرىپ، شېئىر ئوقۇشقا ھازىرلانغان قاۋۇل داتنى توختىتىپ قويدى، — ھازىر ساز قىلىمىز، — ئەيىندىن قاۋۇل داتقا راسا بىر ئالىيىپ قويۇپ، قولىغا گىتارنى ئېلىپ، بىر ھازا تەڭشىگەندىن كېيىن چېلىشقا باشلىدى:

مېھرىم گويا بىر ھاراق، سىز ئۇنىڭغا چۆمسىڭىز،
رومكا بولسا كۆزلىرىڭىز، بوتۇلكىدۇر جامالىڭىز.
مېنى سەرسان قىلدىڭىز، يۈرەككە ھاراق قۇيدىڭىز،
چىن دىلىمنى بىلسىڭىز يار مېنى مەي دەپ بىلسىڭىز.

— بەللى رەئىس يارايدۇ، ئىجادىي ناخشىكەن!

— رەئىسنىڭ تالانتى باركەن جۇمۇ، بىز بىلمەي يۈرۈپتۇق!

— داۋاملىق ئاڭلايلى!

ناخشا بىر خىل داۋاملاشماقتا، ماختاش سادالىرى ئىچىدە ئەيىندىن ئۆزى ئىجاد قىلىۋالغان ئەبجەش ناخشىلارنى ئەسەبىيلەرچە توۋلىماقتا. گىتارنىڭ خۇددى جاز مۇزىكىسىدەك جاراڭلىق ئاۋازى بۇ كىچىككىنە ئايرىمخانىنى كۆتۈرۈۋېتەي دېگەندى.

— مەن ئەيىندىن رەئىس بىلەن ئۇنىڭ ناخشىسىنىڭ ھۆرمىتىگە بىرنى ئىچىمەن، — ناخشا توختىشى بىلەن، چاۋاك ئاۋازى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا قاۋۇل دات ئەيىندىننىڭ ئالدىغا ئىككى رومكا ھاراقنى تەخسە بىلەنلا ئېلىپ باردى، — ئاجايىپ ئىجادىي ناخشا بولدى، ئۆزلىرىگە ئاپىرىن، ھارمىغايلا رەئىس، قوللىرىغا دەرد كەلمىسۇن، نېمىدېگەن يېقىملىق ناخشا بۇ، ئادەم ئاڭلاپ - ئاڭلاپ قانمىغۇدەك. باياتىن قاراپ تۇرسام ماڭا ھېچبىر پۇرسەت كېلىدىغاندەك ئەمەس. كەلسىلە، ئىككىمىز بىردىن ئىچەيلى.

— مەن سەل كۆپ ئىچىۋالدىم، سىزگە...

— ۋاي چاتاق يوق، ھاراقلىرىنى مېنىڭ رومكامغا تەڭشەپ قۇيۇپ بەرسىلە، مەن ئىچىۋېتىمەن، سىلە ئاز ئىچسىلە!

ھاراق ئىچىلىپ بىر يەرگە بارغان ئىدى، ئەيىندىن بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ، يۈزلىرى قىزىرىپ كەتسىمۇ توختىماي ناخشا توۋلىماقتا. ئۇنىڭ پېشانىسىدە چېكىم - چېكىم تەر تامچىلىرى پەيدا بولغان، چاچلىرىمۇ ھۆل بولۇپ، مايلاپ قويغاندەك پارقىراپ كەتكەنىدى. سورۇندىكىلەر بولسا ئۆز ھالى بىلەن قالغان بولۇپ، ئەيىندىننىڭ ناخشىسىغا قۇلاق سالىدىغان ئادەممۇ قالمىغانىدى.

— ئەمدى مەن كۆپچىلىككە «ئانا» دېگەن شېئىرىمنى ئوقۇپ بېرەي، — ناخشا تۈگىشى بىلەنلا قاۋۇل دات ئالدىراپ ئېغىز ئاچتى.

— بولدى، شېئىرنى كېيىن ئوقۇيلى، — ئەيىندىن خۇمارلاشقان كۆزلىرى بىلەن قاۋۇل داتقا يەر تېگىدىن قاراپ قويۇپ دېدى، — يەنە بىردەم ساز قىلىپ، ئاندىن قايتايلى.

— قىزىق گەپ بولدى - دە، سورۇن سېلىنىڭلىما، بىزگىمۇ پۇرسەت بەرسىلە، رەئىس دەپ قويسا جاھاننى ئۆزلىرىلا باشلىرىغا كەيسىلە بولماس؟ — قاۋۇل داتنىڭ چىرايىدا نارازىلىق ئەكس ئەتتى.

— سەن نېمە دېمەكچى قاۋۇل؟ مەن ئۇ شېئىرىڭنى بۇرۇنمۇ ئاڭلىغان، ئانا دەپ تۆكۈلۈپ، ئادەمنى يىغلاتقۇدەك شېئىر يازغىنىڭ بىلەن، ئاناڭنىڭ قېشىغا بارساڭ ھارغىچە يەپ، يەنە خالتاڭغا قاچىلاپ ماڭىدىغان، ئاناڭنى بىر تال ئاچچىق ئۆرۈك چاغلىق بىر نەرسە بىلەن يوقلىمايدىغان قارا قورساق بىر نېمىسەن، مەن بۇنى باشقىلاردىن تولا ئاڭلاپ كەتتىم. شۇڭا بۇ سورۇندا ئۇ شېئىرىڭنى ئوقۇشۇڭغا رۇخسەت يوق! ھە دەپ بەرسە ئارقىدىن چىقىدۇ

«لياڭشەندىكى 108 پالۋان» يەنە «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، ئىشقىلىپ سورۇندىكىلەرنى ئۇخلاتقىچە شېئىر ئوقۇيسەن! بۇ يەردە ساڭا نېمە چوڭچىلىق، سورۇن مېنىڭ، بۈگۈنكى تەرتىپنى مەن ئورۇنلاشتۇرىمەن، قانداق قىلاتتىڭ؟!

— بۇ يەردە سورۇن بىلەن ئالاقىسى يوق گەپلەرنى قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — قاۋۇل دات سەل پەسكويغا چۈشتى، — مەن دېمەكچى، رەئىس دەپ قويسا ئۆزلىرىچە ھەممىنى مەن باشقۇرىمەن دەپمۇ كەتمىسىلە، بىزنىڭمۇ تاپقان گەپلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا تاشلىشىمىزغا پۇرسەت بەرسىلە دېمەكچى.

— مەن ھەممىنى باشقۇرىمەن دېدىمما؟! قانداق نېمىسەن، نېمە تىلىڭنى چاينايسەن، خوش ياقمىسا چىقىپ كەتسەڭمۇ بولىۋېرىدۇ!

— ۋاي شۇنداقمۇ؟ گەپ قىلمىسام مەندىن قورقۇپتۇ دەپ ئويلاپ قالغان ئوخشىمامىلا؟ سىلىدەك رەئىسنى رەئىس قىلغان مەن قاۋۇل بىلىپ قويسىلا، سىلىگە نېمە يوغانچىلىق بۇ؟

— ۋاي سورۇندىن چىقە قەلەندەر، خۇددى مېنى بېقىپ چوڭ قىلىپ قويغاندەك سۆزلەيدۇيا، گەپ قىلمىسام ئادەملىك كەيپىنى ئۇچۇرۇپ!

— سەن قايسى قەلەندەردىن كەم؟ — ئەمدى تەڭشىلىپ قالغان قاۋۇلمۇ رەسمىي يوسۇندا ئاغزىنى قويۇۋەتكەندى، — بىز بارغۇ ئاق ئۇسقان ئەۋلادى، ساڭا ئوخشاش كىچىكىمىزدىن پىقىرچىلىقتا، موھتاجلىقتا ئۆتۈپ قالغان ئەمەس!

— ھەي سولامچى، ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە، كىم شۇنداقكەن؟ بىكار مەشەدىلا ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىپ قويىمەن مۇنۇ گۆش تاغىرىنى!

— يامان بولسالاڭ شۇنداق قىلىپ باقە قېنى، سەندەك پىس - پاس رەئىسكە تېتىيالمىسام قاۋۇل دات بولماي كېتەي!

— ھاي - ھاي، بولدى قىل قاۋۇل، ئۆزۈڭنى بېسىۋال، بىر ئوبدان سورۇننىڭ كەيپىياتىنى بۇزما!

— ئاشۇ ئەينىدىن دېگەن غىر - غىرغا دەڭلا بۇ گېپىڭلىنى، سورۇننى بېشىغا كىيىپ، ھەممىنى قىلغان ئاشۇ گۆي!

— شۇنداقمۇ، مانا ئەمىسە!

— ۋايجان! — قاۋۇل داتنىڭ تەخسىدەك چوڭلۇقتىكى ئەينەك كۆلدان تېگىپ، خېلى ئوبدان يېرىلغان پېشانىسىدىن ئاققان قان بىر كۆزىنى توسىۋالغان بولۇپ، مەڭزىنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىغانىدى. بىز توسۇپ بولغىچە ئەينىدىن ئالدىدىكى تاماكا قالدۇقلىرى بىلەن توشقان كۆلدانى ئېلىپ قاۋۇل داتقا قارىتىپ ئېتىپ بولغانىدى.

— چاتاق بولدى، دەرھال دوختۇرغا ئاپىرايلى، — مەن ئالدىراپ ئورنۇمدىن تۇردۇم، ئالمادىس بېرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالسا ھەممىمىز بۇ مەسئۇلىيەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتۇق، شۇ تاپتا مەستلىكىمۇ يېشىلىپ كەتكەنىدى.

خەپ توختا ئەينىدىن، مەن قاۋۇلنى بوش چاغلاپ قالما، بىر كۈنى قارنىڭنى يېرىۋېتىمەن سېنىڭ! — قاۋۇل داتنى ئولاش - چولاش مىڭ تەسلىكتە ماشىنىغا چىقاردۇق، ئۇ توختىماي توۋلايتتى، ئەينىدىننى ئەڭ بىزەپ گەپلەر بىلەن تىللايتتى، خۇددى پۇتلىرى بوغۇچلىنىپ، باغلاقتىكى ئاتتەك يۇلقۇناتتى، تېپىرلايتتى...

* * *

«تۇنجى يىغىلىش، كاتتا مۇراسىم، ھاراق ئۈچۈن جان بېرەيلى!»

بوتۇلكا تاغىنىڭ ئەڭ ئۈستىگە ناھايىتىمۇ چوڭ قىلىپ ياسالغان مۇراسىم سۈپىسى قۇياش نۇرىدا ئۆزگىچە جۇلالىنىپ، ئىككى تەرىپىگە ساڭگىلىتىپ ئېسىلغان سېرىق لاتىغا يېزىلغان يۇقىرىقى خەتلەر كۆزگە تاشلىناتتى. يەنە «تاغ»نىڭ ئۇ يەر، بۇ يەرلىرىگە تېخى «ئاداققىچە ھاراق ئىچىپ، جاسارىتىمىزنى نامايان قىلايلى»، «ھاراق بىلەن دوستلاشقىنىڭ، قايغۇ بىلەن خوشلاشقىنىڭ»، «مۇز كۆلگە چۆمۈلمەي تۇرۇپ، بوتۇلكا تاغقا باردىم دېمە»، «بىر تىيىم ھاراقنىمۇ قەدىرلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئىچەيلى» دېگەندەك خەتلەر قىڭغىر - قىيسىق قىلىپ يېزىلغانىدى.

— قاۋۇل باش كاتىپ، تەكلىپنامىلەرنى تولۇق يەتكۈزگەنمۇ؟ — ئۇچىسىغا ھاراق بوتۇلكىسىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كۆڭلەك، بېشىغا ھاراق بوتۇلكىسىنىڭ شەكلىدىكى يا قالپاققا، يا تۇماققا ئوخشىمايدىغان باش كىيىمى كىيىۋالغان ئەينىدىن قاۋۇل داتقا دېدى. مەن ئەينىدىننىڭ

ئاشۇ ھەجۋىي ھالىتىگە قاراپ كۈلۈۋەتكىلى تاسلا قالدىم.

— سىلە دېگەن بويىچە تولۇق يەتكۈزۈۋەتتىم، ئۇ
دۇنياغا كەتكەنلەرمۇ خەۋەر تېپىپ بەك خۇش بولدى،
قاۋۇل دات تېخى كۆك يوقالمىغان قاپاقلىرى ئاستىدىكى
كۆزلىرىگە مەجبۇرىي كۈلكە يۈگۈرتۈپ، خۇشامەتكۈيلۇق
بىلەن شۇنداق دېدى. ئۇنىڭ چوكۇرۇپ كېتىۋالغان شىلەپە
سى پېشانىسىدىكى تارتۇقنى يوشۇرۇپ قالالمىغانىدى، —
ئۇلار بەلكىم ئاللىقاچان كېلىپ بولدى بولغاي.

— ياخشى بوپتۇ، ۋاقتىمۇ توشۇپ قاپتۇ، ئۇنداق
بولسا سورۇنغا بارايلى، — ئەيىندىن ئىككى قولنى كەينى-
گە تۇتۇپ ئالچاڭشىپ ماڭدى. قاۋۇل دات بولسا پېشانى-
سىدىكى تەرنى سۈرتۈۋېتىپ، خۇددى ئىگىسىنىڭ ئارقىسى-
دىن قۇيرۇق شىپپاڭشىتىپ ماڭغان كۈچۈكتەك ئۇنىڭغا
سوڭداشتى.

— بارلىق ھاراق ئەھلى، ئالدى بىلەن سىلەرگە
ئالىي سالام! — ئەيىندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، مەغرۇرانە
سۆزلەشكە باشلىدى، — مەن ھاياجانلىق مۇشۇ دەقىقىلەر-
دە ئېپتىخارلىق بىلەن شۇنى جاكارلايمەنكى، بۈگۈن بىز
ھاراق ئۈچۈن تەنتەنە قىلىۋاتىمىز، ئەلمىساقتىن بېرى
ھاراق ئىچىپ، مەردلەرچە ئۆلۈپ كەتكەنلەر ھەم ھايات
ياشاۋاتقانلارنى قوللاش يۈزىسىدىن بۈگۈنكى بۇ كاتتا يە-
غىلىشنى ئۆتكۈزۈۋاتىمىز. كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، نەچچە
كۈن ئىلگىرى ئاسماندىن ھاراق بوتۇلكىسى ياغدى، بۇ
نېمە ئۈچۈن؟ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بۇ... بۇ بىز ئۈچۈن
ياخشى بېشارەتتۇر، — ئەيىندىن ئالدىدىكى ئىستاكاندىن
بىر ئوتلام ھاراق ئىچىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاش-
تۇردى، — بۈگۈنكى بۇ مەرىكىمىزگە مەرھۇم پېشىۋالىرى-
مىزدىن زاھىر، مەنسۇر، پەرھات، ئابلەت، توختاخۇن
تەمبۇر، سادىق، جەمشىت، تۈرمىدىن چىقىپ، كېيىن ھاراق
ئىچىپ قازا قىلغان مۆھتەرەم ئابدۇسالام ئەپەندى قاتارلىق-
لار ھەم ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى تەكلىپ بىلەن قات-
ناشتى. بۇ بىز ئۈچۈن شەرەپ، زور ئىلھام، مەن مۇشۇ
مۇناسىۋەت بىلەن جەمئىيىتىمىز نامىدىن ئۇلارنى قىزغىن
قارشى ئالىمەن! — قىزغىن چاۋاكلار ئىچىدە ئەيىندىن ئال-
دىدىكى ئىستاكاندىن يەنە بىر يۇتۇم ھاراق ئوتلىۋېلىپ،
سۆزىنى داۋام قىلدى، — شۇڭا ھەرقايسىلىرىدىن كۈتىدى-
غان ئۈمىدىم شۇكى، پۇرسەتنى قەدىرلەپ قانغۇدەك
ئىچىپ، يۇخادىن چىققۇەك ئويىنىغايسىلەر، بىزنىڭ بۇ
يەردە ئەتراپلىق پىلانلاپ ياسالغان، ھاراقنىڭ جەۋھىرى
قاچىلانغان «مۇزكۆل» بار ھەم خالىغاندا ھاراق ئىچكىلى
بولىدىغان جايلار بار، شۇڭا ئەركىن ئويناپ، بەھۇزۇر
ئىچكەيسىلەر، — ئەيىندىن شىلەپىسىنى ئازراق يۇقىرى
سۈرۈپ قويۇپ، ئۇنلۇك ئاۋازدا جاكارلىدى، — «ھاراق
ئۈچۈن جان بېرەيلى» دېگەن تېمىدىكى بۇ پائالىيىتىمىز
رەسمىي باشلاندى، ھۇررا!

گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە فونتانلاردىن
ھاراق ئېتىلىپ چىقىپ، نەچچە يۈزلىگەن رەڭلىك گاز شار-
لىرى ھاۋاغا قويۇپ بېرىلدى. ئارقىدىنلا ھەيۋەتلىك «ھا-
راقكەشلەر مارشى» ياڭرىدى. بارلىق كىشىلەر قىقاس-
چۇقان سېلىشىپ، قوللىرىدىكى رومكىنى ئاغزىغا ئاپاردى:

— ھاراقكەشلەر ياشاپ كەتسۇن!

— ياشسۇن ھاراق!

ئالىتاغىل توۋلانغان شوئارلار ھاراقكەشلەر مارشىنى
بېسىپ كەتمەكتە ئىدى. سورۇن قىزىغانچە، كۆڭۈل ئىزدە-
شىدىغانلار كۆپىيىپ، ھەر خىل شەكىلدە ئىچىشلەر باشلى-
نىپ كەتكەنىدى، ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈشۈۋاتقانلار بەزى-
دە ئۆزئارا سوقۇلۇپمۇ كېتەتتى. ھاۋا ئىسسىق بولغاچقىمۇ،
ئەسلىدىنلا يېرىم يالىڭاچ كەلگەن قىز - چوكانلار، مانا
ئەمدىلىكتە قىزىغانچە مۈرىلىرىگە سېلىۋالغان نېپىز ياغلىق-
نىمۇ نەلەرگىدۇر چۆرۈۋېتىشكەن، غېرىچلا كېلىدىغان
يوپكا يوتىسىنى كۆرسىتىشتىكى بىر باھانىدەك، بەل قىسمى-
دىلا بولۇپ، «يوتا ھۇزۇرى» سۈرۈۋاتقانلارمۇ ئاز
ئەمەس ئىدى. بەزىلىرىنىڭ كۆينىكىنىڭ ئالدى خېلى بەكلا
ئېچىۋېتىلگەچكە، خۇددى قانسىراتقان ئۆپكىنىڭ قاناتلىرى-
دەك ئاپپاق كۆكسىنىڭ يېرىمى سىرتىغا چىقىپ تۇراتتى.
ئەرلەرنىڭ مەستلىكتىن شەھۋەت ئوتلىرىدا يېنىپ كەتكەن
ئەلەڭ - سەلەڭ كۆزلىرى ئاياللارنىڭ كۆكسىدىلا، بەزىلە-
رى ھەتتا خالىيراق جايىنى تاپقاندا مىجىقلاپ تۇتۇش بىلەن
ھەلەك. ھېلىقى «كەسپىي» بوتۇلكا يىغقۇچى بولسا
ھېچكىم، ھېچنېمە بىلەن كارى يوق، مۈرىسىدىكى نەچچە
يېرىدىن يىرتىلىپ كەتكەن ئەسكى تاغىرىغا ھەدەپ قۇرۇق-
دالغان بوتۇلكىلارنى يىغماقتا، ئۇ بۇنىڭدىن بۆلەك ھېچقان-
داق ئىشقا قىزىقمايدىغاندەك قىلاتتى.

— مەن سىز بىلەن بىر رومكا ئىچەي ئەيىندىن

رەئىس، — پەردە مېنىڭ ئالدىمدىن گىدىيىپ ئۆتۈپ، جىلمايغىنىچە ئەيىندىنىڭ ئالدىغا قىزىل هاراق تۇشقۇزۇلغان رومكىنى كۆتۈرۈپ كەلدى. ئۇنىڭ ئاشۇ غىلجىڭشىشلىرى ئەينى چاغدا مەن بىلەن رومكا سوقۇشتۇرغان هالىتىگە ئوخشايتتى. بىراق مەن ئۇ چاغدا هازىرقىدەك ھېسسىياتتا ئەمەس بولغىيتتۇم.

— سىز بىلەن تانسا ئوينىغۇم بار، مىجەزىڭىز قانداقراق؟ — پەردە ماڭا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ، ناز - كەرەشمە بىلەن ئەيىندىنىگە تېخىمۇ يېقىنلاپ شۇنداق دېدى.

— ياخشى تەكلىپ، ئەمما سابىرمۇ مۇشۇ يەردە، ئۇنىڭ بىلەن ئوينىغىڭىز يوقمۇ؟

— مەن سىزنى تەكلىپ قىلىۋاتىمەن، كىمۇ ئۇ سابىر دېگەن، ئادەمنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرمىسىڭىز جېنىم، مەن ئۇنداق ئادەمنى تونۇمايمەن، كۆرۈپمۇ باقمىغان! — پەردە شۇنداق دەپلا مۇزىكىغا ماسلىشىپ، ئەيىندىنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتى. مەن ئەلەم بىلەن ئۇلاردىن يىراقلاشتىم. كۆنداشلىقمۇ ياكى پەردەنىڭ گېپى ئۇدۇل يۈرىكىمگە تەگدىمۇ بىلمەيمەن، تازا بىر ئىچىپ مەست بولايمۇ زادى؟ شۇنداق قىلسام مۇنۇ هازازۇل مېنى چىدىماپتۇ دەيدۇ ھەقاچان! ۋۇجۇدۇمدا قايناۋاتقان ئالەمچە خورسىنىش كۆز چاناقلىرىمغا ئەگكەن ياش بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەندى.

— يىغلىماڭ، سىز ئەر كىشى تۇرۇپ نېمىگە يىغلاۋاتىسىز؟ — تونۇش بىر ئاۋاز، بۇرۇلۇپ قارىسام چىرايلىق ياسانغان «خورەك شاهى» يېنىمدىلا ماڭا تەبەسسۇم بىلەن قاراپ تۇرۇپتۇ.

— سىزمۇ كەل... كەلگەنمىدىڭىز؟ — ھودۇققىنىمدىن نېمە دېيىشنى بىلمەي قالغاندىم، بىر چاغلاردا مېنىڭ قاش - قاپىقىمغا قاراپ ئىش قىلىدىغان ئايالنىڭ ئالدىدا هازىر تەمتىرەپ، گېپىمنى تېپىپ قىلالمايۋاتاتتىم، — مەن يىغلىمىدىم، كۆزۈمگە ئۇششاق بىر نېمە كىرىپ كېتىپ شۇ...

— مۇنداق دەڭ، كۆز دېگەنگە دىققەت قىلمىسا بەزىدە ئاشۇنداق ئۇششاق بىر نەرسىلەر كىرىۋالىدۇ، — يەنە گەپ قىلاي دېگۈچە «خورەك شاهى» كاسسىلىرىنى ئېككى تەرەپكە يېنىك تەۋرەتكىنىچە چوڭ - چوڭ چامداپ كېتىپ قالدى. ئەسلىدە ئۇنى تانسىغا تارتىشنى كۆڭلۈمگە پۈككەن، پەردەنىڭ بايامقى قىلىقلىرىدىن بىر ئۆچۈمنى ئالاي دەپ ئويلىغانىدىم. كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈنۈۋاتامدۇ نېمە، «خورەك شاهى» بۈگۈن ئەجەب چىرايلىق بولۇپ كېتىپتا، بۇ چۈشۈم ئەمەستۇ! مەن ئۇنىڭ قارىسى يىتكىچە قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن ھەسرەتلىك خىياللار بىلەن «مۇزكۆل» تەرەپكە باردىم.

ھەيۋەتلىك «مۇزكۆل» بويىدا تاماشا تېخىمۇ قىزىپ كەتكەندى.

— بۇ يەردىن ئىچە، نوچىسى مۇشۇ يەردە.

— كۆلنىڭ ئوتتۇرىدىكىسى ياخشىمىكىن، بىراق كىرگىلى بولمىغۇدەك.

— ئەڭ ياخشىسى كۆلگە چۆمۈلگەن ياخشى، شۇ چاغدا هاراقتا تولۇق قانغىلى بولىدۇ.

كۆلگە ئېڭىشىپ هاراق ئىچىۋاتقانلار ئەنە شۇنداق دېيىشمەكتە، ساقاللىق ئادەملەرمۇ، ئاياللارمۇ، ياشلارمۇ، بالىلارمۇ قوللىرىغا ئېلىۋالغان كىچىك رومكىلىرىغا كۆلدىن هاراق ئېلىپ ئىچىشەتتى. ئىچكەنچە هاياسىز چاقچاقلارنى قىلاتتى. ئۇلار بىلەن ئۇلپەتلەشمەكچى بولغاندەك تېخى ئەتراپتىكى قۇشلارمۇ ئۇچۇپ كېلىپ، كۆلگە تۇمشۇقىنى تىقىپ هاراق ئىچمەكتە. كۆل بويىدا ئېغناپ ياتقان ئادەملەرمۇ، هايۋانلارمۇ، قۇشلارمۇ بارغانسېرى كۆپىيىپ، تولغىنىپ ھۆ قىلىشلار، ساراڭدەك كۈلۈشلەر، كىملەرنىدۇر تىللاشلار كۆلنىڭ ئەتراپىنى بىر ئالغانىدى. يەنە كىملەردۇر غىڭشىپ ناخشا ئېيتماقتا. بىر - بىرىنى يۆلىشىپ، دەلدەڭشىگىنىچە خالىغان يەرگە ماڭماقتا. قۇچاقلىشىپ سۆيۈشۈۋاتقان قىز - يىگىتلەرمۇ قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇراتتى. دەسلەپىدە بىر - بىرىنى ھۆرمەت قىلىشىپ، ناھايىتى ئەدەپ بىلەن سالاملاشقان كىشىلەر، مانا ئەمدىلىكتە «سەن كىم؟»گە ئۆتكەنىدى. كۆلگە كىرىپ هاراقتا يۇيۇنغاچ، باشقىلارنىڭ كۆزىچىلا بىر - بىرىگە چاپلىشىۋالغان ئەر - ئاياللارنى تىلغا ئېلىش ئارتۇقچە، ئەلۋەتتە!

شۇنداق كېتىۋېتىپ، تۇيۇقسىز كۆلگە يېقىنلا يەردە مۇڭلۇق تەمبۇر چېلىپ ئولتۇرغان توختاخۇن تەمبۇرغا كۆزۈم چۈشتى. ئۇ شۇنداق ئىشتىياق بىلەن چالغان ئىدىكى، تەمبۇرنىڭ دەستىسىگە قونۇۋالغان بىر جۈپ مەست قۇشقاچمۇ خۇددى ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلماقچى بولغاندەك توختىماي ۋىچىرلىشاتتى.

ــ كېلىڭ، كېلىڭ، بىرەر رومكىدىن ئىچىشەيلى، ــ تۈيۈقسىز كۆلنىڭ بىر چېتىدە ئولتۇرۇپ ئىچىشۋاتقان يولۋاس بىلەن بۇزۇرۇكامغا كۆزۈم چۈشتى، ــ قاراڭ مەن يەنە مۇشۇنداق تۇرۇپمۇ؟

ــ بولدى، بولدى، شەپكىلىرىنى باشلىرىدىن ئالمىسلا، ــ مەن بۇزۇرۇكامنىڭ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاينىتىدىغان ئاشۇ مېڭە قېتىقىنى كۆرگۈم يوق ئىدى، شۇڭا ئۇنى دەرھال توستۇم، ــ مەن يەنە بېجىرىدىغان مۇھىم ئىشلار چىقىپ قالدى، بىردەم تۇرۇپ كۆرۈشەيلى، ــ مەن ئۇ ئىككىسى بىلەن قىسقىلا سالاملىشىپ ماڭماقچى بولدۇم.

ــ سىزنىڭ مۇشۇ ئادىتىڭىز ماڭا ياقمىدى، ــ بۇزۇرۇكام بېشىدىكى شەپكىسىنى پەسكە تارتىپ قويۇپ دېدى، ــ ھېچ بولمىسا بىر رومكا ئىچمىسىڭىز قانداق بولىدۇ، ئۆزىڭىز ساھىبخانا تۇرۇپ ئىچمەيدىكەنسىز! مېھمانىڭىزمۇ يۈزى بولغاي ـ دە! ــ بۇزۇرۇكام ماڭا تەنە ئارىلاش بىر مۇنچە ئاچچىق گەپلەرنى قىلىۋالدى. مەن يەنىلا يولۇمنى داۋام ئەتتىم. مەست بىلەن تەڭ بولماي دېمەيدىغان بولسام، چوڭكەن دېمەي ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشقان بولاتتىم. ئارقامدىن يولۋاسنىڭ ماڭا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ «نېمە قىلىسىز ئۇ بىر نېمىنى چاقىرىپ، ئاغزىڭىزنى لاۋزا قىلىپ، ھاراق دېگەن جىگىرى بار ئەركەك ئىچىدىغان نېمە ئۇ!» دېگەن سۆزلىرى مېنىڭ قاتتىق غەزىپىمنى كەلتۈرگەن، غۇرۇرۇمغا تەگكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. ھازىر ئاچچىققا ھاي بېرىشتىن ئىبارەت ياخشى ئادەتنى ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىۋالغاندىم. ئاچچىق كېلىدىغان ئىشقىمۇ ئاچچىقلانماي ھېجىيىپ تۇرساڭ، ئىشلىرىڭ ئوڭغا تارتىپ، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالالايدىكەنسەن، جەمئىيەتتە تۇرۇۋېلىشمۇ جان بېقىشتىكى بىر سەنئەتكەن ئەمەسمۇ؟! نېمە قىلىمەن ئاچچىقلىنىپ، قايسى بىرلىرىگە ئاچچىقلىنىپ بولاي؟ ئاچچىق بىلەن قايسىبىر ئىش جايىدا ھەل بولغان؟

ــ ئەستا سابىر سەت بولدى ـ ھە؟ ــ ئاسماندىن چۈشكەندەكلا يېنىمدا ئەيىندىن پەيدا بولدى، ــ پەردە ئۇ مەست بولۇپ قاپتۇ، بىز ئەل ـ ئاغىنە بولغاندىكىن، بەزى ئىشلارنى كۆڭلۈڭگە ئالمىغىن، مەستلىكتە ئادەم نېمىلەرنى دېمەيدۇ، نېمىلەرنى قىلمايدۇ دەيسەن، ئالدىڭدا راستىنلا خىجىل بولۇپ قالدىم. سەندىن ئەپۇ سورايمەن!

ــ ياقەي، ئەپۇ سوراش ھاجەتسىز، پەردە بىلەن ھازىر مېنىڭ مۇناسىۋىتىم بولمىسا، نېمە قىلىش ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكى.

ــ بۇ روھىڭ يارايدۇ، ھاراق ئىچىدىغانلار ئادەتتە مانا شۇنداق مەرد كېلىمىز ئەمەسمۇ، ــ ئەيىندىن گۆشلۈك ئالقانلىرىنى مۈرەمگە قويدى، ــ مەنمۇ ھاراق پېشۋالىرى بىلەن بىر ـ بىرلەپ سوقۇشتۇرۇپ ئىچىپ، بىر يەرگە بېرىپ قالدىم، قىزىغانچە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئەچۈرىپتىمەن، بىر ئىشتا كاللام بەكلا قېتىپلا تۇرىدۇ، ــ ئەيىندىن قاتتىق بىرنى كېكىردى، شۇئان ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھاراقنىڭ بەتبۇي بۇسى يۈزۈمگە ئۇرۇلۇپ، كۆڭلۈمنى ئاينىتتى، ــ پائالىيەتنى قانداق خۇلاسىلىغۇلۇق ئەمدى؟ ھاراق پېشۋالىرىمىزنىڭمۇ بەسلىشىپ ئىچىپ، تۆت پۇتى ئاسمانغا قاراپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەگىلا قارىسا قۇسۇپ ياتقان ئادەملەر، ھاراق بوتۇلكىلىرى، بۇنىڭغا قارىتا پائالىيەت تۈگىگەندىن كېيىن، جەمئىيەتمىزنىڭ ئادەملىرى يىغىلىپ، بىرەر بەلگىلىمە چىقارماي بولمىغۇدەك! ــ ئەيىندىن يېڭىدىن تۈزمەكچى بولغان بەلگىلىمىنى خىيال قىلىۋاتقاندەك بىردەم تۇرۇپ قالدى، ــ ھە راست، سىز ئەجەب بۈگۈنكىدەك كاتتا يىغىلىشتىمۇ ئىچمەپسىزغۇ؟ ــ ئۇ تۇرۇپلا سوراپ قالدى.

ــ ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، نېمىشقىدۇر پەقەتلا كۆڭلۈم تارتمىدى.

ــ قارىسام سىزلا ساقكەنسىز، ئىچمىگىنىڭىزمۇ ئوبدان بوپتۇ، بۈگۈنكى خۇلاسىنى سىز قىلىڭ، مەن ئازراق ئارام ئېلىۋالاي، ئىنتىزام ھەققىدە تەكىتلەشنى ئۇنتۇپ قالماڭ، سىزنىڭ ياخشى خۇلاسىلايدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىم كامىل.

ــ مەن... مەن... بولىدۇ، مەن ئورۇنۇپ كۆرەي.

ئەيىندىن ئۆزىنى تەستە تۇتۇپ كېتىپ قالدى. ئامالسىز ماقۇل دېگىنىم بىلەن، شۇ تاپتا بېشىمغا تاغ يىقىلغاندى. مەن ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى كۆزىچىلا رەت قىلىدىغان بولسام، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ مەن قانداق خۇلاسە قىلىمەن، كىمگە گەپ قىلىمەن؟ ھازىر گەپ قىلسام، ئۆزۈمدىن باشقا كىم بار گېپىمنى ئاڭلايدى-

غان؟! شۇنداق خىيال ئىچىدە نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي، خۇددى قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەلدەك، ئورنۇمدا خېلى ۋاقىتقىچە تۇرۇپ قالدىم. ھاراق مۇساپىسىدە يۈز بەرگەن نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلىدىم، ھاراق ھەققىدىكى كىمدۇر دېگەن مۇنداق بىر يۇمۇر ئېسىمگە كەلدى:

بىر كۈنى تەجرىبىخانىدا بىر ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا تەجرىبە قىلىپ، بىر ئىستاكان ئاق ھاراققا بىر تال قۇرتنى تاشلاپتۇ، قۇرت ھايال بولماي، بىر قانچەنى تولغىنىپ ئۆلۈپتۇ. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلاردىن نېمەنى ھېس قىلغانلىقىنى سورىغانىكەن، بىر ئوقۇغۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ: «ھاراق ئىچكەن ئادەمنىڭ نېمە ئۈچۈن قورسىقىدا قۇرت بولمايدىغانلىقىنى ئەمدى چۈشەندىم دەپ جاۋاب» بېرىپتۇ. مەن شۇ چاغدا بۇ يۇمۇرنى بەك ئاددىيكەن دەپلا ئۆتۈپ كەتكەنىدىم، مانا ھازىر ئويلىسام...

تومۇرلاردا قان ئەمەس، ھاراق دولقۇن ياسايدۇ،
كەلسە ئامەت ئاسمانمۇ بىزگە ھاراق تاشلايدۇ.
ئەتىۋارلاپ ئىچسەكمۇ قويۇپ جانان رومكىغا،
ئاقىۋەتتە نە ئۈچۈن ھاراق بىزنى تاشلايدۇ؟

قاۋۇل دات كۆل بويىدىكى يالغۇز دەرەخكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ھەدەپ ئۆزى بىلەن ئۆزى شېئىر ئوقۇماقتا. ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. ئۇ تۇرۇپ شېئىر ئوقۇسا، تۇرۇپ جۆيلۈۋاتقاندەك چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى دەيتتى، بىردە كىچىك بالىدەك يىغلىسا، يەنە تۇرۇپ كىملەرنىدۇر ئەپسانە گەپلەر بىلەن تىللايتتى. شۇ ئەسنادا تۇيۇقسىز چىققان گۈلدۈرلىگەن ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتىم، پۈتۈن جاھان بىردىنلا قاراڭغۇلىشىپ، ئاۋۋال يەر تىترەپ، ئاندىن دەھشەتلىك سىلكىنىپ، قاياقتىندۇر دەھشەتلىك بىر ئاۋاز كېلىپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە، ئەتراپتىكى تاغ چوققىلىرىمۇ بىر - بىرلەپ گۇمۇرۇلۇپ چۈشتى، مانا ئەمدى ھەممە يەرنى ۋارقىراش - جارقىراشلار، كىشىلەرنىڭ ئاللا تۇۋىسى، يىغا - زار بىر ئالغانىدى، ئارقىدىنلا چېلەكلەپ قۇيغاندەك، شارقىراپ يامغۇر يېغىۋەتتى.

— ئاسماندىن ياغقىنى يامغۇر ئەمەس، ھاراقكەن، ھاراق، ماۋۇ ئىشنى ئەمدى، ھاراق ياغقۇچە، يەنىلا ھاراق بوتۇلكىسى ياغسا بولمامدۇ دەيمەن، ئىست! — ھېلىقى بوتۇلكا يىغقۇچى جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى. بۇ قېتىم ئاسماندىن راستتىنلا ھاراق يېغىۋاتاتتى. يالت - يۇلت قىلىپ قاتتىق چاقماق چېقىۋىدى، بىردىنلا ھەممە يەرنى ئوت يالقۇنى قاپلىدى. كەلكۈندەك يوپۇرۇلۇپ كەلگەن ھاراققا تۇتاشقان ئوت بارغانچە زورىيىپ ئادەملەرمۇ، دەل - دەرەخلەرمۇ، جىمى نەرسە پاراسلاپ كۆيۈشكە باشلىدى، ئوت ھەتتا ئاسمان بىلەن تۇتۇشۇپ كەتكەنىدى. پەرياد ئۇرۇشلار، جان ئاچچىقىدا ۋارقىراشلار، نېمىگىدۇر ئىلتىجا قىلىشلار جاھاننى بىر ئالغان. «مۇز كۆل»گە چۈشۈپ، ھاراقتا يۇيۇنۇۋاتقانلار تېخىمۇ ئېچىنىشلىق تەقدىر ئىچىدە قالغانىدى. ھاراق بوتۇلكىلىرى بولسا ئوتنىڭ قىزىقىدا خۇددى زەمبىرەك ئوقىدەك پارتلايتتى. ئوت بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئاخىرىدا ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانماي قالدى تۇيۇقسىز مېنىڭ بېشىمغا ئېغىر بىر نەرسە چۈشكەننى بىلەمەن، كۆزلىرىمگە قىزىللىق تىقىلىپ، تۈمەنلىگەن ھاراق بوتۇلكىلىرى ئاشۇ قىزىللىق ئىچىدە توختىماي ئايلىنىپ، يەرگە ئوڭدىسىغا يىقىلدىم، بەلكىم مېنىڭ ھاياتىممۇ ئاخىرلاشقان بولسا كېرەك.

دەققە ئىچىدە پۈتۈن ئالەمنى زۇلمەت قاپلاپ، بۇ يەردىكى ھاياتلىق تەلتۆكۈس ئاخىرلاشقانىدى...

**ئىزاھات:**

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا ئۇلاپ بېرىلگەن «ھاراق» تېمىسىدىكى بىر يۈرۈش ھېكايىلەر مۇشۇ ھېكايە بىلەن تولۇق خاتىمىلەندى.

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيەلىك سۈپەتلىك ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش مەيدانىدىن.

## تۈزىتىش

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2013 - يىللىق 5 - سان مۇندەرىجە ۋە ئەسەر ماۋزۇسىدىكى ئاپتور ئىسمىنى ئەسقەرجان ئەنۋەر ئەلسۈيەر دەپ تۈزىتىپ ئوقۇشىڭىزلارنى سورايمىز.

— تەھرىراتىمىزدىن

# تۈركىيە تەسىراتلىرى

ئادىل خالىقجان



ئۆتكەن يىلى نويابىردا، مەن تۈركىيە ئىستانبۇل (Istanbul) شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا كىتاب كۆرگەزمىسىگە باردىم. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تۈركىيە بىزگە نىسبەتەن ھەم تونۇش، ھەم ناتونۇش دۆلەت. ئۇنىڭ بىلەن تونۇش دېيىشتىكى سەۋەب، تۈركىيە تىل، دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتلەردە شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن يېقىن كېلىدۇ.

يېقىنقى بىرقانچە يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئانسامبىلى بىر قانچە قېتىم تۈركىيەگە بېرىپ ئويۇن قويۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا ئۇسسۇل بايرىمى مەزگىلىدە تۈركىيەنىڭ سەنئەت ئانسامبىلىمۇ ئويۇن قويۇپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. بۇنداق بېرىش ـ كېلىش ئىككى دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، جۇڭگو ـ تۈركىيە ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، خەلق ئارىسىدىكى مەدەنىيەت، سودا ۋە ساياھەت ئىشلىرىمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا. شۇنداقلا بۇنىڭغا مۇناسىپ خەۋەر ۋە كىتابلارمۇ بارغانسېرى كۆپىيىپ بارماقتا. ھازىر ئۈرۈمچىنىڭ ۋە باشقا شەھەرلەرنىڭ ئاۋات

**مەن كۆرگەن دۇنيا**

كوچا ـ بازارلىرىدا تۈركىيەدە ئىشلەنگەن ئاجايىپ چىرايلىق نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرى، تۈرلۈك كىيىم ـ كېچەك ۋە يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى ھەممىلا يەردە ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ئۇ دۆلەت بىلەن ناتونۇش دېيىشتىكى سەۋەب، قانداقلا بولمىسۇن تۈركىيە بىزدىن خېلىلا يىراق ۋە سىرلىق دۆلەت. كىشىلەرنىڭ بۇ دۆلەتكە بولغان ھەر تەرەپلىمە چۈشەنچىسى ۋە تونۇشى يەنىلا كەمچىلدۇر.

2012 ـ يىلى جۇڭگو ـ تۈركىيە ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتى تۈركىيەدە «جۇڭگو مەدەنىيەت يىلى» ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرى ئارىسىدىكى دوستلۇق ۋە چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىنتايىن ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. بۇنىڭغا ئوخشاش مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇش بىلەن بېرىش ـ كېلىشلەر ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى ۋە ئىككى دۆلەت خەلقى ئارىسىدىكى ئۆزئارا چۈشىنىش بىلەن دوستلۇقنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەر تەرەپلىمە ھەمكارلىشىش ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ يول ئېچىپ بەرگۈسى.

2012 ـ يىلى 15 ـ نويابىر كەچتە بىز بېيجىڭدىن تۈركىيە «تۈرك ھاۋا يوللىرى» (Turk hava yollari) ناملىق نۆۋەتچى ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ، توققۇز سائەتلىك سەپەر ئارقىلىق 16 ـ نويابىر سەھەردە، تۈركىيەنىڭ داڭلىق تارىخىي ۋە مەدەنىيەت شەھرى — ئىستانبۇلغا يېتىپ باردۇق. بىز ئىستانبۇلدىكى wow مېھمانسارىيىغا

گۈرۈنلىشىپ بىرئاز ئارام ئالغاندىن كېيىن، سۇلتان ئەھمەد مەيدانىغا ساياھەت قىلىشقا باردۇق. نويابىردىكى ئىستانبۇلنىڭ مۇھىتى گۈزەل بولۇپ، كۈزنىڭ ساپ ھاۋاسى ۋە سالقىن شامىلى ئادەمنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلاتتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، سېنتەبىردىن نويابىرغىچە بولغان مەزگىل تۈركىيەنىڭ ئەڭ ياخشى ساياھەت مەزگىلىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. ئىستانبۇل ياۋروپا بىلەن ئاسىيانى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، ياۋروپا بىلەن ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە، بالقان يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىگە، ئىستانبۇل دېڭىز بوغۇزىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، غەرب بىلەن شەرق مەدەنىيىتىنى تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈك ۋە تۈركىيەنىڭ ئەڭ چوڭ شەھىرى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. ئىستانبۇلنىڭ ئۈچ تەرىپىنى دېڭىز ئوراپ تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى ئەۋزەل بولۇپ، ئىستانبۇل شەھىرىنىڭ 60% ى ياۋروپاغا، 40% ى ئاسىياغا جايلاشقان ئىكەن. ئۇ يەنە دۇنيا بويىچە بىردىنبىر ياۋروپا بىلەن ئاسىيانى ھالقىپ ئۆتكەن شەھەر بولغاچقا ئاسىيا قىتئەسى بىلەن ياۋروپا قىتئەسى بۇ يەردە بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرىدىكەن. 1923 - يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۈركىيە پايتەختىنى ئەنقەرەگە يۆتكەپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئىستانبۇل تا ھازىرغىچە تۈركىيەنىڭ ئىقتىسادىي پايتەختى بولۇشتەك ئورنىنى ساقلاپ كەلگەن. ئىستانبۇل شەھىرى ئىنتايىن ئۇزاق تارىختا ئىگە شەھەر بولۇپ، شەرق مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتى بۇ يەردە ئۆزئارا ئۇچرىشىش، ئارىلىشىش ۋە تەڭكەشلىشىش ئارقىلىق دۇنيادا كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان ئاجايىپ چىرايلىق بىر مۆجىزىنى شەكىللەندۈرگەن.

1985 - يىلى ئىستانبۇلنىڭ كونا شەھەر رايونى «دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسى»گە كىرگۈزۈلگەن. 2010 - يىلى ئۇ يەنە چوڭقۇر تارىخىي ئاساس ۋە ئالاھىدە مەدەنىيەتكە تايىنىپ «ياۋروپا مەدەنىيەت شەھىرى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن. ئۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر ئاسىيا بىلەن ياۋروپانى ھالقىپ ئۆتىدىغان شەھەر بولغاچقا ئۇنىڭ يەنە «دۇنياۋى شەھەر»، «مەڭگۈلۈك شەھەر» دېگەن نامى بار ئىكەن. شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان بۇ شەھەرنىڭ تارىخىنى قەدىمكى زامانلارغىچە سۈرۈشتۈرۈش مۇمكىن. بىز سۇلتان ئەخمەت مەيدانى (Sultan Ahmet Meydani)نى ئايلىنىپ سەيلە - ساياھەت قىلدۇق. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «بەخت ئىشىكى»، «ئات مەيدانى» (At Meydani)، «سۇلتان ئەھمەد جامەسى» قاتارلىق ساياھەت نۇقتىلىرىنى كۆردۇق. سۇلتان ئەھمەد مەيدانى ئەسلىدە بىزانس ئىمپېرىيەسى دەۋرىدىكى ئۇرۇش ھارۋىلىرىنىڭ بەيگە مەيدانى ۋە شەھەر ئاھالىسى مەركىزى ئىكەن. ھازىر بولسا ئىستانبۇلنىڭ ئەڭ ئاساسلىق دىن، تارىخ، ئارخېئولوگىيە، مەدەنىيەت، ساياھەت ۋە سەنئەت مەركىزى ئىكەن. تارىخقا نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ رايوننىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولۇپ، بىر چاغلاردا شەرقىي رومانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ پايتەختى بولغانىكەن، كېيىن رىمدىن قالسىلا ئىمپېرىيەنىڭ ئىككىنچى چوڭ شەھىرىگە ئايلانغانىكەن.

بىزانس ئىمپېرىيەسى مەزگىلىدە بۈگۈنكى سۇلتان ئەھمەد مەيدانى ئايا سوفىيا مۇزېيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرخىل، ھەر تۈرلۈك ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇشلار ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇپ چىقىلغان. مىلادىيە 325 - يىلىدىن باشلاپ بۇ شەھەرنىڭ تەرەققىياتى يەنىمۇ تېز بولۇپ كۆپلىگەن ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇش توپلىرى بارلىققا كەلگەن. دەسلىپىدە، سۇلتان ئايا سوفىيا مۇزېيى، توپكاپى سارىيى ۋە سۇلتان ئەھمەد مەيدانىنىڭ ئەتراپىدا تەخمىنەن 6500 مېتىر كېلىدىغان سېپىل قۇرۇلغان، كېيىن يەر تەۋرەش سەۋەبىدىن بىر قىسىم سېپىللار بۇزۇلغان بولسىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

بىز سۇلتان ئەھمەد جامەسى (Sultan Ahmet Camii)نى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق. سۇلتان ئەھمەد جامەسى سۇلتان ئەھمەد مەيدانىدىكى ئوسمانىيە ئۇسلۇبىدىكى تۈرلۈك ئىمارەتلەر ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدىكەن. ئۇ جامەنى لايىھەلىگۈچى مۇھەممەت ئاغا (Sedefkar Mehmat Aga) ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ، جامەنى 1609 - يىلىدىن 1616 - يىلىغىچە بولغان مەزگىلدە پۈتكۈزگەن. ئۇنىڭ تۈركىيە ئۇسلۇبىدىكى غايەت زور گۈمبىزىنىڭ ئەتراپىدا ئالتە مۇنار بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئالتە مۇنارلىق جامە ھېسابلىنىدىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ جامەنى لايىھەلەش ۋە سېلىش جەريانىدا لايىھەلىگۈچى ئوسمانىيە ئىمارەتلىرى بىلەن ئايا سوفىيا چېركاۋىنىڭ ئىمارەت ئۇسلۇبلىرىنى نەزەرگە ئېلىپ،

باشقا ئىمارەتلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ كەڭرەك، تەبىئىي يورۇتۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۇسالغۇسىز ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان چوڭ بوشلۇقنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ جامەنىڭ ئىچىدە 5000 دىن كۆپرەك كىشى بىرلا ۋاقىتتا ناماز ئۆتىيەلەيدىكەن. جامە قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلگەن چاقچۇق ماتېرىياللار چاقچۇق سەنئىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلغاچقا، شۇ ۋاقىتلاردا دەۋر سۈرگەنىكەن. جامەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تاملارنىڭ كۆپىنچىسى ۋە يۇملاق گۈمبىزى كۆك رەڭلىك چاقچۇق خىشلار بىلەن ياسالغاچقا، ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى قۇياش نۇرى كۆك رەڭلىك چاقچۇق خىش ئۈستىگە چۈشۈپ، ئاجايىپ مەنزىرىلەرنى بەرپا قىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ جامە «كۆك رەڭلىك جامە» دېگەن نامغا ئېرىشكەن.

«كۆك رەڭلىك جامە» غايەت زور تىك تۆت تەرەپلىك شەكلىدىكى قۇرۇلۇش بولۇپ، ئۇنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەرەپلىرىگە قاراپ تۇرىدىغان ئىشكى بار ئىكەن. پۈتكۈل قۇرۇلۇشتا بىر تالمۇ مىخ ئىشلىتىلمىگەنىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، پۈتۈن قۇرۇلۇش پۈتۈپ تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە، بىر قانچە قېتىملىق يەر تەۋرەشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، قىلچە زىيانغا ئۇچرىمىغانىكەن. بىز جامەدىن چىقىپ ئۇدۇل تەرەپكە كېلىپ ئۇنىڭغا نەزەر سالغىنىمىزدا، كۆك ئاسماندىكى ئاپئاق بۇلۇتلار ئۇنىڭ ئالاھىدە كۆك رەڭلىك گۈمبىزى بىلەن ئالتە مۇنارىنى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرسىتىۋەتكەنىدى.

ئىككىنچى كۈنىدىن باشلاپ بىز تۇياپ (TUYAP) يىغىن مەركىزىدە ئېچىلغان 31 - نۆۋەتلىك ئىستانبۇل خەلقئارا كىتاب كۆرگەزمىسىگە باردۇق. ئىستانبۇل كىتاب كۆرگەزمىسى دۇنيادىكى تەسىرى خېلى چوڭ كۆرگەزمىلەرنىڭ بىرى ئىكەن. «بالىلىق دەۋر»، «مېنىڭ يۇرتۇم»، «بالىلار ۋە ياشلار ئەدەبىياتى» بۇ قېتىمقى كىتاب كۆرگەزمىسىنىڭ باش تېمىسى بولۇپ، جۇڭگونى ئۆز ئىچىگە ئالغان 40 نەچچە دۆلەتنىڭ 600 گە يېقىن نەشرىياتلىرى ۋە ئەل ئىچى تەشكىلاتلار كۆرگەزمىگە قاتناشقانىكەن. بۇ قېتىمقى كۆرگەزمە 2012 - يىلى تۈركىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن «جۇڭگو مەدەنىيەت يىلى»نىڭ مۇھىم تۈرلىرىنىڭ بىرى، شۇڭا دۆلىتىمىزدىن «يىپەك يولى — جۇڭگو شىنجاڭ»نى باش تېما قىلغان 25 نەشرىياتنىڭ 600 نەچچە خىل كىتابلىرى بىلەن فوتوسۈرەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇلدى.

ئېچىلىش مۇراسىمىدىن كېيىن، خىزمەتداشلار ئالدى بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ، جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇلغان كىتابلىرىنى كۆرۈپ چىقتۇق ھەمدە نۇرغۇن يېڭى كىتابلارنى بايقىدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە سەئۇدىي ئەرەبىستان، ئەزەربەيجان، گوللاندىيە قاتارلىق كىتاب كۆرگەزمىسىگە قاتناشقان 40 نەچچە دۆلەتنىڭ كىتابلىرىنى كۆرۈپ چىقتۇق. تۈركىيە كىتاب كۆرگەزمىسىنى ئۇيۇشتۇرغان ساھىبخان دۆلەت بولغاچقا، ئۇلارنىڭ يەرمەنكىگە سالغان كىتابلىرىنىڭ سانىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىكەن. مەسىلەن: ئىجتىمائىي پەن، تەبىئىي پەن، تارىخ، جۇغراپىيە، پەلسەپە، دىن، مەدەنىيەت، مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت، تىل - يېزىق، ئىقتىساد، سىياسىي - قانۇن ۋە قامۇس قاتارلىق قورال كىتابلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلۈك كىتابلارنىڭ ھەممىسى بار ئىكەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە تۈركىيەنىڭ ھازىرقى زامان ماي بوياق سەنئەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى بىرگە ئېچىلغانىكەن. بىز كۆرگەزمىنى بىر يېرىم كۈن ئايلىنىش جەريانىدا نۇرغۇن كىتاب ۋە ئەسەرلەرنى كۆردۇق ھەمدە كۆپلىگەن بىلىملەرگە ئىگە بولدۇق. كۆرگەزمىدە تۈركىيەنىڭ دۆلەت ئاتىسى مۇستافا كامال ئاتاتۈرك (Mustafa Kemal Ataturk)نىڭ چوڭ - كىچىك فوتوسۈرەت رەسىملىرى، ماي بوياق رەسىملىرى، سۆز ئۆزۈندىلىرى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىدىيەسى، ئىش ئىزلىرى، كەچۈرمىشلىرى، ئىنقىلاب ۋە ئىسلاھات ئەمەلىيىتى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرىدىغان ۋە خاتىرىلەيدىغان كىتابلارنىڭ سانىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىكەن. مانا بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ھازىرقى زامان تۈركىيە جەمئىيىتىدىكى تەسىرىنىڭ يەنىلا ئىنتايىن چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدىكەن. تونۇشتۇرۇشقا ئاساسلانغاندا، 2023 - يىلغا بارغاندا تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن چوڭ كۆلەملىك تەبرىكلەش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھازىر مۇناسىپ كىتابلارنى چىقىرىشقا تەييارلى-

نىۋېتىنتو. بۇنىڭدىن باشقا ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش كىتابلىرى، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر ئەدەبىياتى ۋە تۈركىيە ئەدەبىياتى ھەققىدىكى كىتابلارمۇ ئىنتايىن كۆپ ئىكەن. بۇ كۆرگەزمىنى كۆرۈش ئارقىلىق تۈركىيە مەدەنىيىتىگە بولغان تونۇشۇم چوڭقۇرلاشتى. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ھازىر تۈركىيەدىكى ھەرخىل نەشرىياتلار 1800 دىن ئاشىدىكەن. ھەر يىلى 40 مىڭغا يېقىن كىتاب نەشردىن چىقىدىكەن. بۇ كىتابلارنىڭ تەخمىنەن 50% ى ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش كىتابلىرى ئىكەن. تۈركىيە مەملىكىتى بويىچە 6000 ئەتراپىدا كىتاب پارچە سېتىش ئورنى بار ئىكەن. دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن بۇ دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت، ئىلىم ـ پەن مۇھىتىنىڭ قويۇقلۇقىنى ھەمدە ئومۇمىي تەرەققىياتتا مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم رول ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدىكەن.

تۈركىيە ھەقىقەتەن ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان دۆلەت ئىكەن. ئۇ ھەم قەدىمىي، گۈزەل، ھەم مەدەنىيەتلىك، ھەم زامانىۋى، ھەم ئەنئەنىگە باي دۆلەت ئىكەن. ئۇنىڭ سىرلىق تارىخى، زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ تېز راۋاجلىنىشى، ئادەمگە بىر خىل ماكان بىلەن زامان گىرەلەشكەندەك تۇيغۇ بېرىدىكەن ھەمدە كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىكەن . ئۇنىڭ شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئامىللىرى ئارىلىشىپ كەتكەن مەدەنىيىتى، ئالاھىدە بولغان جۇغراپىيەلىك ئورنى، ئادەمگە ياقىدىغان ھاۋاسى، ھەشەمەتلىك ۋە جىمجىتلىق ئىچىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان «كۆك رەڭلىك جامەسى»، شەكىللىرى ھەرخىل زامانىۋى ئىمارەتلىرى، بوسپورۇس دېڭىز بوغۇزىدىن ھالقىپ ئۆتكەن قىتئەلەر ئارا چوڭ كۆۋرۈكى، مىڭ يىللىق قەدىمىي شەھەر ــ ئىفەسنىڭ خارابىسى، مەريەم ئانا ئۆيى، ئاجايىپ مەنزىرىلىك جايى ــ پاختا قەلئەسى، شۇنداقلا ئۇنىڭ مول ۋە باي ئاسار ئەتىقىلىرى ۋە كىشىنى جەلپ قىلىدىغان تەبىئىي مەنزىرىلىرى ئۇنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى ساياھەتچىلەر ئىنتىلىدىغان «ساياھەت گۈلىستانى»غا ئايلاندۇرغانىكەن. ھازىر تۈركىيە دۇنيا بويىچە 6 ـ ئورۇندا تۇرىدىغان مەنزىرىلىك ساياھەت جايى بولۇپ، رۇسىيە قاتارلىق نۇرغۇن دۆلەتلەردىكى ساياھەتچىلەر بېرىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بىرىنچى ساياھەت ئورنى دەپ ھېسابلىنىدىكەن. تۈركىيە ھەر يىلى 35 مىليوندىن كۆپرەك ساياھەتچىنى كۈتۈۋالىدىغان بولۇپ «دۇنيادىكى ساياھەت جەننىتى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن.

تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ باغلىنىش رايونىغا يەنى ئاسىيا ـ ياۋروپا قىتئەسىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، يەر مەيدانى 78.360 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر مەيدانى ئىتالىيەنىڭ يەر مەيدانىنىڭ 2.6 ھەسسىسىگە، ئەنگلىيەنىڭ يەر مەيدانىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. زېمىنىنىڭ 97% ى ئاسىيانىڭ كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلىغا، 3% ى ياۋروپانىڭ بالقان يېرىم ئارىلىغا جايلاشقان. 2011 ـ يىللىق مەلۇماتقا ئاساسەن، تۈركىيەنىڭ نوپۇسى 74 مىليون 720 مىڭ كىشى، تۈرك تىلى دۆلەت تىلى بولۇپ، ئالتاي تىل سىستېمىسىغا تەۋە ئىكەن. ھازىر بۇ تىل دۇنيا بويىچە يەتتىنچى چوڭ تىل ھېسابلىنىدىكەن. تۈركىيەنىڭ شەھەر نوپۇسى 49 مىليون 700 نەچچە مىڭ بولۇپ، شەھەرلىشىش نىسبىتى 70.5% كە يەتكەن. ھازىر ئىستانبۇلنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 15 مىليون، ئەنقەرەنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 4 مىليون 470 مىڭ ئىكەن.

18 ـ نويابىر بىز يېڭى خان سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا باردۇق. ئۇنى دورما باغچىسى سارىيى دەپمۇ ئاتايدىكەن. يېڭى خان سارىيى بوسپورۇس دېڭىز بويىغا سېلىنغان بىر ـ بىرىگە ماسلاشقان، دېڭىزنى بويلاپ ئۇزۇنغا سوزۇلغان كاتتا ئىمارەتلەر ئىكەن. ئۇ 285 خانە، 46 مېھمان كۈتۈش زالى، ئالتە تۈركچە مۇنچا ۋە 68 تازىلىق ئۆيىدىن تەركىب تاپقان ئىكەن. خان سارىيى دېڭىز قىرغىقىنى بويلاپ 600 مېتىرغىچە سوزۇلغان بولۇپ، قۇرۇلۇق قىسمىدا يەتتە ئىشكى بار ئىكەن. ئۇنىڭ مۇنار شەكىلدىكى ئىككى ئىشىكىنىڭ بىرى تولىمۇ ھەشەمەتلىك ئىكەن. خان سارىيى ئاساسەن دېڭىز قىرغىقىنى بويلاپ قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار خان ئولتۇرىدىغان ئۆي، تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان زال، شەخسلەرنىڭ ئايرىم خانىسىدىن ئىبارەت پارالېل شەكىلدىكى ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان. خان سارىيىنىڭ تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان زالى تۆت چاسا شەكىلدە بولۇپ، ئىككى تەرىپىدە تولىمۇ چوڭ تاش تۈۋرۈكلەر ئورنىتىلغان. زالنىڭ تورۇ-

سىغا بەش يېرىم توننا ئېغىرلىقتىكى ئاسما چىراغ ئورنىتىل-
غانىكەن. خان سارىيىنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى خانىلىرد-
نىڭ ئىچىگە سەلتەنەتلىك ھەم چىرايلىق تۈركىيەنىڭ ۋە
چەت ئەلنىڭ ماي بوياق رەسىملىرى ئېسىلغان بولۇپ، ئا-
دەمنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىكەن.

19 ـ نويابىر بىز پاراخوتقا ئولتۇرۇپ بوسپورۇس
دېڭىز بوغۇزىنى سەيلە قىلىشقا باردۇق. بۇ دېڭىز بوغۇزى
يەنە ئىستانبۇل دېڭىز بوغۇزى دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. ئۇ شە-
مالدا قارا دېڭىز بىلەن، جەنۇبتا مەرمەر دېڭىزى ۋە ئوت-
تۇرا يەر دېڭىزى بىلەن تۇتىشىپ، ئاسىيا بىلەن ياۋروپا
قىتئەسىنىڭ چېگرا سىزىقى ھېسابلىنىدىكەن. ئىستانبۇل
دېڭىز بوغۇزى تۈركىيەنى ئاسىيا ۋە ياۋروپادىن ئىبارەت
ئىككى قىسىمغا ئايرىۋەتكەن بولۇپ، ئۇ ئاسىيا بىلەن ياۋ-
روپانى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم قاتناش تۈگۈنى، شۇنداقلا
قارا دېڭىز بويىغا جايلاشقان دۆلەتلەرنىڭ تاشقى دۇنيا
بىلەن ئالاقىلىشىدىغان بىرىنچى ئۆتكەل ھېسابلىنىدىكەن.
بۈگۈنكى كۈنلەردە ئىككى قىتئەگە جايلاشقان دۆلەتلەر
ئوتتۇرىسىدىكى سودا، ساياھەت قاتارلىق بېرىش ـ كېلىش-
لەرنىڭ كۈنسېرى كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىستانبۇل دېڭىز
بوغۇزىنىڭ ئورنى ۋە رولى تېخىمۇ مۇھىم بولغان. گەرچە
بۇ دېڭىز بوغۇزى ئايرىم ئىككى قىتئەگە تەۋە
بولسىمۇ، لېكىن ئىككى تەرەپتىكى مەنزىرىلەر بىر ـ بىرىگە
ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. ئىككى تەرەپتىكى زەيتۇن ئورمان-
لىقلىرى، بۆك ـ باراقسان، ئېگىز ـ پەس ئېدىرلىقلار، ياپيې-
شىل يايلاقلار، كۆپكۆك دېڭىز سۈيى بىلەن قۇياش نۇرى
جۇلالىنىپ تۇرغان قىزىل تورۇسلۇق داچىلار، ئېگىز
بىنالار ۋە كىچىك ئۆيلەر، خىلمۇ ـ خىل نۇر ۋە رەڭلەر
ئۆزئارا ماسلىشىپ، بىر ـ بىرىگە بەكمۇ ياراشقان ئىدى.
بىزانس ئىمپېرىيەسى، روماننى ئىمپېرىيەسى ۋە ئوسمانلى
ئىمپېرىيەسى دەۋرلىرىدىن قېپقالغان چېركاۋلار، مەسچىتلەر
ۋە خان ساراي، قەلئەلەر ۋە قەدىمكى ياغاچتا ياسالغان
كونا ئۆيلەر دېڭىز بويىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. بىز
ئولتۇرغان پاراخوت دېڭىزدا ئاستا سۈرئەتتە ئالغا قاراپ
ئىلگىرىلىمەكتە، بىز ئىككى قىرغاقتىكى گۈزەل مەنزىرى-
لەرگە نەزەر سېلىپ، ئۇلارنى تاماشا قىلدۇق. كۆڭلىمىز
باشقىچىلا ئېچىلىپ كەتتى. پېشىن ۋاقتى بولسا كېرەك،
بىزگە يېقىن قىرغاقتىكى مەسچىتتىن ئەزان ئاۋازى ئاڭلان-
دى. ئەگەر ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىمىغان بولساق، بىز ئۆزد-
مىزنى باشقا بىر ياۋروپا دۆلەتلىرىدە دەپ ھېس قىلغان
بولاتتۇق. دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى يۈز
يىلدىن ئاشقان ياغاچ ئۆيلەر بىلەن زامانىۋى ھەم ھەشە-
مەتلىك ياۋروپا پاسونىدىكى داچىلار بىر ـ بىرىگە شولا
تاشلاپ تېخىمۇ گۈزەل مەنزىرىلەرنى ھاسىل قىلغانىدى.
دېمەك، قەدىمكى ئۆيلەر بىلەن زامانىۋى قۇرۇلۇشلار، ھە-
شەمەت بىلەن ئاددىي ـ ساددىلىق روشەن سېلىشتۇرما ھا-
لىتىدە بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپتۇ. شۇنداقلا قەدىمي
يادىكارلىقلار بىلەن تەبىئىي مەنزىرىلەر جىمجىتلىق ئىچىدە
بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ. شۇ ئەسنادا مەن بىرەيلەن-
نىڭ يول باشلىغۇچىدىن «دېڭىز بويىدىكى داچىلارنىڭ با-
ھاسى قانداق»؟ دەپ سورىغىنىنى ئاڭلاپ قالدىم. يول
باشلىغۇچى: «بۇ يەردە ئۈچ داچىنى بىر قىلىپ سالدۇ،
ھەربىر يۈرۈش داچا تەخمىنەن 250 كۋادرات مېتىر
بولۇپ، باھاسى 300 مىلڭ دوللار ئەتراپىدا بولىدۇ»
دېدى. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا ئايرىم داچىلارنىڭ باھاسى
تېخىمۇ يۇقىرى بولۇشى مۇمكىن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا،
2011 ـ يىللىق سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، تۈركىيەنىڭ
كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان GDP سى 12000 دوللارغا
يېقىنلاشقان. ھازىر 1.8 تۈركىيە لىراسى بىر دوللارغا تەڭ
ئىكەن. دېمەك، تۈركىيە بازارلىرىنىڭ ئىستېمال سەۋىيەسى
بىلەن مال باھاسى بىرقەدەر يۇقىرى ئىكەن.

بىز پاراخوتتا ئىستانبۇل دېڭىز بوغۇزىنى ساياھەت
قىلىش جەريانىدا دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئۈستىدىكى ئىستانبۇل
چوڭ كۆۋرۈكىدىن ئىككى قېتىم ئۆتتۇق. دېڭىز بوغۇزد-
دىكى بۇ كۆۋرۈك ئاسما كۆۋرۈك بولۇپ، ئۇ بەئەينى بىر
ھەسەن ـ ھۈسەنگە ئوخشايدىكەن، كۆۋرۈك ئىككى قىر-
غاقنى تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى. كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1560
مېتىر، كەڭلىكى 33 مېتىر، كۆۋرۈك دېڭىز يۈزىدىن 64
مېتىر ئېگىزلىكتە بولۇپ، كۆۋرۈكنىڭ تۈۋرۈكى يوق
ئىكەن. ئىككى قىرغاقتىكى كۆۋرۈك مۇنارلىرى پولات
ئارغامچا ئارقىلىق كۆۋرۈكنى تىرەپ تۇرىدىكەن. ئاڭلىشى-
مىزچە، بۇ كۆۋرۈكتە 1970 ـ يىلى ئىش باشلىنىپ، 1973 ـ
يىلى رەسمىي قاتناش باشلانغان ئىكەن. بۇ كۆۋرۈك يەنە
«ياۋروپانىڭ بىرىنچى ئاسما كۆۋرۈكى» ۋە «دۇنيا بويى-
چە تۆتىنچى چوڭ ئاسما كۆۋرۈك» دېگەن ناملارغا ئې-

رىشكەنىكەن. چۈشتە بىز گالات كۆۋرۈكى ئاستىدىكى داڭلىق كۆۋرۈك ئۈستىدە قارماق بىلەن بېلىق تۇتىدىغان، كۆۋرۈك ئاستىدا مەخسۇس بېلىق تائاملىرى ئېتىدىغان بىر ئاشخانىدا تاماقلاندۇق. بۇ كۆۋرۈك سەل كىچىك بولۇپ، كۆۋرۈك بىر ئاز پاكار بولغاچقا، قاتناش ئەسلىھەلىرىمۇ يوق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ جايدا نەچچە يۈز ئادەم قارماقلىرى بىلەن بېلىق تۇتىشىدىكەن. دە، ئۈزگىچە بولغان كۆۋرۈك ئۈستىدە بېلىق تۇتىدىغان، كۆۋرۈك ئاستىدا بولسا بېلىق تائاملىرىدىن ھۇزۇرلىنىدىغان مەنزىرىلەر بارلىققا كەلگەن ئىكەن. دەسلەپتە مەن مۇشۇ ئالاھىدە كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدىلا بېلىق تۇتىدىكەن، دەپ ئويلاپ قاپتىمەن، كېيىن ئىستانبۇلغا كىرىپ - چىقىش جەريانىدا ئاستا - ئاستا بايقىدىمكى، دېڭىز بويىدىكى مۇۋاپىق جايلاردا بېلىق تۇتىدىغان ئادەملەرنى ئۇچراتقىلى بولىدىكەن. بۇنى دېڭىز پورتى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ دەم ئېلىش ۋە راھەتلىنىشىنىڭ بىر خىل شەكلى ھېسابلايدىكەن.

دېڭىز بويىدىن يېنىپ بىز سۇلتان ئەھمەد مەيدانىدىكى ئاياسوفىيە مۇزېيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا باردۇق. بۇ مۇزېينىڭ ئەسلى نامى سانىت سوپى چىركاۋى بولۇپ، مىلادىيە 325 - يىلى قۇرۇلۇش باشلىنىپ، خىرىستىيان دىنىنىڭ چىركاۋى بولغىنىغا 900 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بولغانىكەن. 17 - ئەسىردە سانىت پېتىر چوڭ چىركاۋ قۇرۇلۇشى باشلىنىشتىن بۇرۇن بۇ چىركاۋ دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ چىركاۋ ھېسابلىنىدىكەن. 13 - ئەسىرگە كەلگەندە ئوسمانلى ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان. مىلادىيە 1453 - يىلى سۇلتان مۇھەممەدنىڭ پەرمانى بويىچە چىركاۋنىڭ يېقىن ئەتراپىدا تۆت دانە ھەيۋەتلىك ئېگىز مۇنارلار قۇرۇلۇپ چىقىلغان، شۇنىڭ بىلەن سانىت سوپى چىركاۋى ئەڭ ئاخىرى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئايا سوفىيا مەسچىتى قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇپ چىقىلغانىكەن. 1932 - يىلىغا كەلگەندە تۈركىيەنىڭ دۆلەت ئاتىسى مۇستافا كامال ئاتا تۈركنىڭ بۇيرۇقى بويىچە مۇزېيغا ئۆزگەرتىلىپ، سىرتقا ئېچىۋېتىلگەنىكەن. ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئۇلۇغ قۇرۇلۇش لايىھەلىگۈچىسى سىنان سانىت سوپى چىركاۋىنىڭ ئەسلىدىكى بىزانىس ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىللە، ئۇنىڭغا ئوسمانلى ئىمارەت ئۇسلۇبىنى ماسلاشتۇرۇپ، چىركاۋنىڭ ئەسلي ھالىتىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا، ئۇنى ئۇستاتلىق بىلەن مەسچىتكە ئايلاندۇرۇۋەتكەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ قۇرۇلۇش ئىنسانلار تارىخىدىكى ئاجايىپ نەپىس ئىمارەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىكەن. مەن مۇزېينىڭ ئىچىنى كۆرۈپ شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئىككى خىل دىننىڭ جەۋھەرلىرى بىر - بىرىگە دەخلى - تەرۇز قىلماي بىر ئىمارەت ئىچىدە بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپتۇ. بۇنداق ئۇزاق تارىخ جەريانىدا بىر - بىرىگە تىنچ قارىشىپ تۇرۇشنىڭ ئۆزىنى ھەقىقىي دۇنياۋى مۆجىزە دېيىشكە بولىدۇ.

ئايا سوفىيا مۇزېيىدىن چىقىپ ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىگە جايلاشقان كونا خان سارىيى، يەنە توپكاپى سارىيىغا كىردۇق. بۇ ساراي دېڭىز بويىغا جايلاشقان بولۇپ، خان ساراي بولغىنىغا 400 يىلدىن ئاشقانىكەن. شۇنداقلا ئوسمانلى ئىمپېرىيەسى گۈللەنگەن دەۋرلەردە 25 نەپەر سۇلتان ئولتۇرغان ساراي ئىكەن. بۇ خان سارايدا 1453 - يىلى قۇرۇلۇش باشلىنىپ، 1478 - يىلى پۈتكەن بولۇپ، 1924 - يىلى يەنى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئىككىنچى يىلى رەسمىي مۇزېي قىلىپ سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن. خان سارايىنىڭ ئىچىدىكى ئېگىزرەك يەردە تۇرسا ياكى ئىمارەتلەرنىڭ ئۈستىگە چىقسىلا مەرمەر دېڭىزى بىلەن ئىستانبۇل دېڭىزىنى كۆرگىلى بولىدىكەن. توپكاپى خان سارىيى 700 مىڭ كۋادرات مېتىر يەرنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تۆت تەرىپىنى بەش كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قورۇق تام ئوراپ تۇرىدىكەن. خان سارايىنىڭ يەتتە چوڭ ئىشىكى بولۇپ، بۇ ئىشىكلەرنىڭ تۆتى قورۇقلۇققا، ئۈچى دېڭىزغا قاراپ تۇرىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ ئىشىك يەنى ئىمپېرىيە ئىشىكى ئاياسوفىيا مۇزېيى بىلەن قارىشىپ تۇرىدىكەن. خان سارىيى ئۈچ ھويلىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ھويلىسىدا ئوسمانلى ئىمپېرىيەسى دەۋرىدىكى خىرۇستال بۇيۇملىرى ۋە ئالتۇن - كۈمۈش بۇيۇملىرى ساقلىنىدىكەن. ئۈچىنچى ھويلىسىدا خانغا سالام بېرىش ئۆيى، كۇتۇپخانا، كىيىم - كېچەك، دۇنيا بويىچە ئىككىنچى چوڭ ئالماس تېشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈنچە - مەرۋايىتلار بار ئىكەن. پۈتكۈل خان سارىيىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى، قۇرۇلۇش شەكلى ۋە ئىچىدىكى بېزەكلەرنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن قويۇق ئىسلام مەدەنىيىتى تۈسىنى ئالغان بولۇپ، ئوسمانلى دەۋرىدىكى

خان ساراي ئىمارەتلىرىنىڭ ئۈلگىسى ھېسابلىنىدىكەن.

مېھمانخانىغا قايتىش يولىدا بىز ئىستانبۇلدىكى چوڭ بازار (GRAND BAZAAR)نى ئايلىنىپ كېلىشكە باردۇق. بۇ بازار ئىستانبۇلدىكى ئەڭ چوڭ سودا - سېتىق مەركىزى بولۇپ، بازاردا نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرى، رەڭدار ئەينەكلىك نەقىش بۇيۇملار، رەڭگى پارقىرايدىغان گىلەملەر، چىرايلىق ھەرخىل زىننەت بۇيۇملىرى، فار - فۇر بۇيۇملار، ئالتۇن - كۈمۈش بۇيۇملار، خۇرۇم بۇيۇملار، قىسقىسى، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك قاتارلىق ھەر خىل ماللار بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەمنىڭ دىققىتىنى بەكرەك تارتىدىغىنى يەنىلا نەپىس ئىشلەنگەن فار - فۇر بۇيۇملار ئىكەن. بۇيۇملارنىڭ ئىشلىنىشى ئىنچىكە، چىرايلىق، رەڭگى كۆركەم، تۈرى كۆپ، بۇيۇملارنىڭ ئۈستىگە سىزىلغان سىزىقچىلارمۇ شۇنداق نەپىس، نۇسخىلىرىمۇ شۇنچىلىك كۆپ ئىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ بازار دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئۆي ئىچى بۇيۇملىرى بازىرى ئىكەن. ئۇنىڭ كىرىش - چىقىش ئېغىزىدىن جەمئىي 26 سى، 4000 دىن ئارتۇق دۇكان بار ئىكەن. مەن بازارنى ئارىلاش جەريانىدا ئاسمان رەڭلىك بىر ئاچقۇچ زەنجىرىنى كۆرۈپ قالدىم. بۇ تېگى كۆك، ئاق رەڭ ئىچىدە بىر كۆك كۆزنىڭ نۇسخىسى بار، نۇرغۇن تاۋارلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرۈلگەن بىر كۆز ئىدى. شۇڭا بىر قانچە ئاچقۇچ زەنجىرىنى خاتىرە ئۈچۈن سېتىۋالدىم. تۈركىيەلىكلەرنىڭ دېيىشىچە، بۇ تۈرك كۆكى دېيىلىدىكەن، كىشىلەرنى نەس بېسىشتىن ساقلاپ، بەختكە ئېرىشتۈرۈشنىڭ سىمۋولى ھېسابلىنىدىكەن.

20 - نويابىر كەچتە بىز ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ تۈركىيەنىڭ 3 - چوڭ شەھىرى ھېسابلىنىدىغان ئىزمىر (Izmir) غا باردۇق. بۇ شەھەرنىڭ سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك كەسپى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ۋە مىقدارى مەملىكەت بويىچە 2 - ئورۇندا، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي دارامەت مەملىكەت بويىچە 3 - ئورۇندا تۇرىدىكەن. ئىزمىر تۈركىيەنىڭ مۇھىم پورت شەھىرى بولۇپ، «گۈزەل ئىزمىر» دەپ داڭ چىقارغان ئىكەن، شۇنداقلا ساياھەت، تارىخى مەدەنىيىتى بويىچە داڭلىق شەھەر ئىكەن. ئۇنىڭدا كۆپلىگەن مەنزىرىلىك ساياھەت نۇقتىلىرى، قەدىمىي خارابىلىكلەر بار ئىكەن. 15 - ئەسىردىن قېلىپ قالغان ھىسال مەسچىتى، مىڭ يىللىق قەدىمىي شەھەر خارابىسى ئېفەمىس، مەريەم ئانا كىچىك ئۆيى قاتارلىقلار بار ئىكەن. ئىككىنچى كۈنى سىم - سىم يامغۇردا بىز قەدىمىي شەھەر ئېفەسنىڭ خارابىسىنى كۆرۈشكە باردۇق. ئېفەس (Efes) بۈگۈنكى كۈنگىچە دۇنيا بويىچە ئەڭ ياخشى ساقلانغان ۋە رومانلى دەۋرىدىكى شەھەر خارابىسى بولۇپ، ئەينى زاماندا، كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلىنىڭ سودا - سېتىق ۋە پۇل مۇئامىلە مەركىزى بولغانىكەن. ئۇنىڭدا قەدىمكى گرېتسىيە مەدەنىيەت دەۋرىدىن تاكى رومانلى مەدەنىيەت گۈللەنگەن دەۋرگىچە بولغان قەدىمىي شەھەرنىڭ خارابىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، تۈركىيەدىكى ئېكسكۇرسىيە قىلىش قىممىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان جاي بولۇپ قالغان. مىڭ يىللىق قەدىمىي شەھەر ئېفەس ئىزمىر (IZMIR) شەھىرىنىڭ يېنىغا جايلاشقان بولۇپ، 11 - ئەسىردە قۇرۇلغانىكەن. كېيىن رومانلى دەۋردىكى كېڭەيتىپ قۇرۇش ۋە تەرەققىيات ئارقىلىق داڭقى چىققان شەھەرگە ئايلانغانىكەن. بىز ئالدى بىلەن ئارتېمىس (Artemis) ئىلاھ ئىبادەتخانىسى خارابىسىگە باردۇق. بۇ ئىبادەتخانا رومانلى دەۋرىدە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىمارەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىكەن. بۇ ئىبادەتخانا بىر نەچچە قېتىم بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسىمۇ، قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ئىكەن. ئەڭ ئاخىرىدا ئوت ئاپىتىدە ۋەيران بولۇپ، ھازىرقى قىسمى ئوتتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن غايەت زور تۈۋرۈكلەرنىڭ خارابىسى ئىكەن. بىز سىم - سىم يامغۇردا قەدىمىي شەھەر خارابىسىنىڭ مەرمەر تاش ياتقۇزۇلغان يولنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەپ ماڭدۇق. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە مەرمەر تاشتىن ئىنچىكىلىك بىلەن ئويدۇرۇلغان يول چىراغلىرى ئورنىتىلغان بولۇپ، ئىنتايىن ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدىكەن. مانا بۇنىڭدىن ئەينى چاغلاردىكى گۈزەل مەنزىرىلەرنى قىياس قىلغىلى بولىدىكەن. بىز يەنە مەرمەر تاش ياتقۇزۇلغان يولدا داۋاملىق مېڭىپ، ئېفەسنىڭ بەلگە خاراكتېرلىك ئىمارىتى بولغان كۇتۇپخانا خارابىسىگە باردۇق. ئۇ رومانلى دەۋرىدە قېپقالغان قۇرۇلۇش بولۇپ، پۈتۈن ئىمارەت ھەم ئېگىز ھەم كۆركەم ئىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئارىستوتېلغا ئوخشاش

مەشھۇر كىشىلەر مۇشۇ كۇتۇپخانىدا يېزىقچىلىق ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانىكەن. مۆلچەرلىنىشچە، شۇ زامانلاردا ساقلانغان كىتابلارنىڭ سانى 10 مىڭ پارچىدىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئۈچ چوڭ كۇتۇپخانىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىكەن. خارابىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى چىقىش ئېغىزى يېنىدا تېخىمۇ كاتتا قۇرۇلۇشتىن بىرى بولۇپ، ئۇ 250 مىڭ كىشى سىغىدىغان يۇمىلاق شەكىلدىكى ئۈستى ئوچۇق چوڭ تىياتىرخانا ئىكەن. بۇمۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ تىياتىرخانىلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىكەن. ئورۇندۇقلىرى تاغنىڭ يانباغرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولغاچقا، ئۇلار بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ تولىمۇ گۈزەل مەنزىرىنى ھاسىل قىلىدىكەن. تىياتىرخانىنىڭ ئۇدۇلىدا 500 مېتىردىن ئۇزۇنراق بىر چوڭ يول بار ئىكەن، چوڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىنتايىن كۆركەم مەرمەر تۈۋرۈكلەر تىكلەنگەنىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ چوڭ يول «رومانلى چوڭ يولى» دەپ ئاتىلىدىكەن ھەمدە ئېگېي دېڭىزىغا تۇتىشىدىكەن.

ئېفەس خارابىسىدىن چىقىپ بىز بۈۋى مەريەم ئانىنىڭ تۇرغان كىچىك ئۆيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بۈۋى مەريەم ئانا تۇرغان ئۆي ئىزمىر شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى 50 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئىسمى بۇلبۇل (bulbul) دەپ ئاتالغان بىر كىچىك تاغ باغرىغا جايلاشقان ئىكەن. بۈۋى مەريەم ئانا ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئانىسى بولۇپ، ئۇ ئۆمرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىنى مۇشۇ كىچىك ئۆيدە ئۆتكۈزگەنىكەن. ھازىر مەريەم ئانا تۇرغان ئۆي بىر چېركاۋغا ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، رىم كاتولىك دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى ھېسابلىنىدىكەن. بۇ تاش بىلەن ياسالغان كىچىك چېركاۋ ئىچىدە ئىككى قولى ئېچىلىپ تۇرغان بۈۋى مەريەم ئانىنىڭ ھەيكىلى بار بولۇپ، ئەتراپىدا نۇرغۇن شاملار يېقىلىپ تۇرىدىكەن. چېركاۋنىڭ سىرتىدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ھەمدە ئېتىقادى ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئىستەكلىرى ئۈچۈن ئېسىلغان لاتىلار بار ئىكەن.

شۇ كۈنى كەچتە بىز ئايروپىلان بىلەن تۈركىيەنىڭ يەنە بىر ساياھەت شەھىرى ــ دەنىزلى (Denizli)غا يېتىپ باردۇق. دەنىزلى تۈركىيەنىڭ جەنۇبىي غەربىي رايونىدىكى تاغلىق رايونغا جايلاشقان بولۇپ، ئىزمىر بىلەن بولغان ئارىلىقى 200 كىلومېتىر ئەتراپىدا كېلىدىكەن. ئىككىنچى كۈنى شۇ جايدىكى داڭلىق مەنزىرىلىك جاي پاختا قەلئەسى (pamuk kale)گە باردۇق. پاختا قەلئەسى دېگەن ئارشاڭ كۆپ جاي بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ غەلىتە ۋە ئالاھىدە تەبىئىي مەنزىرىسى ئارقىلىق ھەم خىيالى تۇيغۇ پەيدا قىلالايدىغان جاي ئىكەن ھەم ئاپئاق، ھەم يېڭى بىر مەنزىرىنى شەكىللەندۈرەلەيدىكەن. ئارشاڭلاردىن ئۈزلۈكسىز سۇ چىقىپ، تاغ باغرىدىن ئېقىپ چۈشكەچكە، تاغ باغرى پەلەمپەي شەكلىگە ئايلانغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارشاڭ سۈيىنىڭ ئىچىدىكى مىنېراللارنىڭ ئۇزاق مۇددەت چۆكۈشى سەۋەبىدىن ئاپئاق لاۋىلار پۈتۈن تاغ باغرىنى يېپىۋالغانلىقى ئۈچۈن، تاغ باغرى تەبىئىيلا ناھايىتى چىرايلىق ئاق رەڭگە ئايلىنىپ قالغان. بىز دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر بىلەن بىرلىكتە ئاياغلىرىمىزنى قولىمىزدا كۆتۈرۈپ ئارشاڭغا كىردۇق. يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىساق پەلەمپەي ئېتىز شەكلىدىكى ئارشاڭلار رەڭمۇ - رەڭ ئەينەككە ئوخشاش كۆرۈنىدىكەن. تۆۋەندىن يۇقىرىغا قارايدىغان بولساق، پۈتكۈل تاغ باغرى ئەمدىلا پارتلاپ بولغان يالقۇنتاغدەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدىكەن.

بىزنىڭ تۈركىيەدىكى قىسقىغىنا توققۇز كۈنلۈك سەپىرىمىز ئاياغلاشتى. ۋاقىت قىسقا بولسىمۇ، ئۈچ شەھەر ۋە ئون نەچچە ساياھەت نۇقتىلىرىنى سەيلە قىلىش ئارقىلىق بۇ دۆلەتكە بولغان تونۇشىمىز چوڭقۇرلاشتى. ئۆمىكىمىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تۈركىيەنىڭ پايتەختى ئەنقەرە، تۈرك ۋە ئىسلام سەنئىتى مۇزېيى، ئىستانبۇل ئارخېئولوگىيە مۇزېيى، قارا دېڭىز بويلىرى ۋە شەرقىي رايونلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلالمىغانلىقىمىزدىن تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇق.

تۈركىيەنىڭ دۆلەت ئاتىسى مۇستافا كامال ئاتاتۈرك رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلاب غەلىبە قازىنىپ، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلغاندىن باشلاپ، تۈركىيەنىڭ تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپە ئېچىلغانىدى. بۇ قېتىمقى ئىنقىلاب تۈركىيەنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مائارىپ ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈملىرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، سىياسىي بىلەن

دىن ئايرىۋېتىلگەن بۇرژۇئاچە جۇمھۇرىيەت قۇرۇپ چىقتى. بۇنىڭدىن باشقا مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئارقىلىق مائارىپ بىلەن دىننى ئايرىۋېتىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى، كۆپ ساندىكى دۆلەتلەر ئورتاق قوللىنىۋاتقان مىلادىيە كالېندارىنى يولغا قويدى. بۇ ئىسلاھات تەدبىرلىرى تۈركىيەنى زامانىۋى مەدەنىيەتنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، ئېچىۋېتىلگەن، كۆپ مەنبەلىك ۋە سىغىمچانلىقى چوڭ زامانىۋى جەمئىيەتكە ئايلاندۇردى. ھازىرقى تۈركىيە جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى پۇختا بولغاچقا، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئارىلىششى ۋە بىللە مەۋجۇت تۇرۇشنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدىكەن. ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر، تەبىقىلەر ۋە ئېتىقادتىكىلەر ئىناق بىللە ياشاپ كەپتۇ. دېمەك، قەدىمكى ئەنئەنە بىلەن ئوخشاش بولمىغان تارىخ ۋە زامانىۋى مەدەنىيەت ئۆزئارا ئارىلىشىپ، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپتۇ.

ئىستانبۇلنىڭ ھازىرقى ئاھالىسى 15 مىليوندىن ئاشقان بولۇپ، ھازىر يەنە ھەر يىلى 400 مىڭ كىشى كۆپىيىۋېتىپتۇ. شۇڭا ئاپتوموبىللارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ، يوللىرى ھەم تار ئىكەن. لېكىن، ئۈرۈمچىگە سېلىشتۇرغاندا ئىستانبۇلنىڭ قاتنىشى تولىمۇ رەتلىك ئىكەن. بىر ھەپتە تۇرۇش جەريانىدا بىز ماشىنا بىلەن كىرىپ - چىقىپ يۈرسەكمۇ يوللار شۇنداق رەتلىك بولۇپ، ماشىنىلارنىڭ مېڭىشلىرى شۇنداق تەرتىپلىك، قىستايدىغان، ياندايدىغان ئەھۋاللار يوق ئىكەن. يوللارنىڭ توسۇلۇپ قېلىش ئەھۋاللىرىمۇ يوق دېيەرلىك ئىكەن. دېمەك، ئۇلارنىڭ قاتناش جەھەتتىكى مەدەنىيلىكى كىشىنى شۇنچىلىك خۇش قىلىدىكەن.

تۈركىيەدىكى زىيارىتىمىزدە ئىستانبۇل، ئىزمىر، دەنىزلى (DENIZLI) ۋە باشقا يەرلەرگە بارغاندا كۆپ قېتىم غىزالاندۇق. گەرچە ئاشخانىلاردا ئادەم كۆپ بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا پاراڭلىشىپ غەۋغا چىقىرىدىغان، تاماق - غىزالارنى ئاشۇرۇپ قويىدىغان، يېمەك - ئىچمەك، كىرەكسىز نەرسىلەرنى قالايمىقان تاشلايدىغان ئەھۋاللارنى كۆرمىدۇق. تاماق تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، سوغۇق سەيلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىكەن. تۈركچە كاۋاپ (Kebap) دائىم بولىدىكەن، بۇلاردىن باشقا بېلىق كاۋىپى، دوخوپكىدا پىشۇرۇلغان ھەرخىل تۈردىكى تۈركچە نانلار، تاتلىق - تۈرۈملەر، گۆرۈچ ئاش، يېڭى كۆكتاتلار، يەنە تۈركىيەنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتى بولغان زەيتۇن يېغى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى باركەن. ئاشخانىلارنىڭ ئىچىمۇ شۇنچىلىك پاكىز، رەتلىك بولۇپ، غەيرىي پۇراق ۋە ئىس - تۈتەكلەرمۇ يوق ئىكەن. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىگە بولغان تونۇشىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدىكەن.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، دۇنيا بويىچە ئۈچ دۆلەت يېمەك - ئىچمەككە بىرقەدەر ئەھمىيەت بېرىدىكەن ھەمدە ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىمۇ بىرقەدەر چوڭ ئىكەن. ئۇلار بىرى شەرقتە دۆلىتىمىز جۇڭگو، ئىككىنچىسى غەربتە فىرانسىيە، ئۈچىنچىسى غەرب - شەرقنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان تۈركىيە ئىكەن. تۈركىيەنىڭ يېمەك - ئىچمەك قۇرۇلمىسى شەرق بىلەن غەربنىڭ ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، تېخىمۇ ئاممىۋىلاشقان، شۇنداقلا يېمەك - ئىچمەك بىر خىل مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا ۋە ھۇزۇرلىنىش شەكلىگە ئايلانغانىكەن. قىسقىسى، بىز ھېس قىلغان تۈركىيە ئاۋات، قايناق بولسىمۇ، سۆلەتۋاز ئەمەس بولۇپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئامىللىرى بىر - بىرىنى قوبۇل قىلىپ، بىر - بىرىنى تولۇقلاپ، زامانىۋىلىق بىلەن ئەنئەنىنىڭ ئاكتىپ ئامىللىرى بىر گەۋدىگە ئايلانغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىز يەنە پەقەت ھېس قىلىپ باقمىغان يەڭگىللىك ۋە تىنچ - خاتىرجەملىكنى ھېس قىلدۇق.

ئۇ يەردە ئالدىراش - تېنەشلىك، ۋاراڭ - چۇرۇڭ، غەۋغا ۋە ھارماي - تالماي مودا قوغلىشىش ھەمدە ئوخشىمىغان كىشىلەر توپىنىڭ بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەھۋاللار ئاساسەن يوق ئىكەن. ئۇلارنىڭ تىنچ - خاتىرجەملىك، ئەركىن - ئازادىلىك ۋە ئۆزئارا دەخلى يەتكۈزمەسلىك ئاساسىدا ھازىرقى زامان تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولۇشلىرى مەندە تولىمۇ چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

2013 - يىلى 26 - مارت، ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، پىروفېسسور.



ئوسمان قاۋۇل

# ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئەدەبىيات

ئەدەبىياتنىڭ ئوتى مېنى ھەرقاچان كۆيدۈرۈپ، تاۋلاپ كەلدى. مەيلى نەدە بولماي ئۇنىڭ ئىشقى - مېھرى ھەم سېغىنچى قەلبىمنى ئۆرتەپ، پىكرىمنى جۇلالاندۇرۇپ، كۆز ئالدىمنى نۇرلاندۇرۇپ تۇردى. ئەدەبىيات ماڭا يېڭى - يېڭى ئىلھام، كۈچ ۋە مەڭگۈلۈك ئۈمىدۋارلىق بېغىشلىدى.

بۇ يىل — 2012 - يىلى مەن ئىچكى ئۆلكىلەردە كۆپرەك تۇرۇپ قالدىم. يەنى 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە شاڭخەي يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن شاڭخەيدە ئۆگىنىش جەريانىدا شاڭخەي ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدىكى گې خۇڭبىڭ پىروفېسسور قاتارلىقلارنىڭ دەرسىنى ئاڭلاپ، جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى ۋە دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم نامايەندىلەرنىڭ ئىجادىيەت ئەھۋالىدىن يېڭىچە نۇقتىدا تۇرۇپ خەۋەردار بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. جۇڭگودىكى ئۈچ مەشھۇر يازغۇچىنىڭ بىرى بولغان ۋاڭ ئەنيى خانىم بىلەن بىۋاستە كۆرۈشۈپ، تاماقتا، پىكىر ئالماشتۇرۇشتا بولدۇم. ئۇنىڭ قولىدىن شاڭخەي ئۇنىۋېرسىتېتىدىن بېرىلگەن قىسقا مۇددەتلىك كۇرسنى پۈتكۈزگەنلىك گۇۋاھنامىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندا شۇ قەدەر ھاياجانلاندىم، داڭلىق ئەدىبلەردىن يې شىن، شۇ داۋجۇن، چېن مىڭ، جاۋ لىخۇڭ، زاڭ جيەنمىن، شۇ دالۇڭلارنىڭ ئاغزىدىن مويەن، جيا پىڭۋا، ۋاڭ ئەنيىلارنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىغاندا باشقىچە جانلانغان بولسام، جاڭ ئەيلىڭ، گوجىڭمىڭ، خەي زى، خەن خەن، لىيۇچىڭباڭ قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى، ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى ئاڭلاپ يېڭى - يېڭى پىكىر، تۇيغۇلارغا ئىگە بولدۇم. خەنزۇ ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر يازغۇچى با جىن ئاقسىقالنىڭ تۇرالغۇسىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىش، داڭلىق ئوبزورچى جۇ لىمىنىڭ لېكسىيەسىنى ئاڭلاش، شاڭخەي يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن ۋېنخۇي نەشرىياتى بىرلىشىپ شاڭخەيدە ئۆتكۈزگەن «غەيرەت ئاسىم ئەسەرلىرى مۇھاكىمە يىغىنى»غا قاتنىشىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدۇم. شاڭخەي كۇتۇپخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن «دېڭىزدىن سادا — تەڭرىتاغقا ئېھتىرام» نامىدىكى يازلىق دېكلاماتسىيە يىغىنىدا ئانا تىلىمدا نەسر دېكلاماتسىيە قىلىپ، ئۇرغۇلۇق ئاۋازىمنى شاڭخەي ساھىلى ئاسمىنىدا جاراڭلاتقاندا ئۆزۈمنى چەكسىز ئىپتىخار ۋە ھاياجان ئىلكىدە سەزدىم... ئىش قىلىپ يېڭىلىق كۆپ بولدى. ئەدەبىيات چاڭقىغان قەلبلەرنى تۇتاشتۇردى، ئىككى رايون، ئىككى ئىقلىمدىكى كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتى، مىجەز - خۇلقى، كۆز قارىشى، ھايات چۈشەنچىلىرىنى ئالماشتۇرۇشتا ئوبدان رول ئوينىدى. بۇ جەرياندا ئادەملەردىكى مېھىر - مۇھەببەتنى، كۆيۈم - سۆيۈم ھەم شەخسىيەتچىلىك، ئۆز بېشىمچىلىق، ياتلىشىش قاتارلىقلارنى تېخىمۇ ئېچكىرىلىگەن ھالدا تونۇپ يەتتىم. پىكىر سۆزلەر ئارا تاڭ شېئىرلىرى، يېپەك يولى مەدەنىيىتى، ئون ئىككى مۇقام، ئانا تىلدا يېزىقچىلىق قىلىشنىڭ ئەۋزەللىكلىرى ۋە ئەھمىيىتى، ۋاڭ ئەنيى، ھېمىڭۋاي، نېچشى، مو يەن، ئورخان پامۇك، مەمتىمىن ھوشۇر، باغراش قاتارلىقلار ھەققىدە خېلى چوڭقۇر، ئۆزگىچە قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى جۇڭگوغا يۈزلەندۈرۈش ھەققىدىكى ئىجادىي پەرەزلەر، مۇئەييەن پايدىلىنىشچانلىققا ئىگە تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئەلۋەتتە بۇلارنىڭ ماڭا بولغان پايدىلىق تەرەپلىرى ناھايىتى كۆپ بولدى. ئەدەبىياتنى، ئەدەبىيات ئەھلىنى سۆيۈش،

ھۆرمەتلەش، چوڭ بىلىشنىڭ شاڭخەيدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ئادەتكە ئايلانغانلىقى، يازغۇچىلارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلاردىن ئىپتىخارلىنىش، ئۇلارنىڭ روھى، ئەسەرلىرى، جەمئىيەتتىكى تەسىرنى ئىجابىي نۇقتىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈش شاڭخەيدە ئاساسەن ئومۇملاشقانلىقى مېنى تولىمۇ سۆيۈندۈردى. دوختۇرخانا، مېترو، كىتابخانا، دوك-پىرىستانلاردا ئۇلارغا ئالىدىن ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئەھۋالى ھەقىقەتەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن كۆپ ئۈستۈن ئىكەن. ئۇلار بىلەن تونجى تونۇشقاندا قىلغان ھەر بىر سۆزىدىكى «ئۇيغۇرلار ئۇزاق ئەنئەنىگە ئىگە ئۇلۇغ مىللەت، مەدەنىيىتى، تارىخى، ياشاش مۇھىتى جەھەتتىن شاڭخەيدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۆز يېزىقى، نەشرىياتلىرى، ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى جەھەتتىن بەزى مىللەتلەردىن ئىلغار تۇرىدۇ» دېيىشلىرى مېنى بىر ئەدەبىيات ئەھلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن خېلىلا ھاياجانلاندۇردى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەدەبىياتنىڭ كۈچ-قۇدرىتى، مۇھەببىتى، مەڭگۈ ئۆچمەس يالقۇنى ئىدى.

ئەپسۇسلانغان يېرىم: بۇ يەرلەردە ئومۇمىيلىقتىن شەخسىيەتچىلىك ئېغىر، ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە زىيادە كۈچەپ، باشقىلارغا ئېتىبارسىز قاراش، جۇڭگودەك بىر كۆپ مىللەتلىك ئائىلىدىكى بىزگە ئوخشاش قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى تاكى ھازىرغىچە تولۇق بىلمەسلىك ئەھۋالى بىر قەدەر گەۋدىلىك ئىكەن. شىنجاڭ دېسە نوقۇل ئۈرۈمچى، دەپلا ھېس قىلىش، قايسى جايلارنىڭ تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى ياكى شىمالىدا ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىك، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى بىردەك تاجىكلار ھاياتى تەسۋىرلەنگەن «مۇز تاغقا كەلگەن مېھمان» فىلمى ئارقىلىق ھېس قىلىش ئىكەن. بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ پەخرى» دەپ قارىلىدىغان ئەڭ چوڭ يازغۇچىلار ۋە يۇقىرى قاتلامدىكى زىيالىيلارنىڭمۇ بۇ نۇقتىنى بىلمەسلىكى مېنى بىر خىل ئەپسۇسلۇق تۇيغۇسىغا چۆمدۈرۈپ قويدى، ئەمما ئۇلارنىڭ بىزنى نېمە دەپ چۈشىنىشى يەنىلا ئۆزىمىزگە باغلىق مەسىلە بولۇپ، باشقىلاردىن زورلاپ يامانلاشقا قىلچە ھەددىمىز يوق ئىدى...

9 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن باشلاپ يەنە لەنجۇدا بىر مەزگىل تۇرۇشۇمغا توغرا كەلدى. لەنجۇ يىپەك يولىدىكى بىر شەھەر، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىغا جايلاشقانلىقتەك جۇغراپىيەلىك ئورنى بىلەن باشقا شەھەرلەردىن ئازراق پەرقلىنىدۇ. بۇ يەردىكى كىشىلەرگە ئومۇملاشقان بىر ئادەت — بىپەرۋالىق، يېڭىلىققا ئېتىبارسىز قاراشتا كۆپرەك ئىپادىلىنىدىكەن. بۇ يەردە ئەدەبىياتنىڭ قۇدرىتى ئۆز رولىنى تازا ياخشى جارى قىلدۇرالمىغاندەك بىر ھالەت مېنى بىر ئاز گاڭگىرىتىپمۇ قويدى. مەن بىر قىسىم شەھەر ئاھالىسى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، دوختۇرلار، زىيالىيلار قاتلىمىدىكىلەر، ئاخبارات خادىملىرى بىلەن پىكىرلىشىپ باقتىم. ئۇلار شاڭخەيلىكلەرگە قارىغاندا ئەدەبىياتنىڭ رولى، ئەھمىيىتىنى ئانچە چوڭ بىلىپ كەتمەيدىغاندەك ياكى چۈشەنمەيدىغاندەك قىلاتتى. ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يېنىغا جايلاشقان شىنخۇا كىتابخانىسىغا ئىككى قېتىم بېرىپ كىتابخانا خادىملىرى ۋە خېرىدارلارنى خېلى ئۇزاق كۆزىتىپ باقتىم. ئومۇمەن، ئۇلاردىكى قىزغىنلىق ئانچە كۈچلۈك ئەمەس ئىدى. مويەننىڭ كىتابلىرىنى ئايرىم تىزىپ قويۇپ چاپ-چاپ قىلىپ سېتىۋاتقان ئىشمۇ يوق ئىدى. پەقەت ئۇنىڭ «قىزىل قوناقلىقتا»نى قانداق يازدىم» دېگەن ئۇزۇن ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن بىرلا كىتابى ئىشىك تۈۋىدىكى كىتابلار دۆۋىسى ئارىسىدا بويۇن قىسىپ تۇرۇپتۇ. قارىغاندا لەنجۇدا ئۆزىنىڭ بىر يازغۇچىسىنىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكىدەك دۇنياۋى ئىشقىمۇ ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمەيدىغاندەك ھالەت دەۋر سۈرۈۋاتسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. بىلىشىمچە، بۇنداق سۇسلۇق ئېچكىرىدىكى باشقا شەھەرلەردە ئانچە ئېغىر ئەمەستەك قىلاتتى... 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى (چارشەنبە) مەن غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قورۇسىنى ئايلىنىپ چىقتىم، قورۇ ئىچىدە قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان بولۇپ، ئەتراپ سوغۇق كۆرۈنەتتى. ئۇ يەر، بۇ يەردە مۆكچىدىشىپ تۇرغان، بىر-ئىككەدىن توپلىشىپ تۇرغان ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى پەرۋاسىز ھالدا ماڭا ياتسىرىغان كۆزلىرى بىلەن قاراپ قوياتتى. ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارمۇ پات-پات ئۇچراپ تۇردى. ئەمما ياتسىراش، مەنسىتمەسلىك، كۆرەڭ نەزەر بىلەن قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىشكەنلىرىدە كۆڭلۈم سەل پەرىشان بولماي قالمىدى. بالىلىرىمىزدىكى سالام-سەھەت، مېھىر قېنى؟ دەپ سوئال قويدۇم ئۆزۈمگە. ئىجتىمائىي پەنلەر ئوقۇتۇش بىناسى، جۇڭگو ئىسلام دىنى تەتقىقات ئورنى، مەكتەپ قىرائەتخانىسى، گېزىت-ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى بىناسى، دوختۇرخانا، مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسى، مەكتەپ كومىتېتى بىناسى قاتارلىق جايلار مېنىڭ نەزەر دائىرەم ئىچىدە ئىدى. بۇ كۈنلەردىن بۇرۇنمۇ بۇ مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى قاتارلىق كەسىپلىرىدە ھەم لەنجۇ سودا ئىنستىتۇتى، غەربىي شىمال سانائەت پەنلىرى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيدىغان قاراماي، ئۈرۈمچى، مايتاغ، قەشقەر، كورلا، خوتەندىن كەلگەن بالىلار بىلەن قىسقا سۆھبەتلەردە

بولدۇم. پىكىرلىشىش جەريانىدا ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتى، پسىخكىسى، قىزىقىشى، مۇھەببەت ـ نەپرىتى، نىشانى، ئۆز مىللىي مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتىغا بولغان قارىشى ھەققىدە بەزى يەكۈنلەرگە ئېرىشتىم. كۆپىنچىلىرى شۇنداق ياخشى بولسىمۇ، ناھايىتى ئاز بىر قىسىملىرىدا پۇلغا چوقۇنۇش، چوڭلارنى، باشقىلارنى ئۆتكەنلەرنى كۆزگە ئىلماسلىق، ئابرۇيپەرەسلىك، مودا قوغلىشىش، كەلگۈسى نىشانى ئېنىق بولماسلىق، كىتاب ئوقۇماسلىق، ئاتا ـ ئانىسىغا زىيادە تايىنىۋېلىش، مۇستەقىل ھايات كەچۈرۈش ئىقتىدارى بولماسلىق، شەخسىيەتچىلىك، ئەنئەنىدىن، مېھىر ـ مۇھەببەتتىن ياتلىشىش خاھىشى ئېغىر ئىكەن. نەزەر دائىرىسى زىيادە تار بولۇش، كەلگۈسى نىشانى ھەققىدە ئېنىق كۆز قارىشى بولماسلىق ئەھۋالى بىر پاجىئە ئىكەن. بولۇپمۇ كىتاب ئوقۇماسلىق، كىتاب ساقلىماسلىق، ئۆز ئەدەبىياتىنىڭ، مەدەنىيىتىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىدىن بىخەۋەر يۈرۈش، دۇنيا ئىشلىرىنى بىرەر ناخشىچىنىڭ، بىر ئېيىقى ماركىنىڭ، بىرەر فانتازىيەلىك كىنونىڭ مودا بولۇشى بىلەن باغلاپ چۈشىنىش، ئۆزىنىڭ، ئۆز مىللىتىنىڭ، ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەسلىك بۇلاردىكى بىر «ئالاھىدىلىك» ئىكەن. ناھايىتى ئاز بىر قىسىملىرىنىڭ ئۆز كەسپىگە بېرىلىپ نەتىجە يارىتىشقا ئاساس سېلىشىنى ئويلىغىنىدىن باشقىلىرى ئومۇمەن يۇقىرىقى ئەھۋالدا ئىكەن. بۇ تەرەپ مېنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇردى. كۆڭلۈم بەكمۇ غەش ۋە يېرىم بولدى. ئىچىم ئاچچىق بولۇپ: « «بىز ئەجەبا ئاشۇنداق بىر تۇركۇم يارىماسلارنى، ھەشەم ـ دەرەمگە بېرىلىپ ئەيىنىنى ئۇنتۇغان، كىتابنى كۆزگە ئىلماي، ئۆزلىرىمۇ ھېچنېمە قىلالمايدىغان لايغەزەللەر توپىنى تەربىيەلەپ چىقتۇقمۇ؟ ئۇلار ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ئەجرى ـ ئەمگىكىنى، قان ـ تەرى بەدىلىگە تاپقان ھالال پۇللىرىنى، كۈتكەن ئۈمىدلىرىنى قايسى ھالغا چۈشۈرۈپ قويىغان ـ ھە؟!» دېگەنلەرنى ئويلىدىم، بۇ يەردىن مەن مەرھۇم يازغۇچىمىز زوردۇن سابىرنىڭ سايىسىنى، ئۇ ياراتقان ئۆلمەس سۆيۈملۈك قەھرىمان «ئەلا»نىڭ ئىزناسىنى، كىتابقا بولغان ئىشتىياقى جۇشقۇنلاپ تۇرغان روھىي دۇنياسىنىڭ بەلگىلىرىنى كۆرەلمىدىم. ئەمەلىيەتتە، بۇ مەكتەپلەر خېلى داڭلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرى بولۇپ، بۇ يەرلەرنى پۈتكۈزگەن خېلى كۆپ شەخسلەرنىڭ جەمئىيەتتە تېگىشلىك خىزمەت قىلىپ، ئورۇن ئىگىلەپ مىللەتنىڭ تەرەققىياتى، مەدەنىيىتى ئۈچۈن بىر كىشىلىك ئىش قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلەتتىم. ئەمما يۇقىرىقىدەك غايىسىزلىك بىلەن لاغايلاپ يۈرۈپ بەش ـ ئالتە يىلنى تۇشقۇزغان ئاتالمىش زىيالىيلارنىڭ جەمئىيەتكە قەدەم قويىغاندىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئىز ـ تىزسىز يوقىلىپ كەتكەنلىكىمۇ ماڭا كۈندەك ئايان ئىدى. ئەلۋەتتە بۇ دېگەنلىرىم ناھايىتى ئاز بىر قىسىم ئەھۋال، ئۇنى ھەرگىزمۇ ئومۇمىيلىق دەۋالغىلى بولمايدۇ.

مەن ئەدەبىيات، مەدەنىيەت، تارىخ، مىللەت روھى ھەققىدە يەنە بەزى خەنزۇلار بىلەن مۇڭدىشىپ، ئۇلارنىڭ بىزگە ـــ ئەدەبىيات ئەھلىگە بولغان قاراشلىرىنى سىناپ بېلىپ باقتىم، مۇڭداشقانلىرىمنىڭ ئارىسىدا 70 ياشتىن ھالقىغان ۋاڭ ئاقساقال بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىمنى خېلى قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بىلەن تەمىنلىدى. شۇ كۈنلەردە يەنى 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىكى خەلق تورى خەۋىرىدە جۇڭگودىكى ئەڭ مەشھۇر يازغۇچى مويەننىڭ «پاقا» رومانىدىكى «سېھرىي رېئالىزم ۋە خەلق ھېكايىلىرى، تارىخ ۋە بۈگۈنكى زامان جەمئىيىتىنى بىر گەۋدە قىلىپ يۇغۇرغانلىقى ئۈچۈن» 2012 ـ يىللىق «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەنلىكى ئېلان قىلىنغانىدى. جۇڭگودىكى نۇرغۇن گېزىتلەر، تور ـ تارقاتقۇلار بۇ خۇش خەۋەرنى بەس ـ بەستە ئېلان قىلىۋاتاتتى، ئۇ بوۋاينىڭ مويەننىڭ ئىجادىيەت ئەھۋالى، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى، جۇڭگو مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتى، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى، تارىخى، تەرەققىياتى ئەنئەنىسى ھەققىدىكى چۈشەنچىسى خېلى كەڭ دائىرىلىك ئىكەن. زو زۇڭتاڭ، ماشياۋۋۇ، ئېپارخان، جىگدە يېغىلىقى ھەققىدىكى تارىخىي بىلىملىرى، بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى، ھاۋا كىلىماتى، مېۋىلىرى ھەم سۆزلىرى ئارىسىدىكى ئەدەبىيات ھەققىدە ماقال ـ تەمسىللەرنى قوشۇپ قىلغان گەپلىرى خېلىلا ئوبيېكتىپ مەنبەلەر ئاساسىدىكى سۆزلەر بولۇپ مېنى خېلى سۆيۈندۈردى. بۇ كۈنلەردە مەن يەنە «لەنجۇ سەھەر گېزىتى»، «يازغۇچىلار پايدىلىنىش خەۋەرلىرى گېزىتى» قاتارلىق گېزىتلەرنى سېتىۋېلىپ ئاربلاپ ۋاراقلاپ تۇردۇم ۋە ئۇلاردىن ئۆزۈمگە يارىشا نەپ ئېلىپمۇ تۇردۇم. ئىش قىلىپ ئەدەبىيات مېنى ھەر يەردە ئۆز باغرىغا چىللاپ، ئۆزىنىڭ مەنىۋى سۈتلىرى بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇپ تۇردى. لەنجۇنىڭ ئەدەبىيات ئاسمىنى شاڭخەيىنىڭكىدەك سۈزۈك بولمىسىمۇ ھەر ھالدا بۇ يەردىمۇ بىر قەدەر ئەركىن پىكىر يوللىرى بار ئىكەن. كىشىلەر مەدەنىيەتكە، ئەدەبىياتقا ئىنتىلىش جەريانىدا ئۆلۈك نەزەر بىلەن ئەمەس، ئۆزلىرىگە نەپ بېرىدىغان نۇقتىدىن قىزىقىپ، ئەدەبىيات مەسىلىلىرىنى تەھلىل قىلىپ تېگىشلىك ئوزۇق ئېلىپ ماڭىدىكەن. ئەدەبىياتنىڭ بىر دەۋرنىڭ سىگنالى ئىكەنلىكىنى، ئادەملەرنىڭ ئىنتىلىش يوللىرىدا كەم بولسا بولمايدىغان مەنە-

ۋى قورال ئىكەنلىكىنى ھەرقاچان نەزەردىن ساقىت قىلمايدىكەن. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شۇنداق دەپ ئويلايمەنكى، ئەدەبىياتنىڭ بۇنداق ئاكتىۋال رولى مېنى يەنە بىر قېتىم روھلاندۇردى. غەم-ئەندىشىلىرىمنى بىر مەزگىللىككە بولسىمۇ ئۇنتۇلدۇرۇپ، قەلب ئېتىزىمنى ئۆزىنىڭ مەيىن شامالLIرى بىلەن يېنىك يەلپۈپ چىقتى ھەم مۇزلاشقا باشلىغان تۇيغۇلىرىمنى ئىللىتتى. بۇ لەنجۇدىكى ئادەتتىكى پۇقراۋى قاراشتا بىر قەدەر ئومۇملاشقان ئەھۋال ئىكەن. ئەمما يەنىلا ئۆز مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىش، كۆز ئالدىدىكى بايلىققا ئىنتىلىش ئومۇمىي ئىنسانلارغا ئورتاق پىسخىكا بولۇش سۈپىتى بىلەن يەنىلا بىر ئاز گەۋدىلىك ئىكەن. شۇنداقتىمۇ بۇ يەردىكى كۆزىتىشىم، تەھلىل قىلىشىم، ئېرىشكەنلىرىم ھەرھالدا مېنى خېلى رازى قىلدى. چۈنكى، بۇ جۇڭگو ئەدەبىياتى قەددىنى كۆتۈرگەن، دۇنياغا ئۆزىنىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن مويەندەك كاتتا يازغۇچىسى بارلىقى بىلەن كېرىلىپ قاراۋاتقان كۈنلەر ئىدى.

مەن ئۆز پىكرىمنى تۈز، ئاددىي-ساددا، بوياقسىز تىل بىلەن بايان قىلىمەن. بۇ پىكىرلەر كاللامغا جەمئىيەتنى، ئادەملەرنى كۆزىتىش، ئۆگىنىش ۋە بايقاشلىرىم ئاساسىدا كەلگەن. مەن ھەرگىز ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ كاللىسى بىلەن، نېچشىنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بىلەن تاگورنىڭ ياكى ھېمىڭۋاينىڭ بايان قىلىش مېتودى بىلەن ۋە ياكى خانىس كىرىستىئان خوف [1] نىڭ ئىدىيەسى بىلەن سۆزلىمەيمەن. گەرچە قىلىۋاتقىنىم تومتاق، ساددا، سىيدام گەپلەر بولسىمۇ، ئەدەبىياتنىڭ ماڭا بەرگىنىگە يارىشا مەنمۇ جەمئىيەتنى، كىشىلەرنى، نەرسىلەرنى ئۆز خاھىشىم بويىچە كۆزىتىپ يەكۈن چىقىرىشقا ئادەتلەنگەنمەن. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى كۈنلىرىمدە شۇنى بايقاپ يەتتىمكى، ئەدەبىياتنىڭ ئۇلۇغلۇقى مىللەت، مۇھىت ئايرىمىغان ھالدا پىكىر ئەركىنلىكى، يېڭى ئىدىيە ھەم روھىي پاكلىق زېمىنىدا تېخىمۇ گەۋدىلىنىدىكەن. مەسىلەن: 2012-يىلى 9-ئاينىڭ 17-كۈنى يازغۇچىلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش ئىتتىپاقىنىڭ ۋەكىلى خې ما، مۇرۇڭ، شۇسۇن قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ «بەيدۇ تورى» مەشھۇر يازغۇچى خەن خەننىڭ «نۆلدىن تۆۋەن بىر گىرادۇس» قاتارلىق ئۈچ ئەسىرىنى قالايمىقان ئىشلەتكەنلىك توغرىسىدا بۇ تورنىڭ ئەدەبىيات ئامبىرى ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ 760 مىڭ يۈەن تەلەپ قىلغانلىق دېلوسى قاتارلىق 14 دېلونىڭ يەتتە پارچىسى ئۈستىدىن بېيجىڭ شەھىرى خەيدەن رايونلۇق سوت مەھكىمىسىدە تۈنجى قېتىم ئوچۇق سوت ئېچىلىپ، خەن خەنگە 745 مىڭ يۈەن تۆلەم بېرىش ھۆكۈمى چىقارغانلىق توغرىسىدىكى خەۋەر بۇ قارىشىمىزغا دەلىل بولالايدۇ، ئەمما بىزنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تېخى بۇنداق ئىش كۆرۈلۈپ باققىنى يوق، بۇ ماھىيەتتە ئەدەبىياتنىڭ ئۆز-ئۆزىنى قەدىرلەشكە يۈزلىنىۋاتقانلىقىنىڭ بىر تىپىك ئىپادىسى، خالاس.

خۇلاسە كالام: ئىچكى ئۆلكىلەردە ئەدەبىياتنىڭ بۇنداق شەكىلدە جۇشىنلىشى ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانىيەت ئورتاق مەدەنىيىتىنىڭ روھىغا ئۇيغۇن ھادىسە بولۇپ، ئۇنىڭ روھى، ھېكمەتلىرى، تەتبىقلىنىشى، پايدىلىنىش قىممىتى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۈنۈمدارلىقى ھەممىگە بىردەك تونۇلۇشى لازىم بولغان ئەھۋالدۇر، بىزدىكىدەك بىرسىگە كەمسىتىش نەزەرىدە قاراش، بىرسىگە چوقۇنۇش ھېسسى بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا سېلىشتۇرغاندا ئەدەبىياتنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردە يەنىلا بىر قەدەر ئېتىبارغا ئېلىنىشى ھەقىقەتەن ئادەمنى سۆيۈندۈرمەي قالمايدۇ.

---

[1] خانىس كىرىستىئان خوف (گېرمانىيە) — 1956-يىلى تۇغۇلغان. ميۇنخېن، پارىژ، بوردولاردا تارىخ ئۆگەنگەن. «سېفىنكس — تارىخنىڭ مەخپىيىتى» ناملىق كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولغان. تارىخشۇناس، نېمىس تىلى، سىياسىي، ئىجتىمائىي پائالىيەت تەتقىقاتى بويىچە نوپۇزلۇق شەخس. 1984-يىلدىن باشلاپ ZDF (گېرمانىيە 2-تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى) نىڭ باشلىقى بولغان. ئۇنىڭ يەنە «رىم دەۋرىدىكى ئەسەبىي شەخس — خاننىبال ۋە چىن شىخۇاڭنىڭ لاي ھەيكەل قەبرىستانلىقى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

خاننىبال — (مىلادىدىن بۇرۇنقى 246-يىلى) 18 يىل كۈرەش قىلىپ قۇدرەتلىك رىم ئىمپېرىيەسىنى قۇرغان ۋە 63 يېشىدا بابىسادا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان.

**پايدىلانمىلار:**

1. «رىم دەۋرىدىكى ئەسەبىي شەخس — خاننىبال ۋە چىن شىخۇاڭنىڭ لاي ھەيكەل قەبرىستانلىقى» (خەنزۇچە)، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەن نەشرىياتى، 2000-يىلى 1-ئاي نەشرى.

2. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى خەنزۇچە «جۇڭگو يازغۇچىلار پايدىلىنىش خەۋەرلىرى گېزىتى»نىڭ 2012-يىلى 9-ئاينىڭ 28-كۈندىكى سانى 11-بەت.

2012-يىلى 10-ئاينىڭ 18-كۈندىن 11-ئاينىڭ 6-كۈنىگىچە لەنجۇدا يېزىلدى.

---

ئاپتور: «مايىۇلاق» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە.



# دېڭىز بويىدىكى نەم خىياللار

رۇقىيە ئابدۇللا

**تۇنجى قەدەم**

ناھىيە ئىچىدىن غەربكە قاراپ 12 كىلومېتىرچە يىراقلىقتا جايلاشقان كۇچا يېڭى ئايرودۇرۇمى پۈتتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگىلى ئانچە ئۇزاق بولمىغانىدى. مەن ھەمراھلىرىم بىلەن كۈتۈش زالىدا ئولتۇرۇپ سىرتقا نەزەر تاشلىدىم. قارىماققا زور كۆلەمدىكى ئايرودۇرۇمنىڭ يەنە پۈتتۈرۈلۈشكە تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلىرى باردەك قىلاتتى. مەن سەھەردە ئۈرۈمچىدىن ئېلىپ كەلگەن يولۇچىلارنى چۈشۈرۈۋېتىپ، نۆۋەتتىكى سەپەرنىڭ ھازىرلىقىنى ئىشلەۋاتقان ئايرودۇرۇم خادىملىرى ۋە ئايروپىلاننىڭ ھەيۋەتلىك سىرتقى گەۋدىسىگە قاراپ خىيالغا پاتتىم. چېڭدۇ، خاڭجۇ، بېيجىڭ ئايرودۇرۇمى ۋە ئۈرۈمچى ئايرودۇرۇمىدىكى پاراتتىن ئۆتۈشكە تىزىلغان ئەسكەرلەردەك تۇرۇپ كەتكەن ھەر خىل تىپتىكى ئايروپىلانلارغا قاراپ تەرەققىياتنىڭ قۇدرىتىنى تېخىمۇ چۈشەنگەندەك بولغانىدىم. نيۇيورك، لوندون، ئىستانبۇللاردا ئۇ خىل تۇيغۇ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىشى مۇمكىن... كىم بىلىدۇ، يەنە نەچچە يىللاردىن كېيىن بىزنىڭ بۇ ئايرودۇرۇمىمىزمۇ نۆۋەتچى ئايروپىلانلار تىنماي كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغان بىر كاتتا مەركەزگە ئايلىنامدۇ تېخى !؟ يەنە بىزنى تېخىمۇ چوڭ شەھەرلەرگە، چەت ئەللەرگە چىقمايدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ ؟... مەن ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن ئايروپىلان مۇلازىمەتچىسىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن تەڭ ئايروپىلانغا چىقىش ئىشىكىگە قاراپ كېتىۋاتقان ھەمراھلىرىمغا ئەگەشتىم. غايەت قاناتلىرى بىلەن سامانى تىترىتىپ ئۆتىدىغان بۇ زور «قۇش» ئەمدى مېنى ھەيران قالدۇرالمايتتى، لېكىن قەلبىمنىڭ چوڭقۇرلۇقىدا تېپىرلاپ تۇرغان بىر ھاياجان ھە دېگەندە كۆزلىرىمدىن تېشىپ چىقىشقا ئالدىرايتتى. ئەتىگەندە مۇشۇ يەردىن يولغا چىققانچە كەچكىچە نەچچە مىڭ كىلومېتىرلىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ كەچتە مەنزىلگە يېتىپ بارالايمىز. سەھەردە تەكلىماكاننىڭ سېھىرلىك بارخانلىرىدىن يۆتكىگەن قەدەملىرىمىزنى كەچتە دېڭىزنىڭ نەم شاماللىرى سۆيۈپ تۇرغان ساھىلغا قويالايمىز. يۇرتىمىزدا بۇ ئەۋزەللىك بارلىققا كەلدى، يەنە مۇشۇ ئايرودۇرۇمدىن نۇرغۇن جايلارغا بارالايمىز تېخى... مەن ئەنە شۇنداق سۆيۈنۈش، ئىپتىخار، غۇرۇر تۇيغۇسى ئىچىدە ئاستا كۆككە ئۆرلىدىم...

بىر سائەت ئەتراپىدا ئۇچقاندىن كېيىن بىز ئۈرۈمچى ئايرودۇرۇمىغا كېلىپ خاڭجۇغا بارىدىغان نۆۋەتچى ئايروپىلاننى كۈتتۇق. كۆزىمىزدە مەنزىلگە تېزرەك يېتىپ بېرىش ئىستىكى يالتىرايتتى. كۈتۈش زالىدا ئولتۇرۇپ تۈرلۈك چىرايلاردىكى مەنىلەرنى ئوقۇشمۇ ئادەمگە ئۆزگىچە بىر ئوي ئاتا قىلىدىكەن. رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ۋىلايەتلەرگە بارىدىغانلاردىن تارتىپ رايون ھالقىغان، دۆلەت ھالقىغان مەنزىللەرنى نىشان قىلغانلارنىڭ چىھرىدە ئوخشاشلا بىر خىل جىددىيلىك، ھارغىنلىق ئەكس ئېتىپ تۇرغاندەك تۇيۇلاتتى. سىرتقا چىقماي تۇرۇپمۇ، بۇ كىچىككىنە دۇنيادا ئوخشاشلا ھاياتلىق ھەققىدىكى ئەڭ نادىر ئەسەرلەرنى ئوقۇغىلى بولاتتى.

2012 - يىلى 16 - مارت. بۈگۈننىڭ ئىچىدە 2 - قېتىم

ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ خاڭجۇغا قاراپ يولغا چىقتۇق.
«ھەر كاللىدا ھەر خىيال» دېگەندەك كۇچادىن نىڭبو شە-
ھىرىگە قاراپ يولغا چىققان 15 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ كاللى-
سىدا شۇ تاپتا 15 خىل خىيال، تەلپۈنۈش، ئەزگۈلۈك
ئەگىپ يۈرەتتى. بىز شىئەندە توختاپ ئۆتكەن يېرىم
سائەت ۋاقىت ماڭا تولىمۇ يېقىملىق تۇيۇلدى. ئۆتكەن
يىلى سەددىچىن سېپىلىغا قەدەم باسقاندا پەيدا بولغانغا
ئوخشاش بىر خىل تۇيغۇ مېنى ھەدەپ گۈگۈم پەردىسى
ئىچىدە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شاۋقۇنلىرىغا ئۇنسىز قۇلاق
سېلىپ ياتقان شىئەننىڭ كەچمىشلىرىگە سۆرەيتتى. تالاي
ئەللەرنىڭ كۆزى تىكىلگەن، تالاي سەلتەنەتلەرنىڭ ھۆ-
كۈمدارلىق مەركىزى بولۇپ كەلگەن بۇ شەھەر چۈشلىرى-
دىكى ئات تۇياقلىرىنىڭ سوكۇتلىرىدە ئۆزىنى تىڭشاۋاتقان-
دەك جىمجىت ئىدى.

بىز بېيجىڭ ۋاقتى كەچ سائەت 12 لەر بىلەن خاڭجۇ
ئايرودۇرۇمىغا قوندۇق. ئېسىل تەرىپلىرى بىلەن ئاڭلىغا-
نلا ئادەمنى تەلپۈندۈرۈپ كەلگەن گۈزەل شەھەر خاڭجۇ
رەڭدار چىراغلار ئارىسىدا چاقناپ تۇراتتى. بىز نىڭبو شە-
ھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن بىزنى كۈتۈۋېلىشقا ئورۇن-
لاشتۇرۇلغانلارنىڭ باشلىشى بىلەن ماشىنىدا ئىككى سائەت-
تىن كۆپرەك يول يۈرۈپ نىڭبو شەھەرلىك پارتىيە مەكتىپى-
گە يېتىپ كەلدۇق، ياتىقىمىز شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغا-
نىدى.

غەربنى ئېچىش، ساھەلەر بويىچە شىنجاڭغا ياردەم
بېرىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن نىڭبو شەھىرىنىڭ
يۆلەش نۇقتىسى بولغان كۇچا ناھىيەسى يېقىنقى ئىككى
يىلدىن بۇيان نىڭبودىن ياردەمگە كەلگەن ھەر ساھە خا-
دىملىرىنى قوينىغا ئېلىش بىلەن بىللە، يەنە ھەر كەسىپ،
ھەر ساھە بويىچە تۈركۈمگە بۆلۈپ ئىشچى- خىزمەتچىلەر-
نى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش مەقسىتىدە نىڭبوغا ئەۋەتىۋاتاتتى-
تى. بۇ نۆۋەت مەن قاتارلىق بىللە كەلگەن 15 ئوقۇغۇچى-
مۇ مائارىپ سىستېمىسى بويىچە 2- تۈركۈمدە 2012- يىلى
16- مارتتىن 26- ئىيۇنغىچە 100 كۈندىن كۆپرەك
مۇددەت بىلەن ئۆگىنىش ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇشقا كەل-
گەنىدۇق. مەن نەزەرىمنى ئېلېكتىر چىراغلىرىنىڭ غۇۋا يو-
رۇقىدا قارىيىپ تۇرغان بىنالاردىن سوغۇق قاراپ تۇرغان
يۇلتۇزسىز كېچە ئاسمىنىغا يۆتكىدىم. ئاخشام مەن بىلەن
خوشلاشقان نۇرلۇق يۇلتۇزلارنىڭ بىرەرسىمۇ كۆرۈنمەيت-
تى.

بىز تېزلا ئورۇنلىشىۋالدۇق. دە يېڭى ماكانىمىزدا
ھارغىنلىققا ئەسىر بولغان تېنىمىزنى شېرىن ئۇيقۇنىڭ قولىغا
تاپشۇرۇپ، نىڭبودىكى تۇنجى كېچىنىڭ قوينىغا سىڭىپ
كەتتۇق.

### يېڭى ماكاندا

17- مارتتىن باشلاپ نىڭبودىكى يېڭى ھاياتىمىز باش-
لاندى. ياتاق بىناسىنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان بوككى-
دە يېشىلچىلىق ئەمدىلا قىشلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىشقا
باشلىغان دەل- دەرەخلەر ئوراپ كەتكەن تۇيغۇمىزغا
سىڭىپ كىرىشكە باشلىغاندا ئۆزىمىزنى باشقىچە يەڭگىل
سېزىشكە باشلىدۇق. لېكىن ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقى «ئۇ تە-
رەپلەر ئاللىقاچان ئىسسىپ كەتتى» دېگەن خاتا قاراش
بىلەن يېلىڭغاق كىيىنىۋالغان ئۈچىمىزنى بىئارام قىلىپ كەي-
پىمىزنى ئۇچۇراتتى.

بىز ئورۇنلاشقان پارتىيە مەكتىپىنىڭ دائىرىسى خېلىلا
كەڭرى بولۇپ، ھەرقايسى بىنالارنىڭ ئەتراپىنى زىچ
ئوراپ تۇرغان تۈرلۈك دەل- دەرەخلەر، گۈل- گىياھلار
ۋە ئەتراپىغا تاش تاغلار ئېلىنغان كۆلگە سايە تاشلاپ
تۇرغان زىچ مەجنۇنتاللار مەكتەپ قورۇسىغا ئالاھىدە
ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. بىز ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقىغا باقماي
كۆكىرىپ تۇرغان رەت- رەت بامبۇكلارغا، گۈللىرى
ئاپئاق ۋە قىپقىزىل ئېچىلىپ كەتكەن دەرەخلەرگە زوقلى-
نىپ قاراپ مەھەللىمىزدىكى دەرەخلەرنى، باغ- ھويلىلىرى-
مىزنى بېزەپ تۇرىدىغان تەشتەكلىرىمىزدىكى گۈللەرنى
كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ كېتەتتۇق. شۇنداق قىلىپ
بۈگۈن بىر كۈن نىڭبو ھەققىدىكى دەسلەپكى تەسىراتلىرى-
مىز بىلەن تېخى نۇرلۇق جامالىنى كۆرۈشكە ئۈلگۈرمىگەن
قۇياشنى ئاسانلا ئالتۇن قەسرىگە ئۇزىتىپ قويدۇق.

2- كۈنى ئەتىگەندە بىز ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە
نىڭبو شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ بىزنى قارشى
ئېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئورۇنلاشتۇرغان يىغىنىغا قاتناش-
تۇق ۋە شۇ يىغىندىن كېيىن ئۆزىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن-
كى ئۈچ ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە نېمە قىلىدىغانلىق-
مىز ھەققىدە دەسلەپكى نىشانىنى بەلگىلىۋالدۇق. يۇرتىمىز-
دىكى نۇرغۇن ئادەملەرنى جەلپ قىلىپ تۇرغان بۇ پۇرسەت-

نىڭ بىزگە نېسىپ بولۇشىمۇ بىزنى ئۆزىمىزنىڭ ھەر بىر
مىنۇت ۋاقتىمىزغا مەسئۇلىيەت بىلەن قاراشقا رىغبەتلەندۇ-
رۇپ تۇراتتى.

مېنىڭ بۇ ئوخشىمىغان رايون مەدەنىيەت مۇھىتىدىكى
ئۆزۈمگە تەسىر قىلغان ئىشلارنى باشتىن- ئاياغ خاتىرىلەپ
ساقلىغۇم، زۆرۈر بولغاندا بۇ خاتىرەمدىن باشقىلارنىمۇ
بەھرىمەن قىلغۇم بار، لېكىن قەلىمىمنىڭ ئوي ۋە تۇيغۇلى-
رىمنى قانچىلىك خاتىرىلەپ ماڭالايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن،
شۇنداقتىمۇ بۇگۈن قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

1

بۇ قېتىم بىللە كەلگەن بەش نەپەر ئۇيغۇر ئوقۇتقۇ-
چى ھەرقايسى مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلىندۇق. نىڭبو شە-
ھەرلىك 15- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىشخانا مۇدىرى جاڭ مۇ-
ئەللىم بەرگەن ۋەدىسى بويىچە 19- مارت ئەتىگەن سائەت
يەتتە يېرىم بىلەن بىزنى ئالغىلى كەلدى. ئۇلارنىڭ دەل
يەتتە يېرىم بىلەن يېتىپ كېلىشى بىزنىڭمۇ دەل يەتتە يې-
رىمغا ئۈلگۈرۈپ ئىشىك ئالدىدا كۈتۈپ تۇرۇشىمىز بىزنى
ۋاقىت قارىشى ھەققىدىكى ئازادە تۇيغۇغا ئىگە قىلغاندى-
دى...

قىزغىن پاراڭ بىلەن بىردەمدىلا مەكتەپكە كېلىپ قال-
غاندۇق. ۋۇ مۇدىر (بىز كەلگەن مەكتەپنىڭ مۇدىرى) ۋە
جاڭ مۇئەللىمنىڭ قىزغىنلىقى مېنى تونۇگۈنكى كۆڭۈلسىز
تۇيغۇلاردىن ۋە بۇ يەرگە قەدەم قويغاندىن بۇيانقى ئىپا-
دىلىگۇسىز بىر خىل غېرىبلىقتىن ئاستا- ئاستا تارتىپ چىقار-
دى.

بىز مۇدىر ئىشخانىسىدا يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلىرىمىز
كىرگىچە بىز بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كىرگەن جۇڭ مۇ-
ئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى ۋە مەكتەپ ئىشچىلار ئۇيۇشما
رەئىسى يۇ مۇئەللىم بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. ۋۇ
مۇدىر بىزگە چاي قۇيۇپ بولغاندىن كېيىن قىزىقارلىق
قىلىپ نىڭبو تىلى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى:

— بىزنىڭ بۇ يەردە ھېچقايسىمىز ئۆلچەملىك تىلدا
(普通话) ياخشى سۆزلىيەلمەيمىز. ئۇنىڭدا ئالغان ئىمتى-
ھان نەتىجىمىزمۇ ناھايىتى تۆۋەن. سىلەر ياخشى سۆزلەي-
دىكەنسىلەر، ئۆزۈڭلارنىڭ تىلىدىن باشقا يەنە بۇ تىلنى
ئوبدان بىلىدىكەنسىلەر. يەنە چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش
زۆرۈرىيىتى سىلەرنى ئالدىرىتىدۇ، سىلەرگە ھەقىقەتەن
ئاسان ئەمەسكەن، قالتىسكەنسىلەر. بىزنىڭ بۇ يەردە بىر
يەرنىڭ گېپىنى يەنە بىر يەردىكىلەر بىلمەيدۇ. ھەممىمىز-
نىڭ ئايرىم تىلىمىز باردەكلا، يېزىلار بىلەن يېزىلار ئوت-
تۇرىسىدىمۇ شۇۋە پەرقى چوڭ، بوش تۇرساق تىلىمىزنى
ئۇقۇشماي قالىمىز، — يەنە مۇنداق بىر ئىشنى ناھايىتى
قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بەردى، — بىر قېتىم ياپونىيە-
دە بىر ئىلمىي تەتقىقات يىغىنى ئېچىلىپتۇ، ئۇ يەرگە دۆلىتى-
مىزنىڭ ھەرقايسى چوڭ شەھەرلىرىدىن بارغان ۋەكىللەرمۇ
ئانچە تونۇشۇپ كەتمەيدىكەن. يىغىن ئاخىرىدا بېيجىڭلىق-
لار شاڭخەيدىن بارغانلاردىن «سىلەر ياپونىيەلىكمۇ؟»
دەپ سوراپتۇ، بۇ چاغدا نىڭبودىن بارغانلار ئۆزلىرىنىڭ
ياپونىيەلىك ئەمەس، ئوخشاشلا جۇڭگولۇق، يەنى شاڭ-
خەيدىن بولۇپ يۇرتىنىڭ نىڭبو ئىكەنلىكىنى، نىڭبولۇقلار-
نىڭ تىلىدىكى تەلەپپۇز جەھەتتە ياپون تىلىغا بولغان يېقىن-
لىق ئۇلاردا شۇنداق خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپ قويغانلى-
قىنى ئېيتىپتۇ. بىر قېتىملىق كىچىككىنە ئۇقۇشماسلىق ئو-
ڭايسىزلىق ۋە ئويلىنىش يوشۇرۇنغان كۈلكە بىلەن ئاخىر-
لاشقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئېسىدىن چىق-
مايدىغان ئىش بولۇپ قاپتۇ.

مەن بۇ قىسقا ھېكايىنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدىم،
بىزمۇ تىلىمىزنى قېلىپلاشتۇرىمىز دەپ بۇ ھەقتە تۈرلۈك
مۇھاكىمە ۋە تالاش- تارتىشلارمۇ بولدى، مېنىڭچە بىزنىڭ
يەنىلا تىلىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىدىن باشقا يەنە
تىل مۇھىتى جەھەتتىمۇ نۇرغۇن ئەۋزەللىكىمىز باركەن.
كاللىمىز ھەممىنى يامانغا ئۆرۈپ ئادەتلىنىپ قالغانمىدۇ
ياكى بۇ مېنىڭ كاللامدىكى مەسىلىمۇ؟ ئەگەر رايونىمىزدى-
كى ھەممە يۇرتنىڭ تىلى بىر قېلىپتىن چىققان خىشتەك
ئوخشاش بولۇپ قالسا، بىز تېخىمۇ سۈنئىي ئادەملەرگە
ئوخشاپ قالامدۇق؟ تىلىمىزنىڭ يىلتىزى بىرىككەن ئا-
ساسىتىكى يەرلىك دىيالېكتىمىزغا سىڭىپ كەتكەن ئۆزگىچە
شۇۋىلىرىمىزدىن بالقىپ تۇرىدىغان مەدەنىيىتىمىزنىڭ رەڭ-
دارلىقى نەدە قالىدۇ؟ ھېلىمۇ تارىختىن بۇيانقى تەكرار يې-
ڭىلىنىشلار، ئالمىشىشلار كۆپ خىل دىن ۋە مەدەنىيەت
مۇھىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كەلگەن تىلىمىزنى ھېچنېمە
قىلىۋېتەلمەپتۇ، مانا بۇ شۇۋە پەرقىدىكى ئەۋزەللىكتىن ئە-
مەسمۇ!؟ كوئېنلۇن باغرىدىكى بىر ئۇيغۇرنىڭ گېپىنى
ئالتاي ئېتەكلىرىدىكى قېرىندىشىمىز بىمالال چۈشىنەلەيدۇ.

دېمەك، تارىخ ئۆزىنى ھەرقانچە پەردازلىسىمۇ، يەنىلا تەكلىماكاننىڭ باغرىنى مەھكەم قۇچاقلاپ ياتقان توغراقلارنىڭ گىرەلەشكەن يىلتىزلىرىنى يوشۇرۇپ قالالمايدۇ. قەدىم-قەدىمدىن داۋاملىشىپ كەلگەن روھىمىزدىكى گۈزەللىكنى يۇيۇۋېتەلمەيدۇ...

يېڭى تونۇشتۇرۇشلار باشلانغاندىن كېيىن يېڭى ئىسىملارغا ئىگە بولدۇق. ۋۇ مۇدىر بىزگە ئۆچمىزنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلىرىنى ئۇلارغا بولغان ھۆرمەت، ئىشەنچ ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن تونۇشتۇردى. ئەلۋەتتە، بىزنىمۇ نۆۋىتىدە قەدىمىي دىيار كۇچادىن كەلگەن ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋەكىللىرى، ئۇلاردىن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك تەرەپلەرنى چوقۇم ئۆگىنىمىز دېيىشنىمۇ ئۇنتۇمىدى...

قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە نەچچە قېتىم 茹老师 دەپ ئاتالغىنىم ئېسىمدە يوق، لېكىن ئېسىمدە قالغىنى يېڭى ئىسمىم ئاتا قىلىنغان مۇرەككەپ بىر خىل تۇيغۇ، ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ئەسەرلىرىنى ۋەتىنىمىزنىڭ مۇشۇ تۇپرىقىدا، مۇشۇ يەرچە نامىدا يېزىپ ئۆتكەن كۇماراجىۋا، سۇجۇپ، فاخۇي... قاتارلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ تولىمۇ يىراقتا قالغان غۇۋا سىماسى كۆز ئالدىمدا زاھىر بولدى.

كەچلىك تاماقتىن يېنىپ بەشىمىز بۇ يېڭى ماكاندىكى تۇنجى خىزمەت قەدىمىمىز ھەققىدە قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق:

— ۋۇ مۇدىر تولىمۇ كىچىك پېئىل ئادەمكەن، ئەمەل كىبىرى يوق، ئوقۇتقۇچىلارغىمۇ شۇنداق ئوچۇق-يورۇق، يۇمۇرلۇق گەپ قىلىدىكەن، ئىشچى-خىزمەتچىلەر بىلەن باراۋەر مۇئامىلىدە بىللە خىزمەت ئىشلەيدىكەن. ئاشۇنداق بولسىمۇ ئوخشاشلا ھۆرمەت تۆرىدىكى مۇدىر بولىدىكەنغۇ!؟

— ۋۇ مۇدىر بىزنىڭ ئادەتلىرىمىز ھەققىدە تەپسىلىي سوراپ، ئۆرپ-ئادەتلەرگە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشنىڭ بىر خىل ئەخلاق ئىكەنلىكىنى دەپ ئۆتتى. ئۇ ئادەمنىڭ كىچىك پېئىللىقىغا ۋە نەزەر دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىگە قاراپ ئادەمنىڭ ئادىمىيلىك قىممىتى ۋە «ئادەمنى ئاساس قىلىش»تىن ئىبارەت بۇ ئېسىل گەپنىڭ ماھىيىتىگە يېتەلمەيۋاتقان كىشىلەر كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ.

— يۇ مۇئەللىم كېرىيەدە خىزمەت بىلەن بىر يىل تۇرغانىكەن، ئۆزى تۇرغان مەكتەپتىكى بىر نەچچە ئوقۇغۇچىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ماختاپ كەتتى. «ئۇ يەردە دائىم توپا ياغىدۇ، تۇرمۇش جاپالىق، لېكىن ئۇ يەردىكى ئادەملەر ئىنتايىن قەيسەر، ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست، سىرتتىن كەلگەنلەرگە بارىنى تۆكۈپ بېرىشكە تەييار تۇرىدۇ...» دەپ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي تەرىپلەپ كەتتى.

— مېنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇمنىڭ قىزغىنلىقىدىن تەسىرلىنىپ نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي قالدىم، توڭلاپ كېتىسەن دەپ قىشلىق كىيىملىرىمنىڭمۇ غېمىنى قىلىپ كەتتى.

— ئىشقىلىپ ئوقۇتقۇچىلار ناھايىتى سەممىمىي، ئاددىي-ساددا ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئۆچىسىغا قاراپ كۆزۈمگە ئىشىنەلمەي قالدىم...

— ...

بىزنىڭ بۇ يەردە دېيىشكەن گەپلىرىمىز ھەرگىز چىشىنىڭ ئېقىنى كۆرستىپ قويسا خۇدىمىزنى يوقىتىپ ئېرىپ كەتكەنلىكتىن ياكى زىيادە ھاياجاندىن ئېيتىلىۋاتقان گەپ بولماستىن، بەلكى ئۆزىمىزگە خاس تەپەككۇرغا، ئۆزىمىزنىڭ ئەركىگە، ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچكە، ئادىمىيلىكىمىزنىڭ ئىززەتلىنىشىگە بولغان ئىنتىلىشىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. مائارىپىمىزدىكى بىزنى بۇرۇقتۇم قىلىۋاتقان نۇرغۇن مەسىلىلەر ۋە ئادەملەر ھەققىدىكى ئىزتىراپلىق ئويلىرىمىزنىڭ تۈگۈمى ئىدى.

2

بۈگۈن تۇنجى قېتىم يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇم تاڭ مۇئەللىمنىڭ «بورانقۇش قوشىقى» دېگەن دەرسىنى ئاڭلىدىم. كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش بويىچە لايىھەلەنگەن دەرس تولىمۇ جانلىق تەييارلانغانىدى. گوركىينىڭ بۇ ئەسىرىنى بەك ياقتۇرغانلىقىم، ئۆزۈممۇ مۇنبەردە تۇرۇپ نەچچە قېتىم ئۆتكەنلىكىم ئۈچۈنمۇ، تاڭ مۇئەللىمنىڭ يېقىملىق ئاۋازىغا مەپتۇن بولۇپ دەرسنىڭ ئىچىگە كىرىپلا كەتكەندىم. ئىنتوناتسىيە بىلەن ئېيتىلغان ھەر بىر سۆز مېنى ئاي يورۇقىدا كىتاب ئوقۇۋاتقان گوركىينىڭ يېنىغا، ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ تۈرلۈك ئوي-پىكىرلەر، سوئاللار كېزىپ يۈرگەن كۆزلىرىگە باشلاپ كېتەتتى...

مەن ئىشخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلىغان سىنىپتىكى باللارنىڭ روھىي ھالىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. 45 نەپەر ئوقۇغۇچىسى بولغان سىنىپ ئادەمگە

خېلىلا ئازادە تۇيغۇ بېرەتتى. ھەر بىر ئوقۇغۇچى ئۈچۈن ئايرىم ئورۇن تەييارلانغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ چىرايىدىن بىر خىل مەغرۇرلۇق، جۇشقۇنلۇق ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. مۇئەللىمنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا تولىمۇ پەس ئاۋازدا بەرگەن جاۋابىغا قاراپ، باللار ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تولىمۇ تۆۋەن ۋە يۇمشاق ئاۋازدا سۆزلىشىنى ئۆلگە قىلغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. تولۇقسىز 2-يىللىقتا ئوقۇۋاتقان بۇ باللارنى تولۇق ئوتتۇردا ئۆزۈم دەرس ئۆتكەن باللىرىم بىلەن ۋە تولۇقسىز 2-يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن، 2010-يىلى 4-ئايدا مائارىپ نەشرىياتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن قاراماي بارغاندا قاراماي شەھەرلىك 2-ئوتتۇرا مەكتەپتىكى تولۇق 2-يىللىقنىڭ بىز دەرس ئاڭلىغان سىنىپىدىكى باللار بىلەن، شۇنداقلا خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان باللارنىڭ روھىي كەيپىياتى بىلەن سېلىشتۇردۇم. يەنە ئۆزۈمنىڭ بۇ يىل تولۇقسىز 3-يىللىقنى پۈتتۈرىدىغان ئوغلۇم بىلەن سېلىشتۇردۇم. باللىرىمىزدا قانداقتۇ بىر نېمە كەمدەكلا ھېس قىلدىم، ئىختىيارسىز يۈرىكىم ئېچىشتى. بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ئالامەتلەرنى بايقايمەن، بۇنى بىر نېمە دېمەك تەس، لېكىن بۇ باللارنىڭ روھىي كەيپىياتى شۇنداق ئازادە، ئەركىن، مەغرۇر، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە مۇشۇ سائەتلىك دەرستىن باشقا ۋە ئۆزىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوقتەكلا بىلىنىدى. ئۇلارنىڭ شۇ تۇرقىنى مېنىڭ ئاتا-ئانىسى بىلەن تەڭ تۇرمۇشنىڭ غېمىنى يەپ، كىچىك تۇرۇپلا نان غېمىگە پېتىپ كېتىۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىم بىلەن سېلىشتۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم، يەنە بىر سىنىپقا دەرس ئاڭلىغىلى كىرگەن خانىمىمۇ ماڭا ئوخشاش تەسراتتا چىققانىدى.

شۇ تاپتا كۆز ئالدىمغا يەنە بىر سىنىپتا تىقما-تىقماق بولۇپ 60-65 كىچە قىستىلىشىپ ئولتۇرغان، دەرسخانىدىكى چىرايىدىن بېپەرۋالىق، بىزارلىق، ئۇيقۇسىراش ۋە تۈرلۈك تەشۋىشلىك ئالامەتلەر چىقىپ تۇرغان ئوماق، سەبىي باللىرىمىز كەلدى. ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويماي تۇرۇپلا تورخانىلارغا، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقخانىلارغا ۋە نەشىگە ئۆگىنىپ قېلىۋاتقان بىر قىسىم ئوغۇللىرىمىز ۋە بىلىپ-بىلمەي ئىشرەتخانىلارغا پېتىپ قېلىۋاتقان بىر قىسىم قىزلىرىمىزنى ئويلاپ تىترەپ كەتتىم، كۆزلىرىمگە ياش كەلدى. ئۆزىمىزنى كەمسىتىدىغان، يېغىرىمىزنى تاتىلايدىغان، چاۋىمىزنى چىتقا يايىدىغان گەپلەرنى دېسەم بولمايدىغانلىقىنى بىلىمەن، لېكىن بۇ ئەمەلىيەتنى دەۋالمىسام بولمايدىغانلىقىنى تېخىمۇ بىلىپ تۇرۇپتىمەن...

سېلىشتۇرما خىياللار دەرسخانىدىكى «بورانقۇش قوشىقى» ئىنئام قىلغان تاتلىق تۇيغۇلىرىمنى ئاللىقاياقلارغا ئېلىپ كەتكەندى.

3

ھەش-پەش دېگۈچە بۇ يەرگە كەلگىلىمۇ ئىككى ھەپتىدىن ئېشىپ قاپتۇ. مەكتەپتىكىلەر بېجىرىپ بەرگەن ئاپتوبۇس كارتىسى بىلەن ئالتە بېكەت يولدا كۈنىدە تۆت ۋاخ قاتناش جەريانىدا نىڭبولۇقلارنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشلىرى، كىيىنىش ئادەتلىرى، گەپ-سۆزلىرى ھامان بىزنىڭ دىققەت نەزەرىمىزدە ئىدى. «شاڭخەيدىكى چوڭ بايلار، ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى نىڭبولۇقلار» دېگەنىدى بىزگە ۋۇ مۇدىر پەخىرلىنىپ تۇرۇپ. چىرايىدىن بىر خىل مۇلايىملىق، سىپايىلىق چىقىپ تۇرغان بۇ ئادەملەر بىزگە ھەر نەپەس ۋاقىت بىلەن بەسلىشىپ ياشاۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. 100 ئادەمگە قارىسىڭىز ئۇلارنىڭ ئۇچىسى ئوخشاپ قالغان كىيىمنى تاپقىلى بولمايتتى، ھەممىسى شۇنداق ئاددىي، لېكىن پاسونىدىن تارتىپ سۈپىتىگىچە ھەر خىل. بىز تۇرۇۋاتقان مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار شۇنداق ئاددىي كىيىنىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىساق، 2-ئوتتۇرىدىكىلەرنىڭمۇ تەسراتى ئوخشاش ئىدى. «2-ئوتتۇرا مەكتەپتىكى بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار كىيگەن بەزى كىيىملەرنى بىزنىڭ بەزى دېھقانلىرىمىزمۇ ھال تارتىپ تۇرۇپ كىيىدۇ ياكى كىيمەيدۇ، سىرتتا ئۇچراپ قالسا، ئۇلارنى بىز ھەرگىز ئوقۇتقۇچى دەپ ئويلىمىغىدەكمىز...» ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاددىي-ساددىلىقى ھەققىدە ئېيتىلغان بۇ گەپ ھەرگىز بىكار ئەمەس ئىدى.

ھەر بىر ئىش كاللىمىزغا تەسىر قىلغاندا ئىختىيارسىز ھالدا سېغىنىش ۋە ئەپسۇسلىنىش بىلەن مەھەللە-كويلىرىمىزنى، كوچا-رەستىلىرىمىزنى ئەسكە ئالىمىز. يېقىنقى ئون يىللاردىن بۇيان بىزدىمۇ سەھنىلەردە، تېلېۋىزورلاردا، مەتبۇئاتلاردا ۋە نەچچە ئادەم يىغىلغان سورۇنلاردا بىزدىكى توي-چايلاردىكى ھەشەمەتچىلىك ۋە شۆھرەتپەرەسلىك ھەققىدە ئوخشاش بولمىغان مۇلاھىزىلەر ئوتتۇرىغا قويۇ-

لۇپ، نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم رېئال مەسىلىلىرىمىز ئۇستى-
دە كىشىلەر ئويلىنىشقا دەۋەت قىلىنىپ كەلدى. بۇنىڭ
تۆرتكىسىدە ئېگىز ئويغىنىشقا باشلىغان ئادەملەر نۇرغۇن
ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتتى، ئەرلىرىمىزنىڭ توي- چايلاردا
هاراق- شارابنى زورلاش ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى،
قايسىدۇ بىر ئەرلەرنىڭ ئارقا- ئارقىدىن هاراق تاشلىغانلى-
قىنى، رېستوران قىزغىنلىقىنىڭ يالقۇنلۇق تەپتىنىڭ ئاستا
سوۋۇشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى... ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمىز.
لېكىن بىز ئاڭلاشقا ئىنتىزار بولغان بىر قىسىم مەسىلىلەر
يەنىلا شۇ هالىتىدە تۇرۇۋاتقاندەك تۇيغۇ بەرمەكتە. بولۇپ-
مۇ كىتاب ئوقۇش ۋە ئىلىمگە بولغان قىزغىنلىق هەققىدى-
كى گەپلەر، ئاياللارنىڭ كىيىمگە بولغان ئىشتىياقى بىلەن
ئۆي جابدۇشتىكى تېز سۈرئەتلىك مۇسابىقە هەققىدە بىرەر
قېتىممۇ ئۈمىدسىز گەپلەرنى ئاڭلىغىنىمىز يوق. يېقىنقى
نەچچە يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر كىيىم- كېچەك كارخانىلى-
رىنىڭ سۈيۈنەرلىك تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئەرلەرنىڭ
كىيىم- كېچەككە بولغان ئېهتىياجىنىڭ ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقى-
نى، مەخسۇس ئەرلەرنىڭ كىيىم- كېچەكلىرى سېتىلىدىغان
دۇكانلارنىڭ سان ۋە سۈپەت جەهەتتە بۇرۇنقىدىن نەچچە
هەسسە كۆپىيىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. دۇرۇس، بىزنىڭ كىيىم-
كېچەك مەدەنىيىتىمىز ئەزەلدىن تەرەققىي قىلغان، خەلقىمىز
تارىختىن بۇيان يۇرۇش- تۇرۇشقا ئالاهىدە ئەهمىيەت
بېرىپ كەلگەن. يەنە كېلىپ هەركىم ئەجرىگە لايىق
يەيدۇ، ئىچىدۇ، كىيىدۇ... لېكىن مەسىلە ئاشۇ كۈندە بىر
يەڭگۈشلىنىپ تۇرىدىغان قىممەت باهالىق كىيىم- كېچەك-
لەرنىڭ ئىچىدىكى روھ، كۆزلەردىكى مۆكۈشكە ئالدىراۋات-
قان تەشۋىش ۋە خۇنۇكلۇك، چىرايلاردىكى غەم ۋە قېيى-
داشلار ئارىلىشىپ كەتكەن بۇرۇقتۇرمىلىق، لەۋلەردىكى
سۇنئىي كۈلكىلەر... بۇنىڭ سەۋەبى نېمىدۇر؟

بۇ يەردە يەنە بىر نەرسە مېنىڭ دىققىتىمنى ئالاهىدە
تارتتى، ئۇ بولسىمۇ بۇ يەردىكىلەرنىڭ قاتناش قورالى.
نىڭبودا شەخسىي ماشىنىلار ئالاهىدە كۆپ بولسا كېرەك.
ئادەتتە مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ما-
شىنىسى باردەك تۇيغۇ بېرىدىكەن، ئاياللارمۇ ئوخشاشلا
ماشىنىغا ئادەتلىنىپ كەتكەندەكلا، كىرا ماشىنىلىرى ئانچە
كۆپ ئەمەسكەن، ئاساسلىق قاتناش قورالى كوچا ئاپتوبۇ-
سى ئىكەن. يول- يوللاردىكى بېكەتلەردە قايسى نومۇر-
لۇق ماشىنىنىڭ سائەت نەچچىدىن نەچچىگىچە ئىشلەيدىغى-
نى ئېنىق ئەسكەرتىپ يېزىپ قويۇلىدىكەن، شۇڭا خېلىلا
كەچ بولغاندىمۇ يولۇچىلارنىڭ ئاز ياكى كۆپ بولۇشىدىن
قەتئىينەزەر ئوخشاشلا ئاپتوبۇس ئۈزۈلۈپ قالمايدىكەن.
ئاپتوبۇسلاردا ئېغىر بوي ئاياللارغا، قېرى- ئاجىزلارغا، با-
لىلىقلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىش ئاز ساندا ئۇچراپ قال-
غاننى هېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسەن يېشى سەل چوڭلارنى
كۆرگەندە دەرهال ئورۇن بوشىتىپ بېرىش ئەهۋالى ئۇچ-
رىمايدىكەن. بۇ ئەهۋال مېنى سەل هەيران قالدۇرغان
بولسىمۇ، يەنىلا بۇنى چوڭلارنىڭ ساغلاملىقىغا بولغان ئە-
شەنچتىن ئوخشايدۇ، دەپ چۈشەندىم. بىزنىڭ مەكتەپ ۋە
ئائىلىلەردە بالىلار تەربىيەسىدە ئەهمىيەت بېرىپ كېلىۋات-
قان چوڭلارنى هۆرمەتلەش هەققىدىكى تەربىيەنىڭ مۇهىم-
لىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر هېس قىلغاندەك بولدۇم ۋە ئاشۇن-
داق ئېسىل تەرەپلىرىمىزنى ئويلاپ ئىختىيارسىز ئۆزۈمنى
يەنىلا بەختىيار هېس قىلدىم، گەرچە بىزدە بۇ بىر ئەنئەنى-
ۋى ئەخلاق نۇقتىسىدىن ئەجدادلارنى ئۇلۇغلاش تەربىيە-
سى بولسىمۇ، نىڭبولۇقلارغا نىسبەتەن، يەنە ئۇلاردىكى
ئۆز ئورنىنى بىسەۋەبتىن بىسەۋەب باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ
بېرىشنى بىر خىل ئەخمىقانىلىك ياكى مۇستەقىل خاراكتېرد-
نىڭ ئاجىزلىقى دەپ قارىشىدىنمىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم.
نىڭبولۇقلارنىڭ شاڭخەيدەك دۇنياۋى شەهەرلەردە قەد
كۆتۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم ئورنىنى بوشىتىپ بېرىشنى
ئەمەس، ئورۇنغا، ئىمتىيازغا ئېرىشىش ئىستىكىنىڭ كىچى-
كىدىن چوڭغىچە سىڭگەن پىسخىكىسىمىكىن دەپمۇ ئويلى-
دىم.

ئەسلىدە مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم شەخسلەرنىڭ ئەڭ
مۇهىم قاتناش ۋاستىسى بولغان توكلۇق ۋېلسىپىت ئىدى.
بىز ۋېلسىپىت يولىدا ۋە پىيادىلەر يولىدا شىددەت بىلەن
ماڭىدىغان توكلۇق ۋېلسىپىتلارنى خېلى كۆزىتىپ باقتۇق.
بۇ يەردىكىلەر ئاساسەن دېگۈدەك كىچىك تىپتىكى توكلۇق
ۋېلسىپىتلەرنى ئىشلىتىدىكەن، يەنە كېلىپ بۇ ۋېلسىپىتلەر-
نىڭ كۆپ قىسمى ئىشلىتىلگىنىگە ئون يىللاردىن ئارتۇق
بولغاندەك تۇيغۇ بېرىدىكەن. شۇنداق پاكىز بىر شەهەردە
هېلىلا ئالغاندەك كۆرۈنىدىغان توكلۇق ۋېلسىپىتلەرنىڭ
بولماسلىقى هەرگىز نامراتلىقتىن بولمىسا كېرەك. مۇشۇن-
داق چاغدا بىز يەنىلا ئۆزئارا ئۆزىمىز ئىشلەتكەن توكلۇق

ۋېلسىپىتلەر، ئىشلەتكەن مۇددىتىمىز، ئۇ يەردە «مودا»
بولۇپ تۇرىدىغان شەكىللىرى ھەققىدە سۆزلىشىپ قالىمىز.
بىز بىر ـ ئىككى يىل، ئېشىپ كەتسە ئۈچ يىل ئىشلىتىپ
نەگە تاشلىۋېتىشنى، نەگە سېتىۋېتىشنى بىلمەي كاللا قاتۇ-
رىمىز. يەنە كېلىپ ھازىر بىز ئىشلىتىدىغان توكلۇق ۋېلـ-
سىپىتلەر بىر ـ بىرىدىن ئېسىل، چوڭ، كۆركەم؛ ئەركە بالـ-
لىرىمىز كوچىلاردا مۇزىكىسىنى بولۇشىچە قويۇۋېلىپ ئۇچ-
قاندەك چېپىپ يۈرىدىغان ئالاھىدە چوڭ بولغان توكلۇق
ۋېلسىپىتلىرىمىزمۇ كۆپىيىپ كەتتى. بۇ يەردىكىلەر ئەتىۋار-
لاپ كۈندە تۆت ۋاخ قاتنايدىغان ۋېلسىپىتلەرنىڭ بەزىلـ-
رىنى بىزگە بىكارغا بەرسىمۇ ئىشلەتمەيمىز ھەقەچان.
بىزگە بىر قارىماققا ئاشۇنداق نامراتلىق تۇيغۇسى بېرىدـ-
غان ئاشۇ نىگىبولۇقلارغا ئىنچىكىلەپ قارىساقلا بىر قېتىمـ-
لىق تەبەسسۇمنىڭمۇ ئىقتىسادىي قىممىتىنى ئويلىشىدىغان
بۇ يەرلىكلەرنىڭ ئۆتمۈش بىلەن ئەتىنىڭ گىرەلەشكەن
نۇقتىسىدا مەغرۇر تۇرۇپ تۇتام ـ تۇتام پۇللارنى ساياھەتـ-
كە، مائارىپقا، تىنچ ـ خاتىرجەم تۇرمۇشقا... خەجلەۋاتقانلىـ-
قىنى بايقايمىز.

4

مەن بۇ يەردە ھەر كۈنى بەدەن چېنىقتۇرۇشقا ئادەتـ-
لەنگەنىدىم، چېنىقىش داۋامىدا بەزىدە بىر ياشانغان ئايال
بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالاتتىم. بۈگۈن ئەتىگەنلىك چېنىقىشتا
ئۇ موماي بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇنى كۆرۈپلا
يۈزلىرىم چىمىلداپ كەتتى. «سەن بەك غەيرەتلىك ئىكەنـ-
سەن، بۇ يەردە باشقا بالىلارمۇ جىقكەن، لېكىن ھېچقايسىـ-
سىنىڭ سېنىڭدەك تۈزۈكرەك چېنىققىنىنى كۆرمىدىم» دېـ-
گەنىدى ئۇ بىر قېتىم. كۈندە چېنىقىشقا چىققاندا ئىللىق سا-
لاملىشىپ قويىدىغان، يېشى 70 لەردىن ھالقىغان بۇ موماي
يەڭگىل، چاققان ھەرىكەت قىلاتتى. مېنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن
چىقمىغانلىقىمنى كۆرۈپ «مېنىمۇ موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سا-
مانلىققىچە بوپتۇ دەپ قالمىغاندۇ؟» مەن ھەرىكەت قىلغاچ
ئۇ مومايغا نەزەر سالدىم، ئۇ پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئۆز
ئىشىغا مەشغۇل بولغاندەك قىلاتتى. مەن يەنە توپ ـ توپ
بىلەن ياكى بىر ـ ئىككىدىن بولۇپ پەي تـوپ ئويناۋاتقان،
يۈگۈرۈۋاتقان، مېڭىۋاتقان، ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى ئىشـ-
لەۋاتقان بۇ ئادەملەرگە قايتىدىن نەزەر سالدىم. ئۇلارمۇ
ئوخشاشلا ئۆزىدىن باشقا جىمى نەرسىلەرنى نەزەردىن
ساقىت قىلغاندەك ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشلىرى بىلەن
مەشغۇل ئىدى. مەن شۇ چاغدا ئابدۇلئەھەد ئابدۇلرەشىد
بەرقىنىڭ 2010 ـ يىلى كۈچاغا مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدا-
رىسىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۈچ كۈنلۈك كۇرسقا تەكلىپ
بىلەن لېكسىيە سۆزلىگىلى كەلگەندە ئېيتقان بىر سۆزىنى
ئەسكە ئالدىم. «بىر ئىشنى ئىزچىل قىلىپ بېرىڭ، چوقۇم
نەتىجىسىنى كۆرىسىز». ئويلاپ باقسام، بىز نۇرغۇن نەر-
سىلەرگە قىزىقىدىكەنمىز، لېكىن كۆپىنچە ھاللاردا ئىزچىلـ-
لىقنىڭ بولماسلىقى سەۋەبىدىن ئاشۇ چەكسىز قىزىقىشلىرىـ-
مىز ئىچىدە قايمۇقۇپ قېلىپ، بىرەر نەرسىگە بولغان قىزىـ-
قىشىمىزنى ئاخىرغىچە ئىزچىللىققا ئىگە قىلالماي، ئاخىرىدا
تاغدەك ئارمانلىرىمىزنىڭ بىرىنىمۇ يورۇقلۇققا چىقىرالماي
ئەپسۇسلۇق ئىچىدە ئېۋىمىزنى چىشلەپ تەقدىرىدىن ئاغرى-
نىدىكەنمىز. ئەقىل بىلەن ئىش قىلىشنى تەكىتلەپ تۇرىدـ-
كەنمىزيۇ، لېكىن ھەمىشە ئەقلىي مەسىلىلەر بىلەن ھېسسىي
مەسىلىلەرنى ئارىلاشتۇرۇۋېلىپ، يا ئەقلىنىڭ يېتەكچىلىكـ-
نى ئېتىراپ قىلماي، يا ئىنسانىي تۇيغۇلىرىمىزغا ھۆرمەت
قىلماي ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز قىيناپ، بىھۇدە ئازاب چېكىدـ-
كەنمىز، ئاخىرىدا ئاشۇ ئازابلىرىمىزنى مەدھىيەلەپ جەمئى-
يەتلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ باقىدىكەنمىز. ئويلاپ باقسا
مەنمۇ ئۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەسكەنمەن. ئىختىيارسىز سە-
تېندالنىڭ «قىزىل ۋە قارا» دېگەن رومانىدىكى سوت مەيـ-
دانىنى، ۋىكتور ھيۇگونىڭ «خارلانغانلار»غا قاراپ تۇ-
رۇلگەن قوشۇمىسىنى، مارتىن لۇتىركىڭنىڭ «مېنىڭ غا-
يەم»نى سۆزلەۋاتقاندىكى كەسكىن قول ئىشارىسىنى، ئامېـ-
رىكىنىڭ بۈگۈنى ئۈچۈن ھېسابسىز رىيازەتلەرنى تارتقان
فىرانكلىننىڭ مۇشەققەتلىك كۈنلىرىنى، 40 كۈن دېڭىزدا
يۈرۈپ ئاخىرىدا بېلىقنىڭ سۆڭەكلىرىنى سۆرەپ قىرغاققا
ئاران ئۇلاشقان ساندىياگ بوۋاينىڭ قاتتىق كارىۋاتتا سو-
زۇلۇپ ياتقىنىغا قاراپ ئېچىنغان ھېمىڭۋاينىڭ ياش قاپلىـ-
غان كۆزلىرىنى... كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. كۆز ئالدىمدا
يېيىلىپ ياتقان بۇ بوشلۇقتا نۇرغۇن نەرسىلەر قاپسىلىپ
قالغاندەك مېنى قىينىماقتا ئىدى.

«ئۆزۈم ئىشلەيمەن، ئۆزۈم...» ئەمدىلا ئۈچ ـ تۆت
ياشلارغا كىرگەن كىچىككىنە قىزچاقنىڭ جاھىللىق بىلەن
دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ قولىنى ئىتتىرىپ تۇرۇپ «پۈت
ھەرىكىتى ئىشلەيدىغان» ئۈسكۈنىگە ئېسىلىپ چىقىپ

قىلغان تاتلىق ھەرىكەتلىرى يەنە ئىختىيارسىز دىققىتىمنى تارتتى. بىر ئايغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان كۈندە سەھەردە بۇ مەيداندا مەن كۆرگەنلەر ئىچىدە ئاتا-ئانىسى بىلەن تەڭ «چېنىقىدىغان» ئۇ قىزچاقمۇ بار ئىدى.

— بۇ مەكتەپكە چېنىققىلى كىرىدىغانلار ئاساسەن سىرتتىن كىرىدىكەن، ئۇلارنىڭ چېنىقىشقا بولغان قىزغىنلىقىدىن ھاياتقا بولغان مۇھەببىتى، ئىشەنچى ئۇرغۇپ تۇرىدىكەن، 90 ياشلىق مومايلارنىڭ ياشلاردەك ھەرىكەت قىلىشىدىن بەك تەسىرلەندىم. بىز بولساق 60 تىن ئاشقاندىن كېيىنلا ئۆزىمىز بىلەن ئۆزىمىز بۇرۇقتۇرما بولۇپ ھاياتقا قېيداپ قالىمىز.

— شۇنداق، شۇڭا بىز بۇ يەردە سېمىز ئادەملەرنى كۆپ ئۇچرىتالمىدۇق، بازارغا بارساقمۇ چوڭ نومۇرلۇق كىيىملەرنى ئاسانلىقچە تاپقىلى بولمايدىكەن، ئۇلار ساغلاملىققا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدىكەن، ساغلاملىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئاسانلىقچە دوختۇرخانىدا يېتىپمۇ قالمايدىكەن، ئۈچ ۋاخ گۈرۈچ تامىقى يەپمۇ ئۆت كېسىلى بولىدىغانلارنىڭ نىسبىتى يۇقىرى ئەمەس ئىكەن. بۇلارغا قارىغاندا بىز ھاياتقا بەكمۇ ئېتىبارسىز قارايدىكەنمىز، سۇ كەلگۈچە توغان تۇتمايدىكەنمىز، تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئىشلەيدىكەنمىز، يىغىدىكەنمىز، چېنىقىشقا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىنىڭ ئۈستىگە يېمەك-ئىچمەككە دىققەت قىلماي ئاخىرىدا بىراقلا قان بېسىم، شېكەر كېسەل (دىيابېت)، يۈرەك كېسەل، راك... دېگەندەك تۈرلۈك كېسەللەر بىلەن بىراقلا يېتىپ تاپقان-تەرگىنىمىزنى داۋالىنىش بىلەن تۈگىتىدىكەنمىز.

— بىزدە ئەزەلدىن چېنىقىش دەپ ئاتالمىغنى بىلەن بۇلارنىڭ ھازىرقى چېنىقىشلىرىغا ئوخشاش تۈرلۈك پائالىيەتلەر بولغان، ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئات ئۈستىدىن تارتىپ ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىغىچە كۈندىلىك تۇرمۇش ئادەتلىرىدە ھەرىكەت بىلەن يېمەك-ئىچمەكنى ئىلمىي ھالدا ماسلاشتۇرۇپ ماڭغان. ئۇ ئېسىل ئادەتلىرىمىزمۇ بىز يوقاتقان نۇرغۇن قىممەتلىرىمىز قاتارىدا بىزدىن يىراقلىشىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئورنىنى ھېلىقىدەك كېسەللەر ئىگىلىۋاتىدۇ.

— بۇ يەردە نومۇرى بىزگە ماس كېلىدىغان كىيىم-كېچەكلەرنىڭ بولماسلىقى سېمىزلەرنىڭ بولماسلىقى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالماي يەنە بىزنىڭ تەن قۇرۇلۇشىمىزنىڭ ئالاھىدە ئىكەنلىكى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. بىزنىڭ ئۆزىمىزدىن خۇش بولۇشقا تېگىشلىك يەرلىرىمىز كۆپ جۇمۇ، لېكىن ھازىر قارىساق، مەكتەپلىرىمىزدىكى باللار بارغانسېرى كىچىكلەپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ تەن ساپايىمىزنىڭ تۆۋەنلەپ بارغىنىدىنمۇ قانداق!؟

— شۇنداق، تەن ساپاسىمۇ بىر بايلىق. بىز بۇ بايلىقنىمۇ ئوخشاشلا قەدىرلىمەيۋاتىمىز.

— ...

چېنىقىشقا چىققان ھەمراھلىرىم بىلەن چېنىقىۋاتقانلارغا قاراپ، يەنە بىر قېتىم تەسىراتلىرىمىزنى قىزغىن بايان قىلىشتۇق. قارىغاندا ھەممىمىز ئۆزىمىز ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقاندەك ئىدۇق. ھەر قېتىم ئاشۇنداق ئېغىر خىياللارغا بېرىلگەندە مېھرى ئىسسىق مەھەللە-كويلىرىمىز كۆزىمىزگە باشقىچە يېقىملىق، مۇڭلۇق كۆرۈنۈپ كېتەتتى، بۇ يەردىكى سۈنئىي كۆلدەكلا كۆرۈنىدىغان، دەل-دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدە ئاپياق، ھال، قىزىل ئېچىلىپ كېتىدىغان چىرايلىق گۈللەر، تال-تال بامبۇكلار، قەۋەت-قەۋەت شەكىلدە قىرقىپ پەرۋىش قىلىنىۋاتقان مەنزىرە گۈللىرى، ياپيېشىل چىملىقلار، ئالتۇن بېلىقلار ئۈزۈپ يۈرىدىغان شىپاگىلىق كۆل... قاتارلىقلار ھەممىسى بىزنىڭ قۇياش نۇرى بالقىپ تۇرىدىغان يۇرتىمىزغا بولغان سېغىنچىمىزنى باسالايدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

5

كۈنلەر بىر-بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتمەكتە. ۋاقىت تولىمۇ ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك قىلغان بىلەن ئەمەلىيەتتە بىزنى قىلماقچى بولغان، لېكىن قىلىپ بولالمايۋاتقان ئىشلىرىمىزنىڭ تەشۋىشلىرى بىلەن قىستىماقتا ئىدى.

بۈگۈن بىز مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئالاقىلىشىپ بېرىشى ۋە يۇ مۇئەللىمنىڭ يول باشلىشى بىلەن نىڭبو شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە باردۇق. مەكتەپ ئالدىغا بىزنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن چىققان مۇئەللىم بىزگە مەكتەپنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. بۇ مەكتەپ 1898-يىلى قۇرۇلۇپ، سۈن جۇڭشەنگە ئوخشاش زاتلارنىڭ ئۇلۇغ قەدەملىرىگە مەشئەل بولغان بۇ مەكتەپ 2008-يىلدىن باشلاپ مەخسۇس تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ ئۆزگەرگەن. 2009-يىلدىن باشلاپ شىنجاڭدىن ئىمتىھان

بەرگەن بالىلارنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان، بىز يېڭى زالى، مەكتەپ كۆرگەزمىخانىسى، قىرائەتخانا، ئوقۇغۇچىلار ياتىقى، ئوقۇغۇچىلار مۇسۇلمانچە ئاشخانىسى ۋە مەكتەپ ئىچىنى كۆرۈش ئارقىلىق، دەريا ساھىلىغا جايلاشقان بۇ مەكتەپنىڭ ئورۇن ۋە شارائىتى جەھەتتىن شىنجاڭدىكى بەزى ئالىي مەكتەپلەردىن ياخشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق. ئوقۇغۇچىلارنىڭ قومۇل ۋە تۇرپاندىن كەلگەن ئىككى نەپەر يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى بىزگە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىدا كۆرۈلگەن ۋە كۆرۈلىدىغان مەسىلىلەر توغرىسىدا چۈشەنچە بەردى. بىز مۇسۇلمانلار ئاشخانىسىنىڭ تاماق ئېتىدىغان خانىلىرىنى ئۈچتۈرپانلىق ئاشپەز يىگىتنىڭ باشلىشى بىلەن بىر قۇر كۆرۈپ چىقتۇق. كۆزىمىزگە تولىمۇ ئىسسىق كۆرۈنگەن بۇ يىگىت بىزنىڭ ئۆزىگە بولغان چەكسىز ئىشەنچىمىز ۋە ئۈمىدىمىزنى قويۇپ كەتكەنلىكىمىزنى بىلمەيتتى. بۇ مەكتەپتە مېنى ئەڭ خۇشال قىلغان نەرسە مەكتەپ قىرائەتخانىسىدا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى گېزىت-ژۇرناللارنىڭ قويۇلغىنى ئىدى.

باشقا ئۆلكىلەردىكى مەكتەپلەردىمۇ مۇشۇنداق شارائىتلار بارمىدۇ؟ ئاتا-ئانىسىدىن كىچىكلا ئايرىلىپ، مۇستەقىل ياشاشقا ئادەتلىنىۋاتقان بۇ بالىلار باش كۆتۈرمەي ئۆگىنىشتىن باشقا يەنە نېمىلەرنى ئويلايدىغاندۇ؟ شۇ چاغدا بېيجىڭدىكى بىر تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ياتاقدىشىغا تېلېفوندا ئېيتقان گەپلىرى ئېسىمگە كەلدى: «مەن كوچىدىكى ساۋاقداشلىرىمغا تېلېفون قىلىپ نېمە قىلىۋاتىسىلەر دېسەم، ئۇلار قاچانلا بولسا ئۇخلاۋاتىمىز، ئويناۋاتىمىز دەيدۇ. ئىمتىھان ۋاقتىدىمۇ ئۇلارنىڭ گېپى ئوخشاش. بىز بۇ يەردە ئۆگەنگەنچە يېتىشىپ بولالماي شۇنداق جىددىي ئۆتۈۋاتىمىز، تېخىمۇ ياخشى ئۆگەنمىسەك بولمايدىغانلىقنى كۈندىن-كۈنگە ھېس قىلىۋاتىمىز. ئۇ ساۋاقداشلىرىمنىڭ نېمە ئويلايدىغانلىقىنى ھېچ چۈشىنەلمەيۋاتىمەن...» مانا بۇ باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىزنى ئوخشاش مۇھىتتا ئوقۇغان، ھازىر بولسا خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوخشاش ياش، ئوخشاش يىللىقتىكى بالىلارنىڭ بۈگۈنكى دەۋردىكى كەسكىن رىقابەتكە، ئۆگىنىشكە تۇتقان پوزىتسىيەسى.

باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىزنى پۈتكۈزگەن بالىلار ئۈچۈن ئېچىلغان ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭ سىنىپلىرى ھەققىدە ھازىرغىچە ئوخشىمىغان قاراشلار بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا كۆپچىلىك ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى بۇ مەكتەپتە ئوقۇتالىغىنى ئۈچۈن پەخىرلىنىپ كەلمەكتە. بالىلارنىڭ نەزەرىدىمۇ ئاشۇ مەكتەپلەردە ئوقۇش بارغانسېرى بىر گۈزەل غايىگە ئايلانماقتا. ئۇلارنىڭ بۇ غايىسى ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە غەمخورلۇقى بىلەن يولغا قويۇلغان بۇ خىل تەربىيەلەش شەكلى ئارقىلىق بالىلىرىنى ئاز خىراجەت بىلەن ئوقۇتۇۋېلىش ئۈچۈنمىدۇ ياكى مۇستەقىل تۇرمۇشقا بالدۇرراق ئادەتلەندۇرۇشنى مەقسەت قىلىش ئۈچۈنمىدۇ ۋە ياكى بالىلىرىنى بۈگۈنكى دەۋردىكى كەسكىن رىقابەتكە تاقابىل تۇرالايدىغان ئىمكانغا ئىگە قىلىش ئۈچۈنمىدۇ؟... كۆپىنچە ھاللاردا بۇرنىمىزنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈپ ئادەتلەنگەن تەبىئىتىمىزگە كۆرە مەن ئاتا-ئانىلار بىلەن بالىلارنىڭ ئالىمدە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئوي-خىياللىرىنى كېزىپ چىقتىم...

بىز بۇ مەكتەپتىن ئايرىلغاندىن كېيىن دۆلىتىمىزنىڭ پەن-تېخنىكا ساھەسىدە بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولغان 88 نەپەر نىڭبولۇق ئاكادېمىكنىڭ ئابىدىسى تۇرغۇزۇلغان مەيدانغا كېلىپ خاتىرە سۈرەتكە چۈشتۇق. بۇ يەردە ھەر بىر ئېغىز گېپىدە يۇرتىدىن ۋە نىڭبولۇقلاردىن پەخىرلىنىپ تۇرىدىغان ۋۇ مۇدىرغا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ ئىناقلىقىدىكى بىر يوشۇرۇن قۇدرەتنى كۆرگەندەك بولدۇق. يەر كۆلىمى جەھەتتە كوچا ناھىيە ئىچىنىڭ كۆلىمىگىمۇ يەتمەيدىغان، بايلىق دېسە خەلقئارادا ئۆلچەملىك نام بىلەن ئاتىلىۋاتقان قېزىلما بايلىقلارنىڭ كۆپ قىسمى تېپىلغاندىن سىرت، ئوتلاق بايلىقى، ئورمان بايلىقى ۋە تۈرلۈك ئېنېرگىيە بايلىقلىرى مول بولغان شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى نىڭبودىن ئىبارەت بىر شەھەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ بولغىلى بولمايتتى. سانائەتنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغانلىقى سەۋەبلىك تەرەققىيات جەھەتتىكى پەرقنىڭ چوڭلۇقى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلاتتى. مەن نىڭبولۇق ئاكادېمىكلارنىڭ ئابىدىسى ئارىسىدا تۇرۇپ، تەكلىماكاننىڭ باغرىدا ئالتۇن كالىغا مىنىپ ئولتۇرۇپ قۇتقۇزۇش پۇلىنى كۈتۈپ ياشاۋاتقان، بالىلىرىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە تېخى نېمىلەرنى ئويلىنىش زۆرۈرلۈكىنىمۇ ھېس قىلىپ بولالمايۋاتقان دېھقانلىرىمىزنى؛ رېستوران ۋە ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقخانا

ئېچىپ تاپقان پۇللىرىنى بىر كېچىدىلا ئۇتتۇرۇۋېتىپ قاق سەنەم بولۇپ كەتكەن بىر قىسىم بايلىرىمىزنى؛ جەمئىيەتتىن، مائارىپنىڭ قاتماللىقىدىن، تۈگىمەس شەكىلۋازلىقلاردىن، بيۇروكرات مەكتەپ مۇدىرلىرىدىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بوشاڭلىقىدىن، ئاتا - ئانىلارنىڭ بىغەملىكىدىن ئاغرىنىپ سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ مېڭىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقان بىر قىسىم پىداكار ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنى؛ ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن يا دېھقان بولالماي، يا تىجارەتنى قاملاشتۇرالماي، ئۈمىدسىزلىكتىن ھەر خىل ناتوغرا يوللارغا كىرىپ كېتىۋاتقان بالىلىرىمىزنى؛ مىڭ ئارمانلار بىلەن چەت ئەللەرگىچە ئوقۇپ كېلىپ، تېگىشلىك ئورنىنى تېپىپ بولالماي، ھەسرەت يۇتۇپ سىرتلارغا ئېقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇۋاتقان ئىختىساس ئىگىلىرىمىزنى؛ سۈكۈت ئىچىدە ئۆزىنى ئۇنتۇپ كېتىۋاتقان زىيالىيلىرىمىزنى... نۇرغۇن، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىدىم. مەن يەنە خوتەنگە ئورنىتىلغان دېھقان ھەيكىلىنى، قىزىل مىڭئۆيگە ئورنىتىلغان كۇماراجىۋانىڭ ھەيكىلىنى، كۇچانىڭ مەدەنىيەت مەيدانىغا ئورنىتىلغان سۇجۇپىنىڭ ھەيكىلىنى ۋە خەلق مەيدانىغا ئورنىتىلغان نىساخان ئانىنىڭ ھەيكىلىنى، ئاتۇشتىكى ئاكا - ئۇكا مۇسابايوفلارنىڭ ھەيكىلىنى... ئويلىدىم. ناھىيەمىزدىكى قايسىدۇر بىر مەكتەپكە ئورنىتىلغان، كېيىن «ئوقۇشماسلىق» سەۋەبىدىن بۇزدۇرۇۋېتىلگەن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تېخى مەن كۆرۈشكە ئۈلگۈرمىگەن ھەيكىلىنى ئويلاپ كۆزلىرىمگە ياش كەلدى... كۆز ئالدىمدا تۇرغان ئاشۇ 88 نەپەر ئابىدىنىڭ ئاراشلىرىدىن چىقىپ ئويلىرىمدا كېچىۋاتقان نۇرغۇن ئىشلار، ئادەملەر ۋە ئارمانلار مېنى ئۆزۈمگە بارغانسېرى يېقىنلاشتۇرماقتا ئىدى.

قۇياش غەربكە سۇرۇلۇشكە باشلىغاندا بىزگە نۇرغۇن پىكىرلەرنى ئاتا قىلغان بۇ ئاكادېمىكلار مەيدانىدىن ئايرىلىپ، نىڭبودىكى بىردىنبىر چەت ئەل مەكتىپى بولغان نوتتىڭخام ئۇنىۋېرسىتېتى (诺丁汉大学) گە قاراپ ماڭدۇق.

مەن مەكتەپنىڭ ئالدىغا كېلىپلا، ئابدۇقادىر جالالىدىن مۇئەللىمنىڭ «ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا» تىلغا ئالغان ياپونىيەدىكى « JAIST» مەكتىپى بىلەن ئەسئەت سۇلايمان «ئۆزلۈك ۋە كىملىك»تە تىلغا ئالغان شىۋېتسىيەدىكى بىر نەچچە ئۇنىۋېرسىتېتنى ئەسكە ئالدىم. دەرۋازا قويۇلمىغان، ھېچقانداق بىر توسالغۇ بولمىغان ئەنگلىيە باشقۇرۇشىدىكى بۇ مەكتەپنىڭ كىرىش ئىشىكى ھەقىقەتەن دۆلىتىمىزدىكى مەن كۆرگەن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ دەرۋازىسىغا ئوخشىمايتتى. ئىسسىق بىر ئېقىم تومۇرۇمدا دولقۇنلاپ مەكتەپكە كىرىشكە ئىنتىلدىم. بىز يول بويىغىلا سېلىنغان تىزىملىتىش ئورنىغا تىزىملاتقاندىن كېيىن مەكتەپ ئىچىگە كىردۇق. مەكتەپنىڭ كۆلىمى خېلىلا چوڭ ئىدى، دەل - دەرەخلەر، چىملىقلار، بىنالارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى تولىمۇ ئۆزگىچە ئىدى. بىزنىڭ بالىلىرىمىزمۇ مۇشۇنداق مەكتەپلەردە ئوقۇسا ھە! چەكسىز ئارمان بىلەن ئېيتىلغان بۇ گەپلەر بىلەن تەڭ يەنىلا كۆڭلىدە سۆيلەپ تۇرمىسا مۇئەللىم تاپشۇرۇق بەرمىدى، دەپ دەپتەر - قەلەمدىن قاچىدىغان پەرزەنتلىرىمىز، قەلبىدىكى غېرىبلىق ۋە ئېچىرقاش بارغانسېرى چوڭىيىپ كېتىۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىمىز، بەرگەن خۇشاللىقى بىلەن ئەمەس، سۇر ھەيۋىسى، مەجبۇرلاش كۈچى بىلەن بارغانسېرى بالىلارنىڭ قەلبىدىن يىراقلاپ كېتىۋاتقان مەكتەپلىرىمىز... يادىمىزغا يەتكەندە قانداقتۇر بىر مەسئۇلىيەت ئالدىدا ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلالماي ۋىجدان ئازابى تارتىۋاتقان گۇناھكارلاردەك بىربىرىمىزگە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قاراشتۇق.

قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەن توردىن «نوتتىڭخام ئۇنىۋېرسىتېتى (诺丁汉大学) ھەققىدە تەپسىلىي ئۇچۇرلارغا ئىگە بولدۇم ۋە ئۇلارنىڭ ئىلىم ئىگىلىرىگە بولغان كۆيۈنۈشىنى ھەمدە ئۇچۇرچىلىققا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم. مەملىكىتىمىزدە قۇرۇلغان تور بەتلەرنىڭ كۆپلۈكىگە ياندىش ھالدا پەقەت نىڭبونىڭ مەھەللىلىرىنى، يېڭى ئىختىرالىرىنى، سىرتتىكى يېڭىلىقلارنى يەتكۈزۈش، تارقىتىشنى ئاساسىي نىشان قىلغان ھەر خىل خاراكتېردىكى 40 مىڭدىن ئارتۇق تور بەتنىڭ قۇرغۇچىلىرى دەل نىڭبو شەھىرىدە ئىكەنلىكىنى بىلگىنىمدە ھەقىقەتەن ھەيران قالماي تۇرالمىدىم.

مېنىڭمۇ ئىنتايىن گۈزەل ئارمانلىرىم بولىدىغان بالىلىقىمدا. دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە، ماددىيىتىمىزگە تەسىر قىلىۋاتقان ئامىللارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بىزنىڭ مەنىۋى دۇنيارىمىزمۇ ماس ھالدا ئۆزگىرىپ بارىدىكەن. ئارزۇلىرىمىز ھەرقانچە تاتلىق بولسىمۇ، بىزنى قىستاپ تۇرغان ماددىي موھتاجلىق سەۋەبىدىن بىز نۇرغۇن نەرسىلەردىن ۋاز كې-

چىدىكەنمىز ۋە ئاستا-ئاستا بىزنى قاڭقىر قاقشاتقان ئاشۇ
ماددىيەت ئالدىدا باش ئېگىشكە مەجبۇر بولىدىكەنمىز.
ئاشۇ ماددىي موھتاجلىق بىلەن مەنىۋى تەقەززالىقنىڭ ئا-
رىلىقىدا بىزنىڭ قىممىتىمىزنى بىردىنبىر بارلىققا ئىگە قىلى-
دىغان نەرسە ئەقىدە ۋە ئىخلاس بولۇپ، ئۇنىڭ تېرەن
ۋە تېيىزلىقى بىزنىڭ ماددىيەت ئالدىدىكى قۇللىقىمىزنىڭ
دەرىجىسىنى بەلگىلەيدىكەن. قورسىقى ئاچ، بىر قاچا تا-
ماققا زار بولۇپ ئولتۇرغان بىر ئىلمخۇمار بىچارىگە ئو-
غۇزخان، مەھمۇد كاشغەرىي، نەۋايى ھەققىدە ئەڭ تەسىر-
لىك ھېكايە ئېيتىپ بەرسەڭمۇ، ئۇنىڭ كۆزىگە ئاشۇ ئۇلۇغ با-
ھادىرلار، ئەللامىلەر ئەمەس، ناۋاي ئۇستام كۆرۈنۈشى
مۇمكىن. بىر بۈيۈك كىتاب، بىر پارچە شېئىر ئەمەس، ئالقان-
چىلىك بىر پارچە نان، بىر تاۋاق ئاش كۆرۈنۈشى مۇمكىن.

نېمبو شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، ئاكادېمىك-
لار مەيداندىكى ئابىدىلەر ۋە «نوتتىڭھام» ماڭا مائارىپ
ئۈچۈن ئىقتىسادنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى، مائارىپىمىزغا
سېلىنىۋاتقان مەبلەغنىڭ بىزدە تېخى ئىقتىسادىي ئۈنۈم يا-
رىتىش باسقۇچىغا يەتمىگەنلىكىنى، مائارىپىمىزنىڭ قاتتىق
دېتال قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخى ھېچقانچە مەبلەغ سېلىنمە-
غانلىقىنى ئۈستىگە يۇمشاق دېتال قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش،
مائارىپ بايلىقىنى قېزىش ئىشلىرىنىڭ تېخى ئەمەلىيەتتىن
بەكمۇ يىراقتا ۋە بوز ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى؛ شۇڭا
چېچەن، ئەقىللىق باللىرىمىزنىڭ توغرا، ئىلمىي يېتەكلە-
نىشكە ئېرىشەلمەيلا قالماستىن، ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچە-
دىلا كۆپ قىسمىنىڭ ئۆزىگە، مەكتەپكە، ئاتا-ئانىسىغا،
جەمئىيەتكە بولغان ئىشەنچىنى يوقىتىپ قويۇپ ھېمىڭۋاي
ھەسرەت بىلەن ئېيتقان «گاڭگىرىغان بىر ئەۋلادلار»نىڭ
تۈركۈملەپ مەيدانغا كېلىۋاتقانلىقىنى ۋە بىر مەزگىل داۋام-
لىق شۇنداق داۋاملىشىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرغاندەك
بولدى. كىچىكىدىن قەپەس ئىچىدە چوڭ بولغان قۇش
كۆپكۆك ئاسماننىڭ تولىمۇ گۈزەل ۋە يېقىملىقلىقىنى ھېس
قىلالمىغاندەك، بىر خىل تۇرغۇن ۋە قاتمال مائارىپ مۇ-
ھىتىدا ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار ۋە
تەجرىبە قىلىنىۋاتقان باللىرىمىز يېتەكچىلىك خاراكتېرىدى-
كى ئوقۇتۇشنى ئاساس قىلغان بۇ يەردىكى بىر قىسىم ئو-
قۇتۇش تەرتىپلىرى ۋە ئامېرىكا، ياپونىيە، گېرمانىيە، فى-
رانسىيە... قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ مائارىپ جەريانىدىكى
ئۆزگىچىلىكلەرنى قوبۇل قىلالماسلىقى، ھېس قىلالماسلىقى
مۇمكىن.

مەن ئاشۇنداق خىياللار بىلەن تولۇقسىز 3-يىللىقتا
ئوقۇۋاتقان ئوغلۇمنى ئەسلىدىم. پەقەت ئوقۇمىسا كەلگۈ-
سىدە ياخشى ياشىيالمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر بېسىمنىڭ
تۈرتكىسى بىلەن بويىنىدىن باغلىغاندەك مەكتەپكە بارىدى-
غان ئوغلۇم مەكتەپتىن تولىمۇ روھسىز، ئۈمىدسىز قايتىپ
كېلىدۇ. ئۇنىڭ ھاشاراتلارنى، مىس، تۆمۈر سىملارنى
نەچچە خىل سۇيۇقلۇققا چىلاپ تەجرىبە قىلىدىغان،
تۈرلۈك ئويۇنچۇقلارنى ياساپ ئوينايدىغان قىزىقىشلىرىمۇ
بارغانسېرى ئۇنىڭدىن ياتلىشىپ كەتكەن. ئۇنىڭ قورۇقىدى-
كى تەڭتۇشلىرىنىڭ ھەممىسى خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇغان،
ئۇ باللار ھېچبولمىغاندا مۇشۇ ئارتۇقچىلىقى بىلەن؛ ئاتا-
ئانىلىرى بولسا بىر غېمىنىڭ ئازىيىپ، ئاشۇ باللىرىنىڭ
كەلگۈسىدە ئىستىقباللىنىڭ بولىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچى
بىلەن مەغرۇر. كىچىك ئوغلۇمنىڭ دەردىمۇ ئۇنىڭدىن قې-
لىشمايدۇ، باشلانغۇچنىڭ 3-يىللىقىغا چىققان بالا دائىم
سوئال تەلىپىنى تازا ئېنىق ئاڭقىرىپ بولالمىغان ئىمتىھان
سوئاللىرىغا يېتەرلىك جاۋاب بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن بالى-
لىقىنى نەچچە كۈنگىچە ئۇنتۇپ قالىدۇ. بۇ ھەرگىز مېنىڭ
بالامنىڭلا گېپى ئەمەس، بولمىسا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئىش-
لەيدىغان ھېلىقى ساۋاقدىشىم: «ئوقۇتقۇچى بولۇشتىن
ئەمدى زېرىكتىم، بۇ 5-يىللىققا چىققان باللار يا ئۆزىنىڭ
ئىسمىدىن باشقىنى بىلمىگەن، يا ئانا تىلىدا ئۆز ئىسمىنى
راۋان يازالمىغان، ئامالسىز ساۋادىمۇ بولسا چىقىپ قالسۇن
دەپ ئۇيغۇرچە خەت كۆچۈرتىۋاتىمەن، ئاشۇ باللارنىڭ
ئالدىدا گۇناھكار بولۇشتىن قورقىمەن، شۇڭا ئەمدى ئىش-
لىگۈم يوق...» دېمەس ئىدى. «مايسىنى تارتىپ ئۆستۈ-
رۈش»نىڭ نەتىجىسى پاجىئە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئىقتىسا-
دى يار بېرىدىغان ئاز سانلىقلار باللىرىنى مەركىزىي شە-
ھەرلەردىكى نۇقتىلىق مەكتەپلەرگە ئاپىرىپ ئوقۇتۇۋاتىدۇ،
يەنە بىر قىسىملار بارلىق ئامالار بىلەن پەرزەنتلىرىنى
كەلگۈسىدە ياخشى ئورۇنغا لايىق تەربىيەلەشنىڭ غېمىدە،
لېكىن قالغان كۆپچىلىك باللارچۇ؟... «ئىشلىيەلىسەڭ
ئىشلە، بولمىسا ئورنۇڭغا ئادەم بار» دېگەن بېسىم كۈندە
دېگۈدەك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پېشانىسىگە تېگىپ تۇرغان-
دەك، «ياشىيالىغۇدەك بولساڭ ياشا، بولمىسا ئورنۇڭغا

ئادەم بار...» دېگەن خىرىسلارمۇ پۇل قايىنىمدا، ۋاقىتنىڭ ئۇچقۇر ئاياغلىرىدا تەمتىرەپ قېلىۋاتقان ئادەملەر ئارىسىدىكى بىچارە قەلبىنى بارغانسېرى قۇرۇقداپ بېرىۋاتىدۇ، ھەسرەت يۇتقۇزۇۋاتىدۇ، غېرىبلىق كوچىسىغا ئىتتىرىۋاتىدۇ. ئاتا-ئانىسى يوق بالىلار تۇغۇل بارلىرىنىڭمۇ دەردى يېتىپ ئاشىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ مەن نېمىشقا دائىم مۇشۇنداق كۆڭۈلسىز، چۈشكۈن تەرەپلەرنى ئويلاپ قالىدىغاندىمەن؟... ھارغىن خىياللار ئىچىدە پىچىرلىدىم: كەچۈرۈڭلار ئوغۇللىرىم! كەچۈرۈڭلار قەلبى باھار پەسلىگە ئىنتىزار بولۇپ ئۆتۈۋاتقان كۆچەتلىرىم!... مەن زارلانماسلىققا نىيەت قىلغان، لېكىن مەن مۇشۇنداق ياخشى شارائىتلاردا بىزگە كەم بولۇۋاتقان نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلمەي يەنە ئىختىيارسىز قاقشاپ سىلىۋاتىمەن.

بۈگۈن مەن كۆرگەن، ئويلىغان، پىكىر قاتناشتۇرغان، ئارمان قىلغان بارلىق نەرسىلەر ئەتە بولماسلىقى مۇمكىن. لېكىن مېنىڭ تۇيغۇلىرىمنى ئويغاتقان، مېنى ئۆزىگە چىللاۋاتقان، يالقۇنلۇق نەپەسلىرى بىلەن قەدەملىرىمگە خەيرلىك تىلەۋاتقان بىر مۇھەببەت ئەڭ قىزغىن ئۈمىدتە ئەتەمدە تېخىمۇ يارقىن قۇرلارنى قالدۇرۇشۇمغا مەدەت بېرىدۇ. شۇڭا مەن ئويقۇ ئالدىدا بۈگۈنگە بولغان مۇھەببەت بىلەن ئەتىنىڭ قوينىغا مەردانە قەدەم تاشلىدىم.

6

بۈگۈندىن باشلاپ نىڭبوغا شىنجاڭ ۋە چىڭخەيدىن كەلگەن 18 نەپەر ئوقۇتقۇچىغا ئۈچ كۈنلۈك لېكسىيە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مائارىپ، كىتاب ئوقۇش ۋە ئوقۇتۇشتىكى تۈرلۈك مەسىلىلەر ھەققىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۈچ كۈنلۈك لېكسىيە ناھايىتى زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، كۈندە ئىككىدىن ئوقۇتقۇچى لېكسىيە سۆزلىدى. ئالدىنقى بىر يېرىم كۈنلۈك لېكسىيە تولىمۇ ياخشى بولدى، بىزمۇ قىزغىن ئىشتىياق بىلەن ئاڭلىدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىنكى لېكسىيەلەر مېنى ئاستا-ئاستا دەرسخانىدىن يەنىلا بالىلىرىمنىڭ دۇنياسىغا — مۇنبەرگە باشلاپ كەتتى.

ھېلىمۇ چىدايدىكەن بىچارە بالىلار، 45 مىنۇت كىچىك بالىلارغا مۇنتىزىم ئولتۇرۇش ئاسانمۇ؟ مەن قانچىلىك بىزار قىلغان بولغىيتتىم بالىلارنى!؟ تۈنۈگۈنكى دەرستەك ياخشى ئۆتۈلسىمۇ خۇددى بىزگە بىلىنمىگەندەك بىردەمدە ئۆتۈپ كېتەر، لېكىن مۇشۇنداق ئۆتۈلسىچۇ؟

بىز چوڭلار تۇرۇپ چىدىماي ئامالسىز ئولتۇرۇۋاتىمىز. مۇشۇنداق زېرىكىشلىك دەرسلەر مەكتەپلىرىمىزدە نۇرغۇن. مەن بىر ئوقۇغۇچى سۈپىتىدە تىنىپ كەتكەن ئارمانلىرىمنى تۆكۈشكە باشلىدىم. بىزگە باشلانغۇچ مەكتەپلەردىمۇ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردىمۇ، ھەتتا ئالىي مەكتەپلەردىمۇ مۇشۇنداق زېرىكىش ۋە بىزارلىق ئىچىدە دەرس ئاڭلايدىغان ئىش خۇددى نورماللىقتەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالغان. مەن نېمە ئۈچۈن ھەر بىر مەكتەپ باسقۇچىدىكى ئوقۇتقۇچىلىرىمدىن بىر نەچچىنىلا ئېسىمدە مەھكەم ساقلاپ قەلب تۆرۈمدىن چۈشۈرمەيمەن؟ چۈنكى ئۇلارنىڭ ئېتىقاد ۋە مۇھەببىتى تومۇرلىرىمغا سىڭىپ كەتكەن. مەنلا ئەمەس قەلبىدە مۇھەببەتنى ھېس قىلالايدىغان بالىلارنىڭ ھەممىسىدىلا مۇشۇنداق تۇيغۇ بولىدۇ دەپ قارايمەن. لېكىن مەكتەپلەردە ئوقۇش زۆرۈر بولغان كىتابلارنىڭ كۆپلۈكى، بوخچىلىرىمىزنىڭ يوغانلىقىغا باقماي بىزگە يۈرىكىمىزدىن چىقمىغۇدەك، قېنىمىزغا ئىسسىق ئۆتكۈدەك دەرس بېرىدىغانلار بەكمۇ ئاز، بەكمۇ ئاز. بىزمۇ چەت ئەللەردىكى مەكتەپلەردىكىدەك تاللاپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولساق، ئۆزىمىزنىڭ قايسى ئىلىمنى نېمە سەۋەبتىن ئۆگىنىدىغانلىقىمىزنى بىلىۋالساق، ئۇستازلىرىمىزمۇ يۈرىكىدىن چىقىرىپ تۇرۇپ دەرس سۆزلىسە، چوقۇمكى ئۇ دەرس ۋە ئوقۇتقۇچى ئېسىمىزدىن ھەرگىز چىقمايدۇ. نېمە ئۈچۈن ھەممە دەرسلەر مۇشۇنداق ئۆتۈلمەيدىغاندۇ دەپ ئارمان قىلىمىز، ئاخىرىدا بەش بارمىقىمىزغا قاراش بىلەن ئۆزىمىزنى بەزلەيمىز. ئاق كۆڭۈللۈكىمىز سەۋەبلىك بولۇپ تۇرىدىغان بۇنداق كۆڭۈل ئاياشلىرىمىزدىن بولغان زىيانلار تارىختىن بۇيان تۈگىمەپتىكەن، يەنە قانچىلىك داۋام قىلار؟!... تۈنۈگۈن مۇنبەرگە تېزرەك قايتقۇم، بالىلىرىمغا دەرس ئۆتكۈم كېلىپ كەتكەنىدى. ھاياجان ئىچىدە: «مەڭگۈ مۇنبەردىن ئايرىلماي» دەپ ئويلىغانىدىم. بۈگۈنكى لېكسىيەنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ مېنىڭ بالىلىرىممۇ مەندەك ئۈمىدسىزلىنىپ قالارمۇ، دەپ ئۇ قىزغىنلىقىمدىن يالتىيىپ قالدىم. قارىغاندا مەسئۇلىيەت ئىككى شەكىلدىن ماھىيەتكە ئۆتمىسە، مائارىپ بالىلىرىمىزنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن گۆركار بولۇپ قالامدۇ قانداق!؟ مەن خىيالىمدىن چۆچۈپ كەتتىم.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)



«مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىراتىدىكىلەر







# «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ئۇيغۇرچە نۇسخىسى يازغۇچى، تەرجىمانلارنىڭ ئەسەر تۈزىتىش كۇرسى 9 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى

«مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ئۇيغۇرچە نۇسخىسى تەسىس قىلىنغاندىن بۇيان مۇقىم، ساغلام تەرەققىي قىلىپ، ھازىرغا قەدەر دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى داڭلىق يازغۇچىلارنىڭ 300 ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق نادىر ئەسىرىنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ ۋە بېيجىڭدىكى 100دىن ئارتۇق تەرجىمان ۋە يازغۇچى تەرجىمە خىزمىتىگە ئۆزلىكىدىن قىزغىنلىق بىلەن قاتناشتى.

«مىللەتلەر ئەدەبىياتى» جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى باشقۇرىشىدىكى جۇڭگو يازغۇچىلار نەشرىياتى باش بولۇپ تەسىس قىلغان دۆلەت دەرىجىلىك ئەدەبىي مەتبۇئات. خەنزۇچە نۇسخىسى 1981 - يىلى نەشر قىلىنىشقا باشلىغان، 2009 - يىلى «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى نەشر قىلىنىشقا باشلىغاندىن بېرى ژۇرنال تەھرىراتىنىڭ تەرەققىياتى شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى رەھبەرلىرى ۋە ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللاپ، ياردەم بېرىشىگە ئېرىشىپ كەلدى.

«مىللەتلەر ئەدەبىياتى»نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى ۋە تەرجىمانلىرىنى تەربىيەلەش ۋە ياردەم بېرىش، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، مىللەتلەر ئەدەبىياتى ژۇرنال تەھرىراتى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ئۇيغۇرچە نۇسخىسى يازغۇچى، تەرجىمانلارنىڭ ئەسەر تۈزىتىش كۇرسى ئاچتى ۋە بىرقانچە داڭلىق يازغۇچى، تەرجىمان تەكلىپ بىلەن دەرس ئۆتتى. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ھەرقايسى تەرجىمان - يازغۇچىلىرىمىزنىڭ تەرجىمە سەۋىيىتى ۋە ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بۇنىڭدىن كېيىن يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ياردىمى بولغۇسى.

— ئۆز خەۋىرىمىز



مېھىر ـ مۇھەببەتكە تولغان دۇنيا    ئابلىز ئابدۇللا فوتوسى


《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2013 ـ يىلى 6 ـ سان (ئومۇمىي 324 ـ سان)
(قوش ئايلىق ئومۇمىي ئەدەبىي ژۇرنال)

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008-6498
国内统一刊号：CN65-1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地 址：乌鲁木齐市文化路28号井源办公大楼7楼
邮 编：830002 电话：（0991）2856942
印 刷：《新疆日报》印务中心
发 行：乌鲁木齐市邮局
订 阅：全国各地邮局

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008-6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65-1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب
ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھى)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى مەدەنىيەت يولى 28 ـ نومۇرجىڭيۈەن خىزمەت بىناسى 7. قەۋەت
پوچتا نومۇرى: 830002    تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

邮发代号：58-22 定价：6.00元
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 ـ 58    باھاسى: 6.00 يۈەن